# تارىم

4

AltunOq

1989



شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيەت ئۈستىدە.



شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە.



شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ بېيجىڭدە داۋالىنىۋاتقاندا يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ۋاڭ مېڭ ئۇنى يوقلىدى.



شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئىسمايىل ئەھمەت ۋە توختى سابىر بىلەن بىللە.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

4

1989

39-يىل نەشرى


## بۇ ساندا

نۇرمۇھەممەت توختى

### ئاجايىپ كەسىپ

ئۇنىڭ ئالدىدا شېغىل توپىلىق تاشيول يېيىلىپ ياتاتتى. يول! بۇمۇ يولمۇ؟ ھېچقانداق يولدىن پەرقلەنمەيدىغان، يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ بارىدىغان يول. تار ۋە ئويمان - چوڭقۇرلۇقىنى، توپىلىق ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇمۇ ئوخشاشلا مەنزىلگە ئېلىپ بارالايدۇ. كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ.

* * *

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

### پىچىرلايدۇ يۈرىكىم

شائىرنىڭ قەلبىدەك سەزگۈر ئاھۇلار،
چېپىشار تاغ تامان بۇلاق ئىزدىشىپ.
كۆللەردىن كۆللەرگە ئۇچقان ئاق قۇۋلار
ئۆتۈشەر ئۈستۈڭدىن نەزەر تاشلىشىپ.

* * *

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

### كۈيلىمىگە ئىشقىۋاز بۇلبۇل

پۈرمە - پۈرمە مايسارەڭ بەرگ
تىترەپ كەتتى سۇندۇلغاندا قول.
يېشىللىققا يەنە سەن غەرق،
ئىسمىڭ نېمە؟
— ياۋا قامچا گۈل.

# بۇستاندا


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ـ نىڭ قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇشى ........................ 5
تېيىپجان ئېلىيوپنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى ........................ 5
ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ۋاپات بولدى ........................ 6


## نەسىرلەر


نۇرمۇھەممەت توختى ........................ ئىككى ھېكايە ........................ 8
مۇھەممەت باغراش ........................ ھايات ۋە مەن (نەسىر) ........................ 40
ئەركىن نۇر ........................ نەسىرلەر ........................ 45
ئەختەم ئۆمەر ........................ قۇرتلاپ كەتكەن كۆل (پوۋېست) ........................ 50


## شېئىرلار


ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ........................ پىچىرلايدۇ يۈرىكىم ........................ 29
ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل ........................ كۆيلىرىمگە ئىشقۋاز بۇلبۇل ........................ 33
توختىمۇھەممەت تۇردى ........................ ياشنايدۇ گۈل ھايات بېغىدا ........................ 34
ئابابەكرى توختى ........................ گۈل ئېيتىدۇ سۆيگۈ قىسسىسى ........................ 37
ئۆمەر مەتنۇرى ........................ يۈرىكىمدىن تامغان قەترىلەر ........................ 37
ئوبۇل ئەزىزى ........................ قېنى، سەنمۇ ئېيتىپ بەر ناخشا ........................ 38
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت ........................ چىللا مېنى سەيلىگە، باھار ........................ 39
ھاپىزجان مۇھەممەت ........................ چۈچۈك مىسرالار ........................ 39
ئوسمانجان ساۋۇت ........................ شېئىرلار ........................ 85
ئەسقەرجان ياسىن ........................ يۇلتۇزلار سۆيگۈدىن تارقىتىدۇ نۇر ........................ 88
ئۆمەرجان كېرىم ........................ يۈرىكىمدە سەنلا بار پەقەت ........................ 90
ئابدۇرشىت بارات ........................ سوئال ........................ 91

ئوسمان قاۋۇل...................... سەن باھارغا ئاشنا بولدۇڭمۇ؟......... 92
ئەخمەتجان ياسىن.................. ئايدىڭدىكى ناخشا ئاۋازى............ 92
ئىمىنجان تۇرسۇن.................. پارچىلار................................ 93
ئىلھامجان ئابلىز.................. خەلقىم مېنىڭ دىگىنىڭدىن چەكسىز........ 126
ئابدۇللا سۇلايمان................. ئۆمۈر يازمىلىرى........................ 129
كېرىمجان سۇلايمان .............. يالغۇز توغراق........................ 131
مۇسا ئەھەت........................ ئىككى شېئىر ........................... 131
مۇختەر داۋۇت ..................... مۇھەببەت................................ 132
مۇھەممەتقاسىم تۇرسۇن ............ رۇبائىي ۋە پارچىلار..................... 132
مۇھەممەترېھىم تۇرسۇن ............ يۇرت كۈيى ............................. 133


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


غۇلام ئەبەيدۇللا
پەيزۇللا ئوسمان ........................ «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ ھەقىقىي مۇئەللىپى ــ مەھمۇد ھېكىمبەگ......... 94


## تەرمە گۈللەر


ئىمام مۇھەممەت........................ كېپەك مەزىن (ھېكايە)..................... 134


## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


يېۋگېنى يېۋتوشىنكو ..................... شېئىردى تەربىيىلىنىش........................ 145


## جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرى


ئەرەب ئەدەبىياتى ........................ 154


رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مۇھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن

* * *

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.


تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بورھانوپ، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

# ئەزدى دىللارنى مۇسبەت، قايغۇ-ئەلەم
# ئەلۋىدا، ئۇستازىمىز-ساھىبقەلەم



تېيىپجان ئېلىيوپ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ

# قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇشى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، پۈتۈن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە تونۇلغان ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ كېسەل بولۇپ قېلىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 23 تىن 55 مىنۇت (ئۈرۈمچى ۋاقتى) ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. ئۇ بۇ يىل 59 ياشتا ئىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.

## تېيىپجان ئېلىيوپنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: ھامىدىن نىياز.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جانابىل، تاڭ داچېڭ، فېڭ داجېن، توختى سابىر.

ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم، جاڭ گۈيتىڭ، چېن شىفۇ، زايىرساۋدانوۋ، زۇنۇن قادىرى، سەيپۇل يۈسۈپ، قۇرمانئەلى ئوسپانوۋ، قەييۇم تۇردى، ليۇشاۋۋۇ، ماھىنۇر قاسىم، ماۋدېخۇا، مەھەممەت ئىسمائىل، مەمەت ئىسمائىل، مەھەممەت زۇنۇن، ھاكىم جاپپار، ھۈسەنجان جامى، ۋاڭ يۈخۇ، ئىمىن ئەخمىدى، ياسىن خۇدا بەردى، يۈسۈپ ئەيسا، يۈسۈپ ماماي.

# ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ۋاپات بولدى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، «شەرق ناخشىسى»، «تىنچلىق ناخشىسى»، «تۈگىمەس ناخشا»، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن»، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار»، «باھار ئىلھامى»، «تاللانغان شېئىرلار» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنىڭ ئاپتورى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مول تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ كېسەل بولۇپ قېلىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 23 تىن 55 مىنۇت (ئۈرۈمچى ۋاقتى) ئۆتكەندە بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. ئۇيغۇر خەلقى بىر سۆيۈملۈك ئوغلىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىر ھارماس تۆھپىكارىدىن ئايرىلدى، ھىجران خەنجىرى ئەدەبىياتقا ئاشىق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تىلغىدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، بىر ئوت يۈرەك پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈنمىكىن، ھاۋا تۇتۇق ۋە سوغۇق ئىدى. ئەمما شۇنىڭغا قارىماستىن، شائىرنىڭ ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ھەرساھە، ھەر مىللەتتىن بولغان دوست - بۇرادەرلىرى، تونۇش - بىلىشلىرى بولۇپ 2000 مىڭدىن ئارتۇق كىشى مەرھۇمنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالاشتى. كىشىلەر مەرھۇمنىڭ ياپيېشىل گۈل - گىياھلار ئارىسىدىكى جەسىتىگە قاراپ ئىختىيارسىز ياش تۆكۈشتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، جانابىل، ھامىدىن نىياز، بادەي، قېيۇم باۋۇدۇن، لىياڭ گويىڭ، فېڭ داجېن، خەلچەم ئىسلام، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، لى جيايۈي، زاھىر ساۋدانوۋ، ماھىنۇر قاسىم، چېن شىفۇ، شارشىبېك سىدىق، ئامىنگلىياڭ، ئابدۇرېھىم لېتىپ، تۆربايىر، مەھەممەت ئىسمائىل، تاھىر مەمتېلى، ئىبراھىم روزى قاتارلىق كىشىلەر مەرھۇمنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالاشتى ۋە مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. بېيجىڭدا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان رەئىس تۆمۈر داۋامەت ئالاھىدە تېلېفون بېرىپ، چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە: «يولداش تېيىپجان دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئىدى ئۇ شىنجاڭنىڭ ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىگە بىرمۇنچە شانلىق ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغان، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشقانىدى» دېدى. ئىسمائىل ياسىنوپ، سىدىق مۇسايوپ، قۇسايىن سىيابايوپ قاتارلىق كىشىلەرمۇ مەرھۇمنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالاشتى.

مەرھۇمنىڭ جەسىتى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئۇلانباي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

تېيىپجان ئېلىيوپ بېيجىڭدىكى 301 - دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان كۈنلەردە،

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە مول تۆھپە قوشقان، هارماي-تالماي ئىجاد قىلغان بۇ تالانتلىق شائىر، ۋە پېشقەدەم ئۇستازنى مەركەزدىكى ھەرساھە كىشىلىرى، مەشھۇر ئەربابلار، يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئۇنىڭ بېيجىڭدىكى دوست-بۇرادەرلىرى يوقلاپ تۇردى، ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلىدى، ئالاقىدار تارماقلار ھەممە ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەت، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ مىڭ ھەمدە مەملىكەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ ئۇنى يوقلاپ تۇردى.

تېيىپجان ئېلىيوپ شىنجاڭغا قايتىپ، شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىدا داۋالانغان مەزگىلدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، مۇئاۋىن شۇجى جانابىل، مۇئاۋىن رەئىس تۇختى سابىر قاتارلىقلارمۇ ئۇنى كۆپ قېتىم يوقلىدى ھەمدە ئۇنى داۋالاش، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئىشلىرىغا باشتىن-ئاخىر بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى، مەركەزدىن مەخسۇس جۇڭگوچە داۋالاش مۇتەخەسسىسى تەكلىپ قىلدى.

يولداش سۇڭ خەنلياڭ شائىرنى بىرىنچى قېتىم يوقلىغاندا مۇنداق دېدى: «مەن بېيجىڭدا يولداش ۋاڭ مىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدىم. ئۇ سىزنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى، دېدى. مەن بۇ سۆزدىن ئىنتايىن خۇشاللاندىم. ئەسلىدە، بۇرۇنراق كېلىپ يوقلىسام بولاتتى، خىزمەت سەۋەبىدىن ۋاقتىدا كېلەلمىدىم. ھازىرمۇ يېزىدىن ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە كەلدىم. روھىي كەيپىياتىڭىز ياخشى ئىكەن، خاتىرجەم داۋالىنىڭ. بۇ دوختۇرخانىنىڭ شارائىتى يامان ئەمەس. دورا ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر يېتىشمىسە بېيجىڭدىن ئەكەلدۈرسەك بولىدۇ. خاتىرجەم داۋالىنىڭ.»

يولداش سۇڭ خەنلياڭ شائىرنى ئىككىنچى قېتىم يوقلىغاندا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، تولىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن مۇنداق دېدى: «سىز ئوڭاي تېپىلمايدىغان تالانت ئىگىسى. سىزگە ئوخشاش تالانتلىق كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئاسان ئەمەس. سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىلا ئەمەس، باشقا مىللەت خەلقلىرىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىڭ. ياخشى بولۇپ كېتىسىز. سىز ساقىيىپ، يەنە تېخى كۆپ شېئىرلارنى يازىسىز.»

يولداش تېيىپجان ئېلىيوپ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىگە قىلغان غەمخورلۇقى ئۈستىدە توختالغاندا: «بۇ ماڭىلا ئەمەس، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قىلىنغان غەمخورلۇق. بىز يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنى قوللىشىمىز كېرەك» دېدى.

يولداش تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆزىنى يوقلاپ بارغان دوست-بۇرادەرلىرى، سەپداشلىرى، خىزمەتداشلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە ئەدەبىيات-سەنئەت ھەققىدە قىزغىن پاراڭلاشتى ھەمدە قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بايان قىلدى.

نۇرمۇھەممەت توختى

# ئاجايىپ كەسىپ

(ھېكايە)

قارا چاپان، قارا تەلپەك كىيگەن ياسىن ھوشۇر ئېشەكىنىڭ تۆپىسىدە خۇددى قارا قاغىدەك دۈگدىيىپ ئولتۇرۇپ، ئېشەكنى توختىماي دېۋىتەتتى. ئوڭ قولىغا مەھكەم تۇتۇۋالغان يۇلغۇن تاياق بىلەن ئېشەكنىڭ سۆڭگىگە ۋاسسىدىتىپ ئۇراتتى، تاياقنىڭ ئۇچىنى ئېشەكنىڭ تۇكلۇك بىقىنىغا ھەدەپ سانجىيتتى.

— خىت، خىت، ھو، ئىتنىڭ ھەققى، خىت دەيمەن!

تولا «خىت، خىت» دېۋېرىپ ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتكەن، تولا ئۇرۇپ قوللىرىمۇ ئاغرىپ كەتكەنىدى، ئېشەك بولسا، گويا ئۇنىڭ كايىشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئۇنىڭ ئالدىرىغىنىنى سەزمىگەندەك يەنىلا بىر خىل سۈرئەتتە كېتىپ باراتتى. تاياقنىڭ زەربىسىگە چىدىمىغان چاغلىرىدا، سۆڭگىچىنى تولغاپ، يان تەرەپكە مېڭىپ كېتەتتى-دە، تاشيولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قالاتتى. دولىسىغا تاياق سانجىلغاندا، بېشىنى يادەك ئېگىپ قوياتتى، لېكىن قەدەملىرى تېزلەشمەيتتى. ئۇ خۇددى «ھەر قانچە ئۇرساڭمۇ، مېنىڭ ماڭغىنىم شۇ، ئەمدى بۇ ياشتا كەلگەندە بۇنىڭدىن ئىتتىك ماڭالمايمەن. ئۇرساڭ، ئۇر دېۋەر» دېگەندەك قىلىپ يەنە مۆگدىگەندەك مېڭىشقا باشلايتتى. قارىغاندا ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭدىن ئىتتىك ماڭالمايدىغاندەك ئىدى.

ياسىن ھوشۇر ئېشەكتىن چۈشتى. تولا دېۋىتكەنلىكتىن تېقىملىرى ئېچىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قارا پاختىلىق شىمىنىڭ سىرتىدىن تېقىملىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى. بەللىرىنى رۇسلىدى. قارا ھاڭگا ياسىن ھوشۇر ئۈستىدىن چۈشكەن جايىدىلا توختاپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ھارغاندەك، مۇشۇ يەردە بىردەم دەم ئېلىۋېلىشنى خالىغاندەك ئىدى. ياسىن ھوشۇرنىڭ ئاچچىقى كەلدى: «مۇنۇ ئۆلۈمتۈك بىر-ئىككى قەدەم بولسىمۇ ماڭغاچ تۇرسا بولمامدۇ؟» ئۇ تاياقنى كۆتۈرۈپ ئېشەكنى ئۇرماقچى بولدى، لېكىن ئۇرمىدى. كۆتۈرۈلۈپ بولغان قوللىرىنى ئاستاغىنە چۈشۈرۈۋالدى. ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىدىن ئىتتىرىپ «خىت، خىت» دەپ ھەيدەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا باشلىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېشەككە ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇنى دېمىسىمۇ، بىچارە ئېشەك قېرىپ كەتكەن، بىلىدىن،

پۈتلىرىدىن ماغدۇر قاچقان، قاچاندۇر
بىر چاغلاردا قۇندۇزدەك پارقىراپ تۇرى-
دىغان تۆكلىرىدىن ئەمدى نۇر ئۆچكەن، كۆ-
رۈمسىزلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ياسىن ھو-
شۇرغا ئىشلەۋاتقىنىغا قاي زامانلار بولمىدى
دەيسىز؟ يەتتە يىلمۇ ياكى سەككىز يىلمۇ
ئاۋۋال، ئۇ بۇ ئىشەكنى ئاتمىش يۈەنگە
سېتىۋالغان. شۇ چاغدا ئۇلارنى كېلىشى-
تۈرۈپ قويغان بىردىك: «قېرىپ كېتىپتۇ،
لېكىن ئاتمىش يۈەنگە ئەرزان، يەنە ئىك-
كى - ئۈچ يىل ئىشلىتەلەيسىز» دېگەنىدى.
ئىككى - ئۈچ يىل ئەمەس، يەتتە - سەككىز
يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى قانداقچە
قېرىمىسۇن؟ ئۇ ھەر ھەپتىدە مۇشۇ يول-
دىن كىرىشتە ياسىن ھوشۇرنى، چىقىشتا
ئېغىر ئوتۇننى كۆتۈرۈپ ئۆتىدۇ. يېيىشى
يېرىك سامان. قوناق - بوغۇزغۇ يوق ئە-
مەس، لېكىن ئەمدى ئۇ بوغۇزنى چاي-
نىيالمايدۇ، چىشى يوق. مۇشۇ قىشنى
تىنىچ - ئامان ئۆتكۈزەلەمدۇ ياكى لالما
ئىتلارغا يەم بولامدۇ؟ بۇمۇ نامەلۇم.

لېكىن ياسىن ھوشۇر ئالدىرايتتى.
تاڭ ئاتقىلى نەۋاق. كۈنمۇ چېچىلاي
دەپ قالدى. ئەمدى ئالدىرىمىسا قاچان
ئالدىرايدۇ؟ ئۇ ئەمدى ئالدىرىمىسا بول-
مايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئۇ ھېلىمۇ
باشقىلاردىن كۆپ كېيىن قالدى. باشقى-
لار ماشىنا - تىراكتورلارنى گۈرۈلدىتىپ
يۈرگەن بۇگۈنكى كۈندە، تېخى ئۇنىڭ
ئېشەك ھارۋىسىمۇ يوق. ئەسلىدە ئۇ باش-
قىلاردىن ئۇنچىۋالا كېيىن قېلىپمۇ كەت-
مەيتتى، لېكىن ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەر-
لەپ قويدى. ئۇ چاغدا «ئالدىراشنىڭ ها-
جىتى يوق. يەنە يەتمىشىنچى يىلدىكىدەك
بولىدۇ، يىغقان - تەرگىنىڭنىڭ ھەممى-
سىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.» دەپ ئويى-
لىغانىدى. ھازىر قارىغاندا، ئۇنداق
بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. كىشىلەر
رەڭلىك تىزىلارنى شاراقشىتىپ ساناپ،
موتوتسىكلىتلىرىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈش-
مەمدۇ؟ قارىغاندا، راستىنلا ئۇنداق بول-
مايدىغاندەك تۇرىدۇ. 56 - يىل، 62 - يىل،
70 - يىل يەنە قايتا تەكرارلانمايدىغاندەك
تۇرىدۇ ... ئۇ مانا شۇلارنى ھېس قىلغان-
دىن كېيىن ئالدىراپ قالغانىدى. بو-
لۇپمۇ باشقىلار ساناپ يۈرگەن ھېلىقى
رەڭدار تىزىلار بارغانسېرى ئۇنىڭ كۆز-
لىرىنى قىزارتىپ كېتىپ باراتتى. ياسىن
ھوشۇرنىڭمۇ باشقىلاردەك ئاشۇ «شاراق -
شۇرۇق» لارنى ساناپ باققۇسى، باشقى-
لاردەك روناق تاپقۇسى، ياخشى يەپ -
ياخشى ئىچكۈسى كېلەتتى. ئۇ يېقىندىن
بۇيان بۇرۇنقىدەك يالقاۋلىق قىلىپ
يۈرۈۋەرسە ھال - كۈنىنىڭ تۈزەلمەيدى-
غانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ناھايىتى سەت
بولغىنى شۇكى، كۈزدە ھېلىقى «يېڭى
باي» تۇرسۇن پالۋاش ئۇنىڭغا سەدىقە
ئورنىدا ئىككى يۈز يۈەن ياردەم پۇل
بەردى. ياسىن ھوشۇر تۇرسۇن پالۋاش-
نىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشنىغۇ قىلدى،
لېكىن نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدى. يا-
سىن ھوشۇر كىم؟ تۇرسۇن پالۋاش كىم؟
ھېلىقى يىلى ئىككىسى ئاينىسەنى تالىشىپ
قالغاندا، ئاينىسە كىمنى خالىغانىدى؟
تۇرسۇن پالۋاش ئەل - يۇرت ئالدىدا مات
بولمىغانمىدى؟ راست، ئۇ چاغدا ياسىن
ھوشۇر ئەترەتنى پىرقىرىتىپ يۈرگەنىدى.
ئۇ ھېلىغۇ تۇرسۇن پالۋاش ئىككەن، ئۇ-
نىڭدىن نوچىراقلىرىنىمۇ مات قىلالايتتى.
ئۇنىڭ ياسىن دېگەن ئىسمىمۇ ئەنە شۇ

چاغدا چوڭ كادىرلارنىڭكىدەك ياسىن ھوشۇرغا ئۆزگەرگەنىدى. ئەمدى مانا نېمىلەر بولۇپ كەتتى؟ ئاشۇ كونا «مات» ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىپ يۈرمەمدۇ؟ ھەي، مۇنۇ ئالەمنىڭ تەتۈرلۈكىنى كۆرمەمدىغان! سەدىقە ئالىدىغانغا ياسىن ھوشۇر مىچىت بوسۇغىسىنى ساقلاپ ياتقان ئۆلۈمتۈك موللىمىدى ياكى ئاقساق - چولاق، غېرىب-غۇرۋامىدى؟ ... ياسىن ھوشۇر قاتتىق خىجىل بولدى. خوتۇنى ئاينىسە ۋە ئەل - جامائەت ئالدىدا ئۆلمىدى - يۇ، لېكىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى بولدى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ياسىن ھوشۇر ئالدىرىمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇمۇ بارلىق تەكلىماكان قىرغىقىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئوتۇنچىلىق قىلىشنى، ئوتۇن سېتىپ ئېشەك ھارۋىسى ئېلىشنى، ھارۋا بىلەن ئوتۇن توشۇپ روناق تېپىشنى، ئۆز كۈچى بىلەن تاپقان «شاراق - شۇرۇق» لارنى راھەتلىنىپ ساناپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

لېكىن مۇنۇ ئۆلۈمتۈك قارا ئېشەك نېمىشقا ئالدىرىمايدۇ؟ بوي دېسە تۆگىدەك، سۆلەت دېسە، ھەرقانداق ئۇزۇن قۇلاقتىن قېلىشمايدۇ - يۇ، مېڭىشىنى دېسە، مۈگدىگىنى - مۈگدىگەن. «ھۇ، ئاتىسىنى بىلمەيدىغان لامزەللە، ماڭمامسەن تېزرەك!»

ياسىن ھوشۇر قولىدىكى يۇلغۇن تاياق بىلەن قارا ھاڭگىنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. تۇيۇقسىز زەربىدىن سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن ئېشەك سۆڭگىچىنى تولغاپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قالدى.

مانا شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بەردى. ناسۇس بىلەن پۈركىگەندەك چېچىلغان قويۇق چاڭ - توزان ياسىن ھوشۇرنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇۋالدى. ئۇ ئېشەكنىمۇ، يولنىمۇ، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. پەقەت ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنىلا ئاڭلىدى... چاڭ - توزان شالاڭلاشقاندا ئۇ ئاۋۋال ئۆزىدىن ئون - ئونبەش قەدەم نېرىدا توختىغان ماشىنىنى، كېيىن يولنىڭ ئوتتۇرىدا ئۆلۈپ ياتقان ئېشەكنى كۆردى. ماشىنا ئېشەكنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ياسىن ھوشۇر ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. مانا ئەمدى باي بولۇڭ! ئېشەكمۇ ئۆلدى. ئەمدى ئۆتۈننى نېمە بىلەن توشۇيسەن؟ ھەي، بىچارە!...

ياسىن ھوشۇر كۆڭلىدە شوپۇر كېلىپ: «ئېشەكنى تۈزۈك باشقۇرساڭ بولمامدۇ، پوچاڭ تۇماق، ئەمدى ماڭا بالا تېرىپ بەردىڭ» دەپ تىللاشقا باشلايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان، 18 - 19 ياشلاردىكى ياش شوپۇر ئېشەكنىڭ ئۆلۈكىگە قاراپ قېتىپ قالدى. پۈتلىرى ئۇزۇن، يوغان قارا ئېشەك يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قورسىقى يېرىلىپ، ئۈچەي-قېرىنلىرى چىقىپ قالغان، شېغىللىق توپا يول قارامتۇل قان بىلەن بويالغانىدى.

— جېنىم ئاكا، ئېشەكنى تۆلەپ بېرەي، بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن، بولامدۇ؟ سىلە قانچە پۇل دېسىلە، مەن...

شوپۇر بالا، ئۆتكەن قېتىم ۋەقە سادىر قىلغاندا بولغان ئىشلارنى، قاتناش باشقۇرۇش پونكىتى پراۋىسىغا بېسىپ قويغان تامغىنى، ئەمدى بۇ قېتىم ئۇلار

بىلىپ قالسا پراۋىستىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئەنسىرەپ كەتكەنىدى. ياسىن ھوشۇر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىكنى بىلمەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ ھودۇقۇشلىرىدىن، ئالدىراشلىرىدىن، «سىلە قانچە پۇل دېسىلە...» دېگەن سۆزلىرىدىن كۆڭلىدە نېمىنىدۇ ھېس قىلدى. لېكىن نېمە ھېس قىلغانلىقىنى بىلىپ يېتەلمىدى.

— سىلە قانچە پۇل دېسىلە شۇنچە پۇل بېرەي، ئىككى يۈز يۈەن بەرسەم بولامدۇ؟

— ھەي، ماۋۇ كەلگۈلۈكنى كۆرۈڭ؟ مەن مۇشۇ ئېشەك بىلەن ئۇتۇن توشۇپ بەش جان ئادەمنى باقاتتىم ئەمەسمۇ؟ ئەمدى قانداق قىلىدىم؟ ۋاي، خۇدايىم!...

ياسىن ھوشۇرنىڭ كۆزلىرى ئېشەكنىڭ چۇۋۇلۇپ چىقىپ قالغان ئۈچەيلىرىگە تىكىلىپ تۇراتتى. قەلبى ھەقىقەتەنمۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندەك بىئارام ئىدى.

— ئىككى يۈز يۈەن ئازمۇ؟ گەپ قىلسىلىچۇ؟ بوپتۇ، ئۈزىمۇ يوغان ئېشەك ئىكەن، ئۈچ يۈز يۈەن بېرەي. پەقەت ئېشەكنىڭ ئۆلۈكىنى تېزرەك يوغۇشتۇرۇۋېتەيلى.

شوپۇر بالا جىددىيلىشىپ تۇراتتى. ئۇ يانچۇقىدىن ئۈچ يۈز يۈەن چىقىرىپ ياسىن ھوشۇرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ياسىن ھوشۇر تېخىچە ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. ئۇ، شوپۇرنىڭ ئېشەكنىڭ پۇتلىرىدىن تۇتۇپ سۆرىمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئاندىن ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار ئىككىسى ئۆلگەن ئېشەكنى سۆرەپ، يولنىڭ چېتىدىكى قۇرۇق قۇمۇش دۆۋىلەنگەن دۆڭنىڭ كەينىگە ئېلىپ كېلىپ تاشلىدى. شوپۇر بالا ھېلىمۇ جىددىيلىشىپ تۇراتتى. ئۇ يولغا توپا چېچىپ قاننى كۆمۈۋەتتى. ئۇ پات-پات يولنىڭ باش-ئايىغىغا قارايتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئەنسىرەشلىرى بىھۇدە ئىدى. چۆل يولدا قاتناش باشقۇرۇش ساقچىسىمۇ، كېلىپ-كېتىۋاتقان ئۇنچىۋالا جىق ماشىنىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ۋەقە سادىر قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەي قالدى.

* *

ئاشۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ سادىر بولغىنىغا يېرىم يىل بولدى. ياسىن ھوشۇر ئاللىقاچان باي بولۇپ قالدى. راست، تېخى «ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» بولالىغىنى يوق، لېكىن بالا-چاقىلىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى تەل، نېنى پۈتۈن بولدى. مۇھەببەتلىشىپ ئالغان ئامراق خوتۇنى ئايىنىسەگىمۇ ھەرەمنىڭ گىجىم رومىلىدىن ئېلىپ بەردى. ھازىر ئۇنىڭ ساندۇقىدا يەنە نەخمۇ نەخ مىڭ يۈەن پۇلى بار. كىم ئۇنى باي ئەمەس دېيەلەيدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئىسمى ئاھالە كومىتېتىنىڭ «نامرات ئائىلىلەر» تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈلۈپ «ھاللىق ئائىلە» لەر قاتارىدا تىزىملاندى. كىشىلەرمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە ھەۋەس بىلەن قارىشىدىغان، توي-تۆكۈنلەردە تۆرگە باشلىشىدىغان بولدى. مانا بۇ ئۇنىڭ باي بولغانلىقىنى، روناق تاپقانلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ پەقەت بىر ئىشقىلا ئۇنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. ئاھالە كومىتېتىنىڭ «ھاللىق ئائىلىلەر» تىزىملىكىدىكى «قانداق كەسپىي ئائىلە» دېگەن كاتەكچە تېخىچە تولدۇرۇلماي

بوش تۇراتتى. باشقىلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاشۇ كاتەكچىلەرگە «ترانسپورت كەسپىي ئائىلىسى»، «خۇمدانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى»، «باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى»... دېگەندەك خەتلەر تولدۇرۇلغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى كاتەكچە بوش تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ياسىن ھوشۇر يۇقىرىقىدەك «كەسپىي ئائىلە» لەرنىڭ ھېچقايسىسىغا تەۋە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قانداق «كەسپىي ئائىلە» ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئاھالە كومىتېت كادىرلىرىمۇ، قوشنىلارمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ باي بولغىنى راست، دەسلەپكى ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئېشىپمۇ بولدى. ئېشەك ھارۋىسى ئالىمەن دەپ ئويلىغانىدى، ئۇنى ئالدى. بالا - چاقامنى ياخشى كىيىندۇرىمەن دەپ ئويلىغانىدى، شۇنداق قىلدى. يېڭىسارنىڭ نەقىش دەستىلىك پىچىقىدىن بىرنى يانچىشىمغا ئاسىمەن دەپ ئارزۇ قىلغانىدى، ئۇنىڭغىمۇ ئېرىشتى... لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا غەش ئىدى. ھېلىقى كاتەكچە بېشىنى قاتۇراتتى. ئۇنىڭغا نېمىدەپ تولدۇرسا بولار؟ ئۆزىگە قانداق «كەسپىي ئائىلە» دەپ ئىسىم قويسا مۇۋاپىق بولار؟

ئۇنىڭ باي بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئاشۇ ۋەقە ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. قارا ھاڭگىنىڭ چۆگىلۈپ كەتكەن ئۈچەي - قېرىنلىرى، شېغىل ئارىلاش توپىنى بويىغان قانلىرى ھېلىمۇ ھازىرقىدەكلا كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ شۇ كۈنى چۆلدىن يېنىپ چىقىۋېتىپ قەلبىدە تاسادىپىي ئامەتكە ئۇچرىغان جاھانكەشتىنىڭ خۇشاللىقىدەك بىر خىل خۇشاللىقنى سەزدى. ئۇنىڭغا راستىنلا ئامەت كەلگەنىدى. ئۈچ يۈز يۈەن پۇل! بۇ ئاز پۇلمۇ؟ ئېشەكمۇ، ئېشەك ھارۋىسىمۇ سېتىۋېلىشقا يېتىدۇ. «سەھەر قوپقان سائادەت» دېگەن گەپ بار. بۈگۈن سەھەردە چوقۇم خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇچرىغان گەپ. بولمىسا بۇنداق ئامەت نەدىن كېلىدۇ؟ ھېلىقى شوپۇر بالىنىڭ يالۋۇرۇپ كېتىشلىرىنى كۆرمەمسەن. ھەي - ھەي... لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدە چۈشىنەلمەي قالغان بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ ئارزۇ- ئۈمىدكىمۇ، سۆيىنىقەست، ھىيلە - مىكىرگىمۇ ئوخشايتتى. ئاشۇ بىر نەرسە خۇددى ئارغامچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈگۈنچەكتەك بولۇۋېلىپ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىگە تاقىشىپ تۇراتتى، بىئارام قىلاتتى. ئاشۇ بىئاراملىقنىڭ ئىچىدە خۇشاللىقمۇ، قىزىقىشمۇ، تەلپۈنۈشمۇ، ئازراق ئەنسىزلىكمۇ بار ئىدى. ياسىن ھوشۇر چۆلدىن يېنىپ چىققۇچە يول بويى مۇشۇ ھەقتە ئويلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىدا شېغىل توپىلىق تاشيول يېيىلىپ ياتاتتى. يول! بۇمۇ يولغۇ؟ ھېچقانداق يولدىن پەرقلەنمەيدىغان، يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ بارىدىغان يول. تار ۋە ئويمان - چوڭقۇرلۇقىنى، توپىلاق ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇمۇ ئوخشاشلا مەنزىلگە ئېلىپ بارالايدۇ. كۆزلىگەن مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ. يا تەۋەككۇل! يا قايناملىدىن چىقارمەن، يا سايرامدىن، مېڭىپ باقمايمۇ؟

ياسىن ھوشۇر قولۇم - قوشنىلىرىغا ۋە خوتۇنىغا «ئېشەك چۆلدە ئۆلۈپ قالدى» دېدى. لېكىن ئۇنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئېيتمىدى. ئۇ شۇ ھەپتىسى يەكشەنـ

بىردە يەنە بىر ئېشەك سېتىۋالدى. قىرىق يۈەنگە سېتىۋالغان بۇ سۇر ھاڭگىمۇ پاچاقلىرى ئۇزۇن، بېلى ئىنچىكە، قېرىپ ھالىدىن كەتكەن، كۆزىنىڭ ئاستىنىقى قاپاقلىرىدا تولا ئاققان ياشتىن چوڭقۇر ئېرىقچە پەيدا بولغان ئېشەك ئىدى. بۇمۇ يولغۇن تاياق بىلەن ئۇرسا، سۆڭگىچىنى تولغاپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قالاتتى. ياسىن ھوشۇر ئۇنى ھېلىقى چۆل بىلەن كەنت ئوتتۇرىسىدىكى يولدا ئۈچ كۈن ھەيدەپ يۈردى. دەسلەپكى ئىككى كۈندە، ئىش ئەپلەشمىدى. كېيىنكى كۈنى كونىلىقىدىن ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن، چاقلىرى ھەر تەرەپكە غالداڭلاپ تۇرىدىغان بىر تىراكتور بىچارە ئېشەكنى سوقۇۋەتتى. ئېشەكنىڭ بېلى سۇنۇپ، يانپىشى ئاجراپ كەتكەن بولۇپ، تاشيولنىڭ ئوتتۇرىسىدا جان تالىشىپ ياتاتتى. تىراكتورچى ياسىن ھوشۇرغا خېلى قاتتىق كايىدى. ياسىن ھوشۇرمۇ بوش كەلمىدى. «ئاستىراق ھەيدىمەمسەن ئاداش، بولۇشىغا چاپتۇرىدىغان سېنىڭ بەيگە مەيدانىڭ ئەمەس بۇ، يول دېگەندە ھەممە ئادەم ماڭىدۇ!...» شۇنداق قىلىپ دەسلەپتە بىر ئاز ھۆرپىيىشكەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇلار يەنىلا كېلىشىپ قالدى. ياسىن ھوشۇر ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك ئۈچ يۈز يۈەن ئالالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئېشەكنىڭ پۇلىنى بەش ھەسسە قىلىپ تۆلىتىۋالدى.

ياسىن ھوشۇر شۇكۈنى ئۆيگە قايتمىدى. ئەتىسى پەيشەنبە ئىدى. پەيشەنبە بازار دېگەن قالتىس قىزىيدىغان بازار ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، غول تاشيول ئۈستىدە، ئۈچ ناھىيىنىڭ ئادەملىرى يىغىلىدۇ. بۇنداق بازاردىن نېمىشقا ئېشەك سېتىۋېلىشقا بولمىسۇن؟! ئۇ شۇنداق قىلدى ۋە شۇ كۈنى بازارنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولغۇچە، بۇ ئېشەكنىڭمۇ ئۆلۈكىنى سېتىۋالدى. ئۇ ئەمدى ئوبدانلا ئىش ئۆگىنىپ قالغانىدى، ئۆزىنىڭ كەڭ يولغا قارىغاندا تار يولدا ئوبدان ماڭىدىغانلىقىنى، ئادەم، ھارۋا، ماشىنا - تراكتور شالاڭ يولغا قارىغاندا قىستاڭ جايدا ئىشنىڭ ئوڭاي ئەپلىشىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ھەممە ئىشنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بولىدۇ، قانۇنىيەتنى بىلىۋالساڭ، ھەممە ئىش ئاسان بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ياسىن ھوشۇرمۇ ئۇنچىۋالا كالۋالاردىن ئەمەس. ئۇمۇ ئۆز ھۈنىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالدى. ئىشنىڭ ئېپىنى تېپىۋالدى. ئەمدى يەنە يۈرۈشمەيدىغان قانداق ئوقەتكەن ئۇ؟!

لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۇنچىۋالا ئوڭۇشلۇق بولۇپمۇ كېتىۋەرمىدى. ئۇ بەشىنچى ئېشىكىنى ھەيدەپ «قوشنا ناھىيىدىكى ھەدىسىنى يوقلىغىلى» كېتىۋاتقاندا، چېكە چاچلىرى ئاللىقاچان ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە يالاڭباش يۈرىدىغان بىر نوچى ماي يۇقى قوللىرى بىلەن ياسىن ھوشۇرنى بىر تەستەك سالدى: «بۇ قانداق ئادالەتسىزلىك؟ ئېشىكىنى باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسۇن، يەنە، كېلىپ ئىگىسىنى ئۇرسۇن، بۇ قانداق گەپ؟ يالاڭباش نوچىنىڭ يەنىمۇ ئۇرغۇسى بار ئىدى، لېكىن ياسىن ھوشۇرمۇ بوش كەلمىدى. ئۆزىنىڭ كەسمىگەن توغراقتەك يوغان گەۋدىسى، تۆگمەن بېشىدا ئۆسكەن سۆگەتنىڭ يىلتىزلىرىدەك ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ھېلىقى نوچىنىڭ گېلىدىن سىقىپ، ماشىنىنىڭ كۆزۈپىغا نىقتاپ قويدى. ئەتراپقا كى-

شىلەر يىغلىدى.

— ھوي، ئاداش، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ئېشىكىمنى بېسىۋەت، يەنە كېلىپ ئېگىسىنى ئۇر، بەك نوچى ئوخشىماسەن؟

— ئېشىكىمنى تۈزۈك باشقۇرسۇن، بۇ پوچاڭ تۇماق...

— ئېشەك ئەمەسمۇ؟ ھايۋان دېگەن غەرەز ئۇقامدۇ؟

— ئېشەكنى مىنگەن ماۋۇ نېمە ئېشەك بولمىغاندىكىن، ئوبدانراق باشقۇرۇپ مېڭىشى كېرەك!

— ھەر نېمە دېگىنىڭ بىلەن، سېنىڭ بۇ بىچارە ئادەمنى ئۇرغىنىڭ توغرا بولمىدى.

— ئېشەكنى تۆلە، ئاداش، قاتناش باشقۇرۇش پونكىتىغا بارغىنىڭ ساڭا پايدىسى يوق.

بۇ قېتىممۇ ئىلگىرىكىدەك بولدى. دەسلەپتە كۆتىگە خۇددى نۆشۈدۈر قىستۇرغاندەك چىچاڭشىپ كەتكەن ھېلىقى يالاڭباش نوچى ئاستا - ئاستا ياۋاشلاپ قالدى. ئادەم جىق يەردە گەپمۇ جىق بولىدىكەن. ياسىن ھوشۇرنىڭ ئېشىكىمنى بىرى ئۈچ يۈز يۈەن باھالىسا، بىرى تۆت يۈز يۈەن باھالىدى. يەنە بىرى، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى، ئېشەكنىڭ باھاسىنىڭمۇ ئۆسۈشى لازىملىقىنى ئەسكەرتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا يەنە تېگىشلىك پۇلنى ئېلىپ بېرىشتى.

ياسىن ھوشۇر يەنە بىر قېتىمدا بىر قېرى پىخسىق بىلەن داۋالىشىپ قاتناش باشقۇرۇش پونكىتىغىچە باردى. ئۇ دەسلەپتە «گۇناھ ئۆزۈمگە ئارتىلىپ قالارمۇ؟» دەپ ئويلاپ ئەنسىرىگەنىدى، لېكىن ئۇ يەردىمۇ ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، ئادالەتلىك ئادەملەر بار ئىكەن. گەرچە ئۇنىڭغا ئازراق گۇناھ ئارتىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئېشىكىمنى ئۆزى دېگەن باھادا تۆلىتىپ بەردى.

مانا شۇنداق قىلىپ ئۇ، ھەممە نېمىسى تەل، ساندۇقتا پۇللىرى شاراقشىپ تۇرىدىغان «مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» بولۇپ قالدى. «ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» بولۇشقا پەقەت بىرلا نۆل كەم ئىدى. ئوتتۇرىدىكى ئارىلىق ئانچە يىراق ئەمەس. ئۇمۇ پات ئارىدا «ئون مىڭ يۈەنلىك» لەرگە يېتىشىۋالىدۇ. تېخى ئىش باشلىغىلى ئاران يېرىم يىل بولدى. بىر يىل بولسۇن، ئىككى يىل ئۆتسۇن. شۇ چاغدا ھەقىقىي باي بولىدۇ. «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەن گەپ بارغۇ!

لېكىن ياسىن ھوشۇرنىڭ كۆڭلى يەنىلا سەل يېرىم ئىدى. ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئاشۇ «ھاللىق ئائىلىلەر» جەدۋىلىدىكى ھېلىقى «قانداق كەسپىي ئائىلە» دېگەن كاتەكچە ئېسىگە چۈشسىلا كۆڭلى غەش بولاتتى. ئۇ يەرگە نېمىدەپ تولدۇرۇش كېرەك؟ ئۆزىگە قانداق «كەسپىي ئائىلە» دەپ ئىسىم قويسا مۇۋاپىق؟ ئۇ، قەدىرلىك ئېشىكىمنى قىستاڭ يوللاردا ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا، ئۆگزىسىگە چىقىپ قوناق شېخىغا يۆلىنىپ ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغان چاغلىرىدا دائىم مۇشۇ ھەقتە ئويلايتتى، لېكىن مۇۋاپىق ئىسىم تاپالماي تىت - تىت بولاتتى. تىت - تىتلىق دېگەن پەقەت بىر خىل روھىي ھالەت، ئۇ كەمبەغەللىك ئازابى ئەمەس. بۇ تەرەپتىن ئالغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى توق. چۈنكى ئۇ راستىنلا ھاللىق، باي، توققۇزى تەل

ئائىلە بولۇپ قالغانىدى.

* *

ياسىن هوشۇر بۈگۈن يەنە يولغا چىقتى. ياق، يولغىلا ئەمەس ئۇقەتكە، ئۇۋغا چىقتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بويى چاققانغىنە، قوڭۇر تۈكلۈك «كالتە قۇيرۇق» كېتىپ باراتتى. بۇ ئىلگىرىكىلىردەك ئۇنچىۋالا چوڭ ئىشەك ئەمەس. تېتىك - تېتىك قەدەم ئېلىشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنچىۋالا قېرىمۇ، بەك ھالىدىن كەتكەنمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئىگىسى نېمىشقىدۇ ئەرزان سېتىۋەتكەن. ياسىن هوشۇر جوغىغا قاراپ ئالغۇسى كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن باھاسىنىڭ ئەرزانلىقىدىنلا ئېلىپ قويغانىدى. ئۇ ئىشەكنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، «300 گە يارىمىسىمۇ 200 گە يارار، مۇھىمى بۇ ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى تاياق تەككەندە، سۆڭگىچىنى تولغىسىلا بولدى» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭغا ئەڭ زۆرۈرى ئەنە شۇ «تولغاش» ئىدى. تولغىمىسا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا تولغاپ بارالمىسا ئىش ئەپلەشمەيتتى. ئۇ مانا شۇنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىلگىرىكى يۇلغۇن تايىقنى ئۆرۈكنىڭ كەسمىسىدىن ياسالغان يوغان كالتەككە ئالماشتۇردى. بۇنداق يوغان كالتەك تەگكەندە، قېنى قايسى ئېشەك سۆڭگىچىنى تولغىماي تۇرالايدىكەن؟ ياسىن هوشۇر سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، قولىدىكى ئۆرۈك كالتىكى بىلەن ئىشەكنىڭ ئوڭ سۆڭگىچىگە تۈيدۈرماي «ۋاقىدە» سالدى. تاياقنىڭ زەربىسىگە چىدىمىغان «كالتە قۇيرۇق» سۆڭگىچىنى سولغا تولغاپ، يېنىچە مېڭىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قالدى ۋە ئۆزىنى تەستە ئوڭشاپ خېلى يىراق يەرگىچە سوكۇلدىدى. «بولىدىكەن، مۇشۇنىچىلىك تولغىسىلا ئىش پۈتتى دېگەن شۇ.»

ياسىن هوشۇرنىڭ «يولغا» چىقمىغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ هۈنىرى ئاشپەزچىلىك ياكى مۇزدۇزچىلىقتا ئوخشاش ھەر كۈنى قىلىپ تۇرىدىغان ياكى ھەر كۈنى قىلغىلى بولىدىغان ھۈنەرلەردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا پەيت كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ھۈنەرنى ئارىلاپ - ئارىلاپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەگەر قاتناش باشقۇرۇش پونكىتىغا بېرىشقا توغرا كېلىپ قالسا، ساقچىلار «قايسى كۈنىمۇ سېنىڭ ئىشەكىڭنى باسسا، بۈگۈنمۇ سېنىڭ ئىشەكىڭنى سوقسا، بۇ قانداق گەپ» دەپ سوراپ قېلىشى مۇمكىنىدى. شۇڭا ئېھتىيات قىلىپ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆيدە دەم ئېلىپ ياتقانىدى. بۈگۈن يەنە يولغا ئاتلاندى، لېكىن قېرىشقاندەك ماشىنا - تىراكتور ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. «خېلى ماڭدىغان ئوخشايمەن، تېزرەك كېلىشسە بولاتتى، كاساپەتلەر ...». ئۇ ئىشەككە سوكىدىشىپ ئاستا ماڭدى. «كالتە قۇيرۇق» مۇ ئاستا، لېكىن هوشيارلىق بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇ هوشيار بولمىسا بولامدۇ؟ ئۆرۈكنىڭ كالتىكى دېگەن پاختىدەك يۇمشاق ئەمەس...

ياسىن هوشۇر خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ يادىغا ئاھالە كومىتېت سېكرېتارىنىڭ قايسى كۈنى دېگەن گەپلىرى كەلدى: «ياسىن ئاخۇن، ئۆزلىرىمۇ خېلى ھاللىق ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدىلا. باشقىلاردىن ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، ئىشەك ئېلىپ، ئىشەك سېتىپ بېدىكچىلىك قىلىۋاتقان ئوخشايلا. مېنىڭچە، بېدىكچىلىك دېگەن ئانچە ياخشى كەسىپ ئەمەس. شۇڭا باشقا بىرەر مۇۋاپىق كەسىپ بىلەن شۇ-

غۇلۇلانسىلا ئوبدان بولاتتى. مەسىلەن: سودىگەرچىلىك قىلامىلا، قاسساپچىلىق قىلامىلا، قايسىسىنى كۆڭۈللىرى خالىسا، شۇنى قىلىسىلىمۇ بولۇۋېرىدۇ. قاسساپچىلىققا خېلى ئەپلىرى باردەك تۇراتتى. مېنىڭچە، شۇنى قىلسىلا، تاپاۋىتىمۇ يامان ئەمەس. بىز جەدۋەلگە ‹قاسساپچىلىق كەسپىي ئائىلىسى› دەپ تولدۇرايلى...» ياسىن هوشۇر شۇ چاغدا «ئوبدان، مەسلىھەتلىرىڭگە رەھمەت» دەپ قۇتۇلغانىدى. سېكرېتار كەتكەندىن كېيىن ئۇ بۇ مەسلىھەت توغرىسىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئويلاندى، لېكىن نېمىشقىدۇ قاسساپچىلىق ئۇنىڭغا ئانچە يارىمىدى. بىر قوي ئۆلتۈرسەڭ، ئاران ئون-ئونبەش يۈەن پايدا قالسا، بۇنىڭ بىلەن قانچىلىك ئىلگىرىلەپ كەتكىلى بولىدۇ؟ قاچان «ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» بولغىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاسساپچىلىقنىڭ جاپاسىنى دېمەمسەن. قوللىرىڭنى قان-يىرىڭگە تىقىپ پاسكىنا بولىسەن، ئۆپكەڭ يېرىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ پۈدەيسەن. قوينىڭ قېرىن-ئۈچەيلىرىنى تۆككەندىكى سېسىق پۇراقچۇ؟ ... ياسىن هوشۇر مۇشۇلارنى ئويلاپ، قاسساپچىلىق قىلماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق نىيەتكە كېلىشىگە قاسساپچىلىقنىڭ جاپاسىلا ئەمەس، مۇھىمى، كىرىمىنىڭ ئازلىقى سەۋەب بولغانىدى. ئۇ توپ كىرىم قىلىشنى، بىر قېتىمدىلا ئىككى يۈز-ئۈچ يۈز يۈەنلەپ كىرىم قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. توپ پۇلنى سانىغاندىمۇ خېلى پۇخادىن چىققۇچە سانىغىلى بولاتتى. ئۇ پۇلنىڭ «شاراق-شۇرۇق» قىلغان ئاۋازىنى بەك ياقتۇراتتى. ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئېسىل مۇزىكىمۇ، سالامەت خاننىڭ ناخشىلىرىمۇ پۇلنىڭ شاراقلىشىدەك يېقىملىق ئاڭلانمايتتى... ياسىن هوشۇر ئالدىرايتتى. يەنىمۇ گۈللەشكە، بۇرۇنراق «ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» بولۇشقا ئالدىرايتتى. ئۇ، ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇشقا، بولۇپمۇ ھېلىقى تۇرسۇن پالۋاشتىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۆتكەن يىلدىكى ھېلىقى «سەدىقە» تېخىچە ئۇنىڭ يادىدا بار ئىدى. ئاشۇ «سەدىقە» نى يادىغا ئالسىلا خورلۇقى كېلەتتى. خەپ! ئۇمۇ «ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» بولىدۇ. بەلكىم «يۈز مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ چاغلارغا بارغاندا، ئۇمۇ «سەدىقە» تارقىتىدۇ. دەل ئاشۇ تۇرسۇن پالۋاشقا سەدىقە بېرىدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، ياسىن هوشۇر باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئويلىمىدى ئەمەس، ئويلىدى. كۈنلەپ-تۈنلەپ ئويلىدى. ئاخىر يەنىلا ئۆزىنىڭ ھازىرقى كەسپىنى مۇۋاپىق تاپتى. بۇمۇ راستىنلا مۇۋاپىق كەسىپ ئىدى. ئۇنىڭ نەرى يامان؟ ئوخشاشلا ئەقىل ئىشلىتىدۇ، دەسمايە سالىدۇ، پەيت تاللايدۇ. سودىگەرلەر ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىپ پۇل تاپسا بولىدىكەنۇ، ياسىن هوشۇر پۇل تاپسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ شوپۇرلار ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسىدا چونتىكىنى توملىسا بولىدىكەنۇ، ياسىن هوشۇر ئۇلاردىن ئازراق چوتا ئايرىۋالسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كەسىپنىڭ ئۇنچىۋالا جاپاسى يوق. ئەرزان ئېشەكلەرنى تاللاپ سېتىۋالسەن، تار يوللاردا ھەيدەپ يۈرىسەن، يوغان كالتەك بىلەن سۆڭگەكچىگە كېلىشتۈرۈپ سالىسەن، بارى-يوقى مۇشۇ، لېكىن ئازراق تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا،

ھېلىقى بېنزىن ۋە سەلەركە پۇراپ تۇ-
رىدىغان قاسماق شوپۇرلارنىڭ تىل - ھا-
قارەتلىرىگە چىداشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن
بۇ ھېچگەپ ئەمەس. ئىككى يۈزلەپ - ئۈچ-
يۈزلەپ قولغا كىرىدىغان پۇل بۇنى بېسىپ
كېتىدۇ. بۇنىڭ «شاراق - شۇرۇق» ئاۋازى
ھاقارەتلەرنى بۇنتۇۋېتىدۇرالايدۇ. شۇنداق
ياخشى، شۇنداق پۇللۇق كەسىپنى تاش-
لاپ، باشقا كەسىپنى تاللىغىلى ياسىن
ھوشۇر ساراڭمىدى؟

لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇ
غەش ئىدى. بولۇپمۇ ئاشۇ «قانداق كەس-
پىي ئائىلە» دېگەن كاتەكچىنى ئويلىسىلا
كۆڭلى غەش بولاتتى. ئۇنىڭ بوپتىلا،
«بېدىكچىلىك كەسپىي ئائىلىسى» دەپ تول-
دۇرۇپ قويىاي، دەپ ئويلىغان چاغلىرىمۇ
بولدى، لېكىن بۇنداقتا توغرا بولمايتتى.
زېخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدى-
غان، قۇيرۇقمۇ تۇتقۇزمايدىغان، قاپقان-
غىمۇ دەسسىمەيدىغان بىر ئىسىم تاپقىلى
بولماسمۇ؟ ئەھۋالنى دەل، جايىدا، توغ-
را ئەكس ئەتتۈرىدىغان، لېكىن ھېچكىم
سېزەلمەيدىغان، ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر
بىر ئىسىم تاپقىلى بولماسمۇ؟

ياسىن ھوشۇرنىڭ يېنىدىن بىر ما-
شىنا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ھەي،
ئېسىت! ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ
ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي قالغىنىغا ئې-
چىندى. پۇرسەت بىكارغىلا ئۆتۈپ كەت-
كەنىدى. «يولمۇ تار، ئەجەبمۇ بەلەن
پۇرسەت ئىدى - دە، ھەي، ئېسىت ...».
ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. كۈمۈش
لېنتىدەك سوزۇلغان يولدا خېلى يىراقتا
يەنە بىر ماشىنا كېلىۋاتاتتى. «مانا پۇر-
سەت دېگەن! ئەمدى چىڭ تۇت. قانچە

تېز بولسا، شۇنچە ياخشى». ئۇ ئۆرۈك
كالتىكىنى چىڭ تۇتۇپ تەييار بولۇپ
ماڭدى. ئېشەك بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقىدا
بىر يېرىم مېتىردەك ئارىلىق بار ئىدى.

غۇلاچلاپ ئۇرسا، ئۆرۈك كالتىكى
دەل «كالتە قۇيرۇق» نىڭ سۆڭگىچىگە
تېگەتتى. «قېنى، غۇلاچلاپ سالغاندا
سۆڭگىچىنى تولغاپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا
چىقمىغىنىنى كۆردي!». ياسىن ھوشۇر
ماشىنىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. «يەنە
ئازراق بار، يەنە ئازراق ...» ئۇ ماشىنا
بىلەن ئۆزى ئارىلىقىدىكى مۇساپىنى ما-
شىنا ئاۋازىغا قاراپ مۆلچەرلەشكە پىششىپ
قالغانىدى. بۇ ئارىلىق ئىنتايىن مۇھىم
ئىدى. دەل بولۇشى، تورمۇز قىلىپ ئۈل-
گۈرەلمەيدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

دۇ ... دۇ ... دۇت!

سىگنال ياڭرىدى. ياسىن ھوشۇر



كالتەكنى چۆرۈپ «كالتە قۇيرۇق» نىڭ سۆڭگىچىگە قارىتىپ كۈچ بىلەن ئۇردى. «كالتە قۇيرۇق» تاياقنىڭ چۆرۈلگىنىنى كۆرۈپ قالغانمۇ نېمە، بىردىن ئۆزىنى ئالغا تاشلىدى، كالتەك تەگمەي قالدى. كۈچەپ ئۇرۇشتىن ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ياسىن هوشۇر دەلدەڭشىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېتىپ قالدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم غايەت يوغان بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى غۇۋا كۆرگەندەك بولدى.

* *

شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىنگەن ياردار ئۈچ كۈندىن بېرى هوشسىز ياتاتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ، يۇرتىنىمۇ، كەسپىنىمۇ هېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنى ئېلىپ كەلگەن شوپۇر دوختۇرلارغا يالۋۇراتتى.

— جېنىم دوختۇر، بۇ ئادەمنى بىر ئىلاجى قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىڭ. بولمىسا، ماڭا ئۇۋال بولىدۇ. ئۇ يولنىڭ ياقىسىدا ئىدى. كېيىن بىردىن يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەكرىگەندەك قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى مەنمۇ بىلەلمەي قالدىم. رولنى كۈچەپ سولغا ئۇرغىنىم ئېسىمدە. كوزۇپ سوقۇۋېتىپتۇ. بىر ئىلاجى قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىڭ، ئوبدان دوختۇر، بۇ بەلكىم ئەقلىنى يوقاتقان ئادەم ئوخشايدۇ. بىر ئىلاجى قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىڭ...

شوپۇر ئۈچ كۈندىن بېرى بۇ سۆزنى تالاي قېتىم تەكرارلىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ شۇنچىۋالا يالۋۇرۇپ كەتكىنىنى ئۈچۈنمۇ ياكى كەسپىي بۇرچى شۇنداقمۇ، ئۇلارمۇ پايىپېتەك بولدى. هەر خىل ئاماللارنى قىلىپ كۆردى. ئەڭ ياخشى ئوكۇللارنى ئۇردى. شوپۇردىن قان ئېلىپ سالدى، لېكىن ياردار تېخىچە هوشسىز ياتاتتى.

بۈگۈن مانا 3 - كۈنىگە كەلگەندە ياردار توختىماي جۆيلۈشكە باشلىدى.

— ياق، ياق، ئېشەكنىڭ ئۆلۈكىنى سېتىش كەسپىي ئائىلىسى... ئۇنداق يازمايلى... ئەمدى بۇ ئوقەتنى قىلمايمەن... قىلمايمەن...

ئۇنىڭ جۆيلۈپ ئېيتقان سۆزلىرىنى هېچكىم چۈشەنمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك دەرىجىدە بوش ۋە هالسىز ئىدى. شوپۇر يەنە دوختۇرلارغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— جېنىم دوختۇر، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، ماڭا ئۇۋال بولىدۇ. ئۇنى بىر ئىلاجى قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىڭ...

# «شەپقەتچى»

(ھېكايە)

مېنىڭ غەلىتە ھېكايىلارنى سۆزلەيدىغان بىر ئاغىنەم بار، بىكار بولسىلا ئۇنى ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتىم. بۈگۈنمۇ مېنى ئۇزاق كۈتتۈرمەيلا ھېكايىسىنى باشلىدى.

— مەملىكىتىمىزدە ئېلان ئاڭلاتمايدىغان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بارمۇ؟

— بەلكىم يوقتۇر!

— راست دېدىڭىز، ھەممە ئىش پۇل بىلەن يۈرۈشۈۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۈچۈنمۇ پۇل لازىم. ئېلان ئاڭلاتمىسا، ئۇلار نەدىن پۇل تاپىدۇ؟ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بازارنى ئاۋات قىلغۇچىلارنىڭ، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىغا ھەر خىل يوللار بىلەن خېرىدار ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ماللىرىنى ئەڭ قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلەر بىلەن ھەتتا كىنو چولپانلىرى ۋە باشقا سەتەڭلەرنىڭ تولغان كۆكسى، ئاپئاق ساغرىسى ۋە نېمىگىدۇ ئىنتىلىپ تۇرغان ئىشقىۋاز كۆزلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلىدۇ، ئەڭ جاراڭلىق ئاۋازدا ماختايدۇ، گەرچە خېرىدار ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئاشۇ نەرسىلىرى ئەڭ ناچار تاۋار بولغاندىمۇ ئۇنى يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈپ ماختايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مال ئىگىلىرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا نۇرغۇن پۇل تۆلەيدۇ. روشەنكى، «ئېلان پروگراممىسى» پۇل تېپىشتىكى ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. بىزنىڭ شەھىرىمىزدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ئېلان پروگراممىسى» نى ئەڭ ياخشى باشقۇرۇۋاتقان ئىستانسىلارنىڭ بىرى. شەھىرىمىزمۇ ناھايىتى كىچىك. خۇددى «شەھەرگە بىردانە خوراز كىرسە، شەرقتىن قۇيرۇقى، غەربتىن تاجىسى كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك» دەرىجىدە كىچىك، بىنالىرى كونا ۋە كۆرۈمسىز، كوچىلىرى تار ۋە رەتسىز، سانائەت ۋە زامانىۋى مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى يوق دېيەرلىك، لېكىن ئاجايىپ قىزىيدىغان بازىرى، مىغىلداپ يۈرىدىغان ئادەملىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن يەنىلا «قەدىمىي شەھەر» شۆھرىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇنداق ئاۋات ۋە قاينام تاشقىنلىق بازار، ئېھتىمال دۇنيانىڭ يەنە بىر يېرىدىن تېپىلماس... شۇنداق، شەھىرىمىز راستىنلا كىچىك، سىز بۇنداق كىچىك شەھەردە ئېلان قىلغۇدەك، «ئېلان پروگراممىسى» نى گۈللەندۈرەلىگۈدەك نېمە بار دەپ ئويلاپ قالماڭ. تېپىلىدۇ، تېپىلىدۇ...

ھەر كۈنى كەچتە شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئايال دىكتورى ئانچە ئۆلچەملىك بولمىغان تەلەپپۇزدا ئېلان ئاڭلىتىشقا باشلايدۇ. ئېكراندا ئەڭ ئاۋۋال «ئادەم ئىزدەش ئېلانى» دېگەن خەت

ئۆزۈنغىچە كۆرۈنۈپ تۇردى. ئۇنىڭغا قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلەرمۇ، سەتەڭلەرنىڭ ئاپئاق ساغرىلىرىمۇ قوشۇلمىغان، يۈرەكلەرنى جىغىلدىتىدىغان جاز مۇزىكىلىرىمۇ تەڭكىش قىلىنمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىزنى ئۆزىگە ئاجايىپ جەلپ قىلدى. خۇددى ماگنىت تۆمۈر پارچىلىرىنى تارتقاندەك جەلپ قىلدى. دىكتور ھەر كۈنى ئاشۇ ماۋزۇ ئاستىدا، ئەڭ ئاز بولغاندا بىر بالىنىڭ، ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش بالىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنچىۋالا بالا يوقىلىپ كېتىۋاتسا، بۇ بىزنى قانداقمۇ جەلپ قىلمىسۇن؟ راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئېلانلاردا ئائىلىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ھېچنېمە يوق. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇنىڭغا دىققىتىمنى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ قۇلاق سالىمەن. ئايالىم قولىدىكى توقۇۋاتقان پوپايكىسىنى تۇتقان پېتى تېلېۋىزور ئېكرانىغا تىكىلىدۇ. يانىدىكى ئۆيدە ئۆگىنىش قىلىۋاتقان قىزىم ئىشىكنىڭ پەردىسىنى قايرىپ بېشىنى چىقىرىدۇ-دە، «كىم يوقاپ كېتىپتۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئائىلىمىزدىكى «كىچىك پادىشاھ» — ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئەتىۋارلىق ئوغلىمىزمۇ، ئويۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، قورقۇش ئارىلاش دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ...

«شەھەرلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىدىكى ھەلىمخاننىڭ تۆت ياشلىق ئوغلى بۈگۈن ئەتىگەن يوقاپ كەتكەن. بالا سۈنئىي تېرىدىن ئىشلەنگەن پەلتۇ، قىزىل خۇرۇم بەتىنكە، سۈنئىي قاما تۇماق كىيگەن. بويىدا يېشىل يۇڭ شارپا بار. بويى 9.5 سانتىمېتر ئەتراپىدا. بالىنى ئۇچراتقۇچىلارنىڭ يارىكۆرۈك ساقچى پونكىتىغا ياكى تۈرلۈك ماللار شىركىتى دۇكىنىغا خەۋەر قىلىپ قويۇشىنى سورايمىز. بالىنىڭ خەۋىرىنى بەرگۈچىلەرگە ئىككى يۈز يۈەن سۆيۈنچە بېرىلىدۇ...»

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دىكتور كىملەرنىڭدۇ ئاشلىق كىنىشكىسى، نوپۇس دەپتىرى، ئۆي خېتى، خىزمەت كىنىشكىسى، پۇل ئامانەت چېكى، شوپۇرلۇق پىراۋىسى... قاتارلىقلارنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ نەرسىلەر بىزنى ئانچە جەلپ قىلمايدۇ. بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى ھېلىقى يوقىلىپ كەتكەن بالىلار توغرىسىدىكى ئەنسىز خىياللار چۇلغىۋالىدۇ. مەن بەزىدە «شەھەردە بالا ئېلىپ-ساتىدىغانلار پەيدا بولۇپ قالغانمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالىمەن. «بالىسى يوقىلىپ كەتكەن بىچارە ئانا نېمىمۇ بولۇپ كەتكەندۇ-ھە! ھەي ئىست، — دەپ ئايالىم ھەسرەت بىلەن مۇلاھىزە قىلىشقا باشلايدۇ، — ئەگەر بىزنىڭ ئەركىنجان يوقىلىپ كەتسە، مېنىڭ يۈرىكىم ئېقىپ تۈگەپ كېتىدۇ. ئاھ، قانداق دەھشەتلىك!...».

بىزنى، بىزنىڭ كىچىككىنە ئائىلىمىزنى ئەنە شۇنچىلىك جەلپ قىلالىغىنىدىن قارىغاندا، شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ئېلان پروگراممىسى»نى ھەقىقەتەن ياخشى باشقۇرۇۋاتىدۇ، دېمەي بولمايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ يەنىمۇ روناق تېپىشىغا، يەنىمۇ گۈللىنىشىگە تىلەكداشمەن، تىلەكداشلىق بىلدۈرمەيمۇ ئىلاجىم يوق. چۈنكى كېيىنكى بىر ئىش، مېنى ئۇلاردىن بەتتەرلا مەمنۇن قىلغان...

مەن ئەسلى سىزگە ھېكايە سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدىمغۇ، راستىنى ئېيتقاندا، يۇقىرىقى گەپلەرنىڭ سۆزلىمەكچى بولغان

ھېكايەم بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. پەقەت پىكىرلىرىمنى مەركەزلەشتۈرەلمىگەنلىكىم سەۋەبىدىنلا گېپىم ئۈزدىراپ كەتتى.

باشقىلارنىڭ يوقىلىپ كەتكەن بالىلىرى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ يۈرگەن ئانىلىرىنىڭ بېشىغىمۇ ئەنە شۇ دەھشەتلىك كۈن كېلىشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز؟ لېكىن بۇنداق كۈن كەلدى. بىزنىڭ ھېلىقى «كىچىك پادىشاھ» ـــ ئەركە ئوغلىمىز يوقىلىپ كەتتى. يەكشەنبە كۈنى ئىدى. بىكارچىلىقتا ئوغلۇمنى يېتىلەپ بازار ئايلىنىشقا چىقتىم. ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرگەن كوچىدا، يۈزلىگەن كىشىلەرنى جەلپ قىلغان بىلياردتاختىسى مېنىمۇ جەلپ قىلدى.

ـــ ئوغلۇم، ـــ دېدىم ئۇنى يېنىمغا تارتىپ، ـــ سەن بۇ يەردە قاراپ تۇر. مەن مۇنۇ ئاكاش بىلەن بىر قول ئويناي. يىراققا كەتمەي تۇر جۇمۇ!...

بىز ئويۇننى باشلىدۇق. رەقىبىم مەن پەرەز قىلغاندىن ئۇستا ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا دەسلەپتە بەش موچەن، كېيىن ئارقىمۇ ئارقا ئاشۇ بەش موچەندىن ئۈچ قېتىم تۆلىدىم. ئاخىر ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمغا تەن بەرمەي بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىتولدى قىلدۇق. يېنىمغا قارىسام «كىچىك پادىشاھ» يوق. ئۇ ئەمدى نەگىمۇ كەتكەندۇ؟

دەھشەتلىك ۋەقە مانا شۇنداق سادىر بولدى. ئۆيگە چاپتىم، قايتىپ كەلمەپتۇ، قولۇم ـ قوشنىلاردىن سورىدىم، يوق. ئەمدى ئەھۋالنى ئانىسىغا ـــ ھېلىقى باشقىلارنىڭ يوقىلىپ كەتكەن بالىلىرى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ يۈرىدىغان ئايالىمغا دېمەي بولمىدى. ئۇنىڭ بىر چاغلاردا: «... مېنىڭ يۈرىكىم ئېقىپ تۆگەپ كېتىدۇ»، دېگىنى راست ئىكەن. بىچارە، دەسلەپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن ھەقىقەتەنمۇ ئەتىيازدىكى ئەگىزدەك لۆمۈلدەپ ئېقىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن مونچاق ـ مونچاق ياش تامچىلىرى دەريا بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى ...

ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چاپتۇق، بارماپتۇ. تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە كەلدى. ئاختۇرمىغان كوچا، كىرمىگەن ماگىزىن ـ دۇكان قالمىدى. ھەتتا شەھەرنىڭ ئەڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى خالتا كوچىلارغىچە كىرىپ چىقتۇق، يوق. ئۇچرىغانلا ئادەمدىن سورىدۇق، تېپىلمىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى، بازاردا ئادەملەر شالاڭلاشتى، بىز تېخىچە ئۈمىد بىلەن بىنا ـ ئۆيلەرنىڭ يان ـ ئارقىلىرىغا، دەرۋازىلارنىڭ قاراڭغۇ دالدىلىرىغا قاراپ يۈرەتتۇق. قارىمىغان كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستى، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىمۇ قالمىدى. بەلكىم بىرەر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا ئويناپ قالغاندۇ، ياكى بىرەر كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قالغاندۇ.

كوچا چىراغلىرى سۇس نۇر تارقىتىپ ياندى. كوچىلار پۈتۈنلەي بوشاپ قالغانىدى. لالما ئىتلار ۋە تۆگىمەس مۇھەببەت پاراڭلىرىغا چۈشكەن ئاشىق ـ مەشۇقلارلا بىرە ـ بىرە كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئاھ، بىچارە بالام، نەلەردىمۇ تېنەپ يۈرىدىغانسەن؟ قورققانسەنمۇ؟ توڭغانسەنمۇ؟ قورسىقىڭ ئاچقانمىدۇ؟ ۋاي بالام، بىچارە بالام!...

ئەمدى ئۈمىد پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنـ

دى. بۇنداق كېچىدە كىممۇ تالادا قالىدۇ دەيسىز؟ بەلكىم بىرەر ياخشى ئادەمگە ئۇچراپ قالغان بولسا، ساقچى پونكىتىغا ئاپىرىپ قويغاندۇ، بەلكىم ...

شۇ پىكىر كاللامغا كېلىش بىلەن دەرهال ساقچى پونكىتىغا چاپتۇق، يوق. دىجورنىلىك قىلىۋاتقان ياش ساقچى ئوڭلۇق بالا ئىكەن: «ئەنسىرىمەڭ ئاكا، بەلكىم بىرەر ياخشى ئادەم توڭلاپ قالمىسۇن دەپ ئۆيىگە ئەكەتكەندۇ. تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىڭ، خەۋىرى چىقىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى.

راست، تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىش نېمىشقا بۇرۇنراق يادىمىغا كەلمىدى؟ هەي ... ئادەم ئەنسىزلىككە پاتقاندا، هودۇقۇپ كېتىدىكەن. يادىغا هېچنېمە كەلمەيدىكەن. ماۋۇ ساقچى يىگىت دېمىگەن بولسا، يادىمغا ئەسلا كەلمەس ئىكەن.

ئەمدى هەممىمىز بىر بولۇپ، شەهەرنىڭ سىرتىدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى جايلاشقان تۆپىلىككە يۈگۈردۇق. ئەپسۇسكى، كېچىكىپ قاپتىمىز. ئۇلارنىڭ ئېلان پروگراممىسى ئاللىقاچان بېرىلىپ بوپتۇ. قانچە يالۋۇرساقمۇ بولمىدى.

— هەممە ئىشنىڭ ئۆز تەرتىپى بار ئاكا، ئالدى بىلەن ئېلاننىڭ تېكىستىنى تۈزىدىغان گەپ، ئاندىن لېنتىغا ئالىمىز. نەچچە ۋاقىت ئىگىلەيدىغانلىقىنى هېسابلايمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتىكى كەچلىك پروگراممىلار ئېلىنىدىغان لېنتىغا كىرىشتۈرىمىز. ئالدىرىغان بىلەن بولمايدۇ، — دېدى ئىش بېجىرگۈچى.

ئېلاننىڭ كۆپىيىسىنى هېلىقى ئىش بېجىرگۈچىنىڭ ئۆزى يازدى. بىز ئوغلىمىزنىڭ هەممە بەلگىلىرىنى بىرلەپ ئېيتىپ بەردۇق.

— خەۋىرىنى قىلغۇچىلارغا سۆيۈنچە بېرەمسىلەر؟ سۆيۈنچىنى قوشۇپ ئېلان قىلىساق بالىنىڭ ئىز-دېرىكى تېزرەك مەلۇم بولىدۇ.

— بېرەيلى، بالا تېزرەك تېپىلىدىغان ئىش بولسىلا هەممىنى قىلايلى، — يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەن ئايالىم ئالمان-تالمان ماقۇل كۆردى.

— قانچە پۇل سۆيۈنچە بېرىسىلەر؟

— ...

بىز مەڭدەپ تۇرۇپ قالدۇق. ئىلگىرىمۇ باشقىلارنىڭ يۈز يۈەنلەپ، ئىككى يۈز يۈەنلەپ سۆيۈنچە جاكارلىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق. ئەمدى ئۆز بالىمىزغا كەلگەندە، نېمە دېگىلى بولسۇن؟

— باشقىلار ئەللىك يۈەندىن ئىككى يۈز يۈەنگىچە سۆيۈنچە ئېلان قىلىپ كەلگەن. بۇ هەركىمنىڭ ئۆز ئىقتىسادىي ئەهۋالىغا باغلىق، قانچە دېسەڭلارمۇ بولۇۋېرىدۇ.

— ئىككى يۈز يۈەن سۆيۈنچە بېرەيلى، بالام تېزرەك تېپىلسىلا بولدى، — ئايالىم ئۆكسۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن لۆمۈلدەپ ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مېنىڭ ئەقلىمگە هېچنېمە كەلمەيتتى. ئايالىمنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا ئەيمىنەتتىم.

شۇنداق قىلىپ ئىككى يۈز يۈەن سۆيۈنچە بېرىدىغانلىقىمىزنى ئېلاننىڭ ئاخىرىسىغا قېتىپ قويدۇق. ئىش بېجىرگۈچى يىگىت سائىتىگە قاراپ تۇرۇپ ئېلاننى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى.

— 35 سېكۇنت، يېرىم مىنۇتتىن ئاشسا بىر مىنۇت هېسابلىنىدۇ، بىر قېتىم

ئېلان قىلامدۇق، ئىككى قېتىممۇ؟

— ئىككى قېتىم ئېلان قىلايلى. بالا تېپىلغۇچە ئېلان قىلايلى!...

— ماقۇل، ئىككى قېتىم ئېلان قىلايلى، ئەممە ئېلان ھەققىنى تۆلىۋېتىڭلار.

شۇنداق قىلىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئېلاننى زاكاز قىلىپ قويۇپ قايتىپ كەلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى كېچە-بىر كۈندۈزنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلەمسىز؟ شۇ ئىككى سوتكا بىردەممۇ كۆز يۇممىدىم، گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. خۇدا ئايال كىشىنى پەقەت سۆيۈقلۇقتىنلا ياراتقان ئوخشايدۇ. ئايالىم بولسا يىغىدىن باش كۆتۈرمىدى. بىچارە خوتۇن بىر تېرە-بىر سۆڭەكلا بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشتىن ئەيمىنەتتىم. ئاھ، ئانا قەلبى! ئۇنى چۈشىنەمسىز؟ پەرزەنت ئىشقى، پەرزەنت دەردى ئۇنى نېمىلەر قىلىۋەتمەيدۇ؟ خۇدا بۇنداق قىسمەتنى ھېچكىمنىڭ بېشىغا سالمىسۇن! بىز شۇ چاغدا تىرىك دوزاخ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ چىقتۇق. بالا دېگەن ئۆلۈپ كەتسىغۇ تەقدىرگە تەن بەرگۈلۈككەن. ئىلگىرى كىچىك قىزىمىز قازا قىلغاندا شۇنداق بولغان، ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، ئەمدى مانا ئوغلىمىز تىرىك تۇرۇپ يوقاپ كەتتى. ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇماق چېھرى، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى كۆز ئالدىمىزدىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. «ئانا! ئانا!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمىزدىلا جاراڭلىغاندەك بولىدۇ، لېكىن ئۆزى يوق. ئاھ، بىچارە بالام، ئۇماق قوزام، كۆزىمنىڭ گۆھىرى، سەن نەدە؟ نەلەردىمۇ تەمتىرەپ يۈرىدىغانسەن؟ قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ قورقتىڭمۇ؟ نەدە سەن بالام؟!...

ئىككىنچى كۈنى كەچتە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىزنىڭ ئېلانىمىزنى ئاڭلاتتى. ئەمدى قۇلىقىمىز دىڭ. قاچان ئىشىك چېكىلەركىن، قاچان خەۋەرى بولاركىن، دېگەن زارىقىش يۈرەكلىرىمىزنى ئېزەتتى. تىت-تىت قىلاتتى. ئوغلۇمنى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك، كىچىككىنە قوللىرىدا بويىنۇمغا گىرە سالغاندەك تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئايالىمچۇ؟ ئانىچۇ؟ ئۇ، ئوغلىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن لۆمۈلدەپ ياش ئېقىپ تۇراتتى. قوللىرى بىلەن يۈرىكىنى مەھكەم بېسىۋالغانىدى. ئاھ، بالا مېھرىگە قانمىغان بىچارە، ئېقىپ تۈگەپ كەتمىسەڭ بولاتتىڭغۇ!...

سەھەرگە يېقىن ئىشىك قېقىلدى. كىيىملىرىمىز بىلەنلا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىككى دەردمەن، قەلبى بالا ئىشقىدا كاۋاپ بولغان ئىككى ناتىۋان تەڭلا ئىشىككە يۈگۈردۇق. ئىشىكنى قاققىنى ئىدارە باشلىقىمىز ئىكەن. ئۇ كېچىدە تېلېفون كەلگەنلىكىنى (ئۇنىڭ ئۆيىدە تېلېفون بار ئىدى)، ئوغلىمىزنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزنى چەكسىز خۇشال قىلىۋەتتى. كىچىككىنە قەغەزگە يېزىلغان ئادرېسنى قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ:

— قېنى، ماڭا سۆيۈنچە؟ — دېدى.

بىز ئۇنىڭ چاقچاقىغىمۇ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىگىمۇ قارىماي، ئۆزىمىزنى كوچىغا ئاتتۇق. بىز يۈگۈرەيتتۇق، ياق، ئۇچاتتۇق. گويا يورۇقلۇقنى كۆرگەن، نۇرنى كۆرگەن پەرۋانىدەك ئۇچاتتۇق ...

بىز ھېلىقى قەغەزدىكى ئادرېستا

كۆرسىتىلگەن ئۆيگە يېتىپ بارغاندا «كىچىك پادىشاھ» — يوقىلىپ كەتكەن ئوماق ئوغلىمىز ناتونۇش ئۆيدە بىخارامان ئۇخلاپ يېتىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇخلاپ ياتقان بالىنى يۆلەپ ئېلىپ باغرىغا مەھكەم باستى. بالا چالا ئويغۇلۇق كۆزلىرىنى ئېچىپ ئانىسىنى تونۇدى ۋە «ئانا!» دەپ كىچىككىنە بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ بوينىغا مەھكەم گىرە سالدى. ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياش تۆكۈلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئېنىق ئېسىمدە يوق، مەن ئوغلۇمنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئېلىپ باغرىمغا مەھكەم باستىم. مېنىڭمۇ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، كۆز ئالدىم غۇۋالاشقاندەك بولدى.

— نەدە يۈردۈڭ بالام؟

— مېنى ماۋۇ ئاكاش تېپىۋالدى.

مەن...

مەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئوتتۇز ياشلاردىكى ئوتتۇرا بويلۇق يىگىتنى كۆردۈم، بايا بىزگە ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن يىگىت مۇشۇ ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا قاراشقا ھەپىلىم بولمىغان، ئەمدى مانا ئالدىمدا چىرايلىقتىنە بۇرۇت قويۇۋالغان، رەتلىك كىيىنگەن، يېڭى كاستيۇمىنىڭ ئىچىدىن ئاپئاق ۋە پاكىزە كۆڭلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان يىگىتنىڭ سەل ئەلەسرەك كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. شەپقەتچى. ئوغلۇمنىڭ شەپقەتچىسى! مەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قول ئۇزاتتىم. چەكسىز مىننەتدارلىق ھېسسىياتىم بىلەن قوللىرىنى مەھكەم قىستىم.

— سۆيۈنچىنى بېرىڭ، — دېدى ئايالىم خۇش بولۇپ، مەن يىگىتنىڭ قولىغا ئىككى يۈز يۈەن پۇلنى تۇتقۇزدۇم.

— بۇ، بۇ...

يىگىت نېمىدۇ دېمەكچى بولاتتى.

مەن چەكسىز خۇشال ئىدىم. ئوغلۇم تېپىلدى. ئىككى يۈز يۈەن دېگەن نېمە ئۇ؟

— رەھمەت ئۇكام، رەھمەت! ئوغلۇمنى تالادا قويماپسىز، ئاچ قالماپتۇ. بىز سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمىز، ئېلىڭ، ئېلىڭ، بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز. سىزگە كۆپ رەھمەت!

مەن يىگىتكە ئارقا-ئارقىدىن رەھمەت ئېيتتىم. ئايالىم بالىنى مەھكەم قۇچاقلاپ نېمىشقىدۇ ھېلىمۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇراتتى. ئوغلۇمنىڭ شەپقەتچىسى، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئەلەس كۆز يىگىت بىزنى چاي ئىچىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ تولىمۇ قىزغىن ئىدى. لېكىن بىز رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتۇق. قەلبىمىزدە خۇشاللىق ئۆركەشلەيتتى. مەمنۇنلۇق دولقۇنلايتتى. بىز قانداقمۇ مەمنۇن بولمايلى؟ ناۋادا بۇ يىگىت ئوغلىمىزنى تېپىۋېلىپ خەۋەر ئېلىپ قويمىغان بولسا، بىز يەنە قاچانغىچە نادامەت چېكەتتۇق؟ قاچانغىچە ئاھ ئۇرۇپ يۈرەتتۇق؟ قەلبىمىز رازىمەنلىككە تولغانىدى. بىز ھەممە نېمىدىن، بارلىق كىشىلەردىن، ياخشىلىق ۋە ئادىمگەرچىلىككە تولغان دۇنيادىن مەمنۇن ئىدۇق، رازى ئىدۇق. شەھەر كوچىلىرىدا ئالدىراش كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. پۈتۈن جاھان خۇددى ئوغلىمىزدەكلا ئوماق ۋە گۈزەل ئىدى.

— ياق، توختاڭ، ھېكايەم تېخى تۈگىمىدى. مەن سۆزلەپ بولاي، - ئاڭلاپ

بولغاندىن كېيىن خۇلاسە چىقىرىدۇالارسىز.

بىزنىڭ «كىچىك پادىشاھ» نىڭ يوقاپ كېتىش ۋەقەسىنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئىككى ئاي بولغاندا ئىدارىمىزدا ئاشۇنداق دەھشەتلىك ۋەقەدىن يەنە بىرسى يۈز بەردى. مەن ئۇچۇنلا ئەمەس، پۈتۈن ئىدارىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئالدىنقىسىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك بولدى. خۇدا بۇنداق كۈننى ھېچكىمنىڭ كۆزىگە كۆرسەتمىسۇن. ئاھ، پۈتۈن ئىدارە پاراكەندىچىلىككە تولدى. ئىش توختىدى ...

بۇ ئىككى ئاي جەريانىدا، شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ئېلان پروگراممىسى» توختاپ قالدىمۇ؟ ياق. كىملەرنىڭدۇ ئەركىلىرى، جان - جىگەرلىرى، «كىچىك پادىشاھ»لىرىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئېلانلار ئۈزۈلۈپ قالدىمۇ؟ ياق. بىز ھەر كۈنى ئۇنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇردۇق. باغرى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل ئايالىمنىڭ ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇشلىرى ئاياغلاشقىنى يوق. «ھەي، ئېسىت، بىچارە ئانىنىڭ يۈرەك - باغرى نېمىلەر بولۇپ كەتكەندۇ - ھە! ھەي، بىچارە ...» ئۇ ھەر كۈنى كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ ئاشۇ سۆزنى تەكرارلاپ تۇردى.

شۇنداق، جاھان يەنە بىر خىلدا كېتىپ باراتتى. يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا چۆگىلەيتتى. قۇياش ھەر كۈنى شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتاتتى. تاغلار ئۆرۈلمىگەن، دەريالار قىنىدىن تېشىپ كەتمىگەنىدى. قۇشقاچلار دان ئىزدەپ ۋىچىرلىشاتتى. ئادەملەر پۇلنىڭ كويىدا چېپىشاتتى. شۇنداق كۈندە ئىدارىمىزنىڭ بېشىغا كۈلپەت چۈشتى: ئۇ ئىدارە باشلىقىمىزنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئىدارىمىزنىڭ ئەركە ئوغلى، «كىچىك پادىشاھ»سى ئىدى. ئۇنىڭ نېمە بولۇپ يوقىلىپ كەتكەنلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس، لېكىن يوقىلىپ كەتكەنلىكى راست ئىدى. ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ ھېلىقى ھەممە كىشىگىلا يېقىملىق تۇيۇلىدىغان ئىسسىق چىراي ئايالى بۇقۇلداپ يىغلايتتى، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسى ۋەقەنىڭ دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئىش توختىدى، ئىدارە پاراكەندىچىلىككە تولدى. ئاۋۋال «بېيجىڭ»، «ۋولگا» ماركىلىق كىچىك ماشىنىلار، ئۇنىڭ كەينىدىن «ئازاد» ۋە «شەرق شامىلى» ماركىلىق چوڭ ماشىنىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئالدىراش ھالدا دەرۋازىدىن چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ ۋېلىسىپىتلىرىمىزگە مىنىپ، تەرەپ - تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتۇق. «باشلىقتا شامال تەگسە، پۇقرالار زۇكامداپ قالىدىغان»لىقىنى بىلىسىزغۇ، شۇنداق قىلىپ، يوقىلىپ كەتكەن «كىچىك پادىشاھ» نى ئىزدەش باشلاندى. ئۆزىمۇ چىرايلىق بالا ئىدى. ئانىسىنىڭ، ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ يۈرەك - باغرى نېمىلەر بولۇپ كەتكەندۇ - ھە؟!

ھەممە يەرنى ئىزدىدۇق، لېكىن بالا ھېچيەردە يوق ئىدى. ئانىنىڭ يىغىسى يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ ئەسلىدىلا ساڭگىلاپ تۇرىدىغان كۆز - قاپاقلىرى يەنىمۇ چۈشۈپ كەتتى. بىزنىڭ كۆزلىرىمىزدىنمۇ قايغۇ ۋە ئەنسىزلىك يېغىپ تۇراتتى.

لېكىن مەن ئۆتكەنكى ۋەقەدىن كېيىن تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدىم. ئىدارە باشلىقىغا تېلېۋىزوردا ئېلان چىقىر-

رىشقا مەسلىھەت بەردىم. بۇ تەكلىپ دەر-
ھال قوبۇل قىلىندى ۋە شۇئان باشلىق-
نىڭ «ۋولگا» سى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا
قاراپ ئۇچتى.

شۇ كۈنى كەچكى «ئېلان پروگرام-
مىسى» دا ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ بالىسى-
نىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى
ئېلان ئاڭلىتىلدى. بالىنىڭ خەۋىرىنى قىل-
غۇچىلارغا بېرىلىدىغان سۆيۈنچە ئىككى
يۈز ئەللىك يۈەنىدى.

ئەتىسى بالا تېپىلدى. ئىككىنچى
كۈنى سەھەردىلا «بەخت» ماركىلىق موتوت-
سىكلىتنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇلغان
«كىچىك پادىشاھ» ئىدارىگە كىرىپ كەل-
دى. بالىنى شەپقەتچىنىڭ ئۆزى ئېلىپ
كەلگەنىدى.

ئىدارە باشلىقىمىز بىلەن ئايالى
چەكسىز خۇشال بولۇپ كەتتى. پۈتۈن
ئىدارە خۇشاللىققا تولدى، لېكىن مەن
ھەيران بولۇپ، ئاغزىمنى كامادەك ئاچ-
قان پېتى شەپقەتچىگە قاراپ تۇرۇپ قال-
دىم. ماۋۇ ئوخشاشلىقنى كۆرمەمسىز؟ بىز-
نىڭ «كىچىك پادىشاھ» نى تېپىۋالغان
ئادەم، ئىدارىمىزنىڭ «كىچىك پادىشاھ»
سىنىمۇ تېپىۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنى
ئېنىق تونۇدۇم. كۆكۈش - سېرىق ئەلەس
كۆزلىرى ھېلىمۇ ئىككى ئاي ئىلگىرىكىدەك
كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. چىرايلىق كاستۇ-
مىنىڭ ياقىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان
ئاق كۆڭلىكى ھېلىمۇ ئاشۇ چاغدىكىدەك
ئاق ۋە پاكىزە ئىدى.

ئىدارە باشلىقىمىز سۆيۈنچىنى بەر-
دى. يىگىت سەل دۇدۇقلىغاندەك قىلدى،
لېكىن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقى
ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ رەھمەت - بارىكاللا-
رى ئىچىدە ئاڭلانماي قالدى. يىگىتنىڭ
ساۋابلىق ئىشى ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ ۋە
ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قەلبىگە، شۇنداقلا پۈ-
تۈن ئىدارىمىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلغانى-
دى. پۈتۈن ئىدارىمىز موتوتسىكلىتنى
گۈركىرىتىپ چىقىپ كېتىۋاتقان شەپقەتچى-
نى مەمنۇنىيەت بىلەن ئۇزىتىپ قالدى.
مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپ قال-
غانىدىم. قەلبىمدە ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز
پىكىرلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. بۇ كىم؟ ئىسمى
نېمە؟ بۇنى ئۆتكەن قېتىم مەنمۇ، بۇ قې-
تىم ئىدارە باشلىقىمىزمۇ سورىمىغانىدۇق.
بۇ يىگىت نېمە ئۈچۈن قىلىدۇ؟ بۇنى



ھېچكىم بىلمەيتتى. قەلبىمدە ئاجايىپ بىر گۇمان ئاستا-ئاستا باش كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق كاستۇمىدىن، ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن، ئەلەس كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان ئىللىق نۇرلار ئىچىدىن ئاللىقانداق بىر قارا نەرسىنى، ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان بىر قارىلىقنى كۆرگەندەك بولدۇم... ھەي، بۇ نېمە قىلىق؟ ئوغلۇمنىڭ شەپقەتچىسى، ماڭا چەكسىز خۇشاللىق ئاتا قىلغان كىشى ھەققىدە ئاشۇنداق گۇمان قىلىش توغرا بولامدۇ؟ بۇ ئىنساپسىزلىق ئەمەسمۇ؟ مەندىكى دىيانەت قېنى؟... ئۇ بەلكىم كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىلا ئىزدەپ يۈرىدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەمدۇ. ئۇنىڭ قەلبى بەلكىم ئاشۇ كۆڭلەكلىرىدەك ئاق ۋە كىرسىزدۇر. بەلكىم ئۇ، كىشىلەرگە غايىبانە ياخشىلىق قىلغۇچى ئىنساندۇر؛ ئەمدى مەن ئۇنىڭ توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم؟

مەن ئۆزۈمگە ھاي بېرەتتىم، كۆڭلۈمگە ئىنساپ تىلەيتتىم، لېكىن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە نېمىدۇ بىر نەرسە تۈگۈنچەك بولۇپ تۇراتتى. مېنى ئازابلايتتى. باش-ئايىغى يوق ئويلارغا سالاتتى. بۇ ئوي، بۇ گۇمان مېڭەمدىن كېچە-كۈندۈز يىراق بولمايتتى. مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ ئەلەس كۆزلۈك شەپقەتچى توغرىسىدا نېمىلەرنىدۇ بىلىشىم لازىمدەك، ئۇنىڭ ئوقىتى، ئىسمى، كەسپى توغرىسىدا بىلىۋېلىشىم زۆرۈردەك ھېس قىلاتتىم. ئاخىر مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى، ئادرېسىنى بىلىۋالدىم. لېكىن ئۇنىڭ كەسپى ۋە ئوقىتى توغرىسىدا ئېنىقراق بىر نەرسىگە ئېرىشەلمىدىم. كۆڭلۈمدە يەنىلا گۇمان قالدى.

ھەي، قاراڭ، بالا دېگەن بىزنىڭ ئىدارىدىلا يوقىلىپ كەتمەيدىكەن. باشقا ئىدارە، باشقا مەھەللىلەردىمۇ يوقىلىپ تۇرىدىكەن. يەنە تېپىلىپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى ئىدارە قورۇسىدا بىر قانچىمىز پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتۇق. قوشنا ئىدارىدىن تونۇش بىرسى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاللىقانداق ئەنسىزلىكى چىقىپ تۇراتتى. ھايال ئۆتمەي مەلۇم بولدىكى، ئۇمۇ يوقاپ كەتكەن بالىسىنى ئىزدەپ كەپتۇ. مانا قاراڭ، نېمە ئانچە تولا يوقىلىپ كېتىدىغان بالىلار بۇ؟ ياكى بۇ «كىچىك پادىشاھ» لارنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەسمۇ؟ بىز بالا ئىزدەشنىڭ دەردىنى تارتىپ كۆرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئېلان چىقىرىشنى، قەيەرلەرنى ئىزدىسە تېپىلىش مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ مەسلىھەت بەردۇق. مانا شۇ چاغدا مېنىڭ كاللامدىن ھېلىقى بىر گۇمان يەنە لىپپىدە قىلىپ ئۆتۈپ قالدى. مەن ئۇنى يانغا چاقىرىپ، ئۆزۈمگە مەلۇم بولغان ئادرېسنى ئېيتىپ بەردىم.

— شۇ يەرگە بېرىڭ، چوقۇم شۇ يەردە.

ئۇ ھەيران بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ كېتىپ قالدى.

مەن نېمىشقا شۇنداق مەسلىھەت بەرگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. بەلكىم ئۆز گۇمانىمنى يېشىش ئىستىكى، ئۆز پەرىزىمنى ئىسپاتلاش قىزغىنلىقى مېنىڭ شۇنداق مەسلىھەت بېرىشىمگە تۈرتكە بولغاندۇ، لېكىن ھېلىقى تونۇش بۇرادەر كېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمچە نېمىدىندۇ خىجىل بولغاندەك بولۇپ قالدىم.

قەلبىمدە ئەنسىزلىككە ئوخشاش بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. ھەي، گۇمانخورلۇق، سەن ماڭا قەيەردىن كېلىپ يۇققانسەن؟

لېكىن شۇ كۈنى كەچتە مەن بىر تالاي رەھمەتلەرگە سازاۋەر بولدۇم. قوشنا ئىداردىكى ھېلىقى بۇرادەر مېنى يوقلاپ كەپتۇ. بالىسى ھەققىدە مەن ئېيتىپ بەرگەن ھېلىقى يەردىن تېپىلىپتۇ. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، گەرچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا ئېلان چىقىرىپ، ئالدىدىن سۆيۈنچە جاكارلىمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەللىك يۈەن سۆيۈنچە بېرىشكە، بالىنى بىر كۈن خەۋەر ئالغانلىقىنىڭ ھەققىنى تۆلەشكە توغرا كەپتۇ.

مېنىڭ گۇمانىم پۈتۈنلەي يېشىلگەن، پەرىزىم تولۇق ئىسپاتلانغانىدى. كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ بىر «شەپقەتچى» نامايان بولۇپ تۇراتتى. كوچىلاردا يالغۇز ـ يېگانە يۈرگەن بالىلارنى ئىزدەپ يۈرىدىغان، سۆيۈنچە بىلەن بېيىغان بىر «كەسپىي ئائىلە» نامايان بولۇپ تۇراتتى. بۇ، ئانىلارنىڭ، ئاتىلارنىڭ قەلبىگە ئاۋۋال دەرد ـ ھەسرەت سوۋغا قىلىپ، ئارقىدىنلا خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان «كەسپىي ئائىلە» ئىدى.

— ھېكايىڭىز تۈگىدىغۇ دەيمەن، لېكىن باش ـ ئايىغى باغلاشمىدىغۇ؟

— نېمىسى باغلاشمىدى؟

— سىز باشتا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ئېلان پروگراممىسى» توغرىسىدا سۆزلىگەنىدىڭىز، ئاخىرىدا «بالىلارنىڭ شەپقەتچىسى» گە ئۆتۈپ كەتتىڭىز.

— ھە، مۇنداق دەڭ، بۇ ئىككىسى باغلىنىشىدۇ. «شەپقەتچى» تىرىشىپ ئىشلىگەندە، «ئېلان پروگراممىسى» گۈللەيدۇ. «ئېلان پروگراممىسى» گۈللىگەندە، «شەپقەتچى» روناق تېپىپ بېيىيدۇ. باغلىنىش بارمىكەن؟ قېنى، ئەمدى تەسىراتلىرىڭىزنى سۆزلەپ باقمامسىز؟

— تەسىراتىم شۇكى، بىرەرسىنىڭ بالىسى يوقىلىپ كەتسە، سىزنىلا ئىزدەپ كەلسە بولغۇدەك، سىز بالىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى دەرھال ئېيتىپ بېرەلەيدىكەنسىز.

— ئەمدى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بولدۇم.

— نېمىشقا؟

— بۇمۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى تېلېۋىزوردىكى خەۋەرلەر پروگراممىسىدا شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوچۇق سوت يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى كۆردۈم. جىنايەتچىلەر قاتارىدا ھېلىقى يىگىتنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ چىرايلىق كاستۇمى ئىچىدىكى ئاق كۆڭلىكى بىر ئاز كىرلىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئەلەس كۆزلىرى خېلىلا مەيۈس. دىكتورنىڭ سۆزىدىن بىلدىمكى، ئەمدى ئۇ بەش يىلغىچە سۆيۈنچە ئالالمايدىغان بوپتۇ...

تەھرىرلىگۈچى: روزى ماھەممەت جاۋدە

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

# پىچىرلايدۇ يۈرىكىم

## ئاشىق سۈرىتى

شەربەتلەر تامماقتا ئاسماندىن ئۇدا،
ياتار كۆز ئالدىمدا بىر توقاي سېغىز.
كۆرۈنەر سېغىزلىق،
دان بەرسە ئانا
قارلىغاچ بالىسى ئاچقاندەك ئېغىز.

— ياغە، ياغ، — دېدىم مەن، — ياغقىنا يامغۇر،
يوقالسۇن سېغىزلىق لېۋىدىكى گەز.
قۇرۇتتى تېنىنى تومۇزدىكى نۇر،
چاڭقاقلىق قالدۇردى يۈرىكىدە دەز...

تېشىلىپ كەتكەندەك كۆكتە سۇ باكى
ۋە ياكى ياش تۆككەن كەبىي پەرىشتە؛
يېغىن توختىمىدى نەچچە كۈن تاكى،
(تىلىكىم ئىجابەت بولدى ئەرشتە.)

قات - قېتى يامغۇردا ھىملىشىپ پۈتۈن،
ئۆگە - ئۆگىلىرى ياشاردى بەلكىم.
ئاشۇنداق ئوي ئويلاپ چىقسام قايسى كۈن،
رېئاللىق ئالدىدا تۇرۇپ قالدىم جىم.

چاك يېرى يەنە چاك، كۆككە تەلمۈرۈپ،
سېغىزلىق ھالسىراپ ياتار شۇ پېتى.
كەلدى كۆز ئالدىمغا بۇ ھالنى كۆرۈپ،
ۋىسالغا قانمىغان ئاشىق سۈرىتى.

## نۇر

چېچىلغاندەك كۈمۈش سۈيۈقلۇق،
چۈشتى كۆكتىن تارام - تارام نۇر.
تۈننى سۈرگۈن قىلدى ئۇ مەغرۇر،
ۋادىلاردا كۈلدى يورۇقلۇق.

ئاشۇ نۇردىن ئۇلاشتى تاڭغا
زۇلمەت تۈندىن بىزار بۇ دۇنيا.
لېكىن كۆڭلۈم بولدى بىر قىسما،
چۈشكەن چېغى كۆزۈم غار - ھاڭغا

نۇر تەگمىگەن شۇ پىنھان جايغا
ھارارەتلىك قوينىنى ئېچىپ،
چاپتى تۈيغۇم يورۇقلۇق چېچىپ،
ئوخشاپ گويا تۈندىكى ئايغا.

## چۆللىرىم

ئۇپۇقنى باغاشلار كۆز يەتمەس چېتىڭ،
قۇم، شېغىل، تاغ، سۆكسۆك... ياتار قوينۇڭدا.
تۈمەن خىل گىياھقا ماكاندۇر بېتىڭ،
يۇلغۇنلار تەۋەرۈك تۇمار بوينۇڭدا.

«تارىم مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

تۇرىدۇ شاخلىرى قۇرۇغان توغراق،
چاڭقىغان بوز دۆڭلەر لېۋى گەز باغلاپ.
كۆرۈنۈپ گاھ غىل - پال، گاھىدا چوڭراق،
مۆكۈشمەك ئوينايدۇ ئۇپۇقتا سەراپ.

شائىرنىڭ قەلبىدەك سەزگۈر ئاھۇلار
چېپىشار تاغ تامان بۇلاق ئىزدىشىپ.
كۆللەردىن كۆللەرگە ئۇچقان ئاق قۇلار
ئۆتتۈشەر ئۈستۈڭدىن نەزەر تاشلىشىپ.

ئۇرىدۇ باغرىڭدىن ئىسسىق شامال-لار
ماڭغاندا كاتاڭلىق قەدىم يولۇڭدا.
چۈشۈڭدە مېھرىڭنى تارتىدۇ تاللار
ياپېيېشىل جۇلالاپ ئوڭ ۋە سولۇڭدا.

بارخانلار قوينىدا قەدىمىي قەلئە،
قەددىنى ئەسىرلەر بورىنى كۆمگەن.
ئۇندا بار ساپ تارىخ، بۇرۇنقى پەللە،
ئەل تىنچلىق، يۇرت بەخت ئىلكىگە چۆمگەن...

سەن شۇنداق بىپايان ھەمدە پاك ماكان،
باغرىڭغا ياتلارنىڭ ئىزى چۈشمىگەن.
مەدەنگە ئىگىسەن تۈگىمەيدىغان،
بىرەر زات قالمىدى كۆزى چۈشمىگەن.

ئاھ، مېنىڭ چۆللىرىم، تاقىر چۆللىرىم،
سەن پەخرىم، بايلىقىم ھامان سۆيۈملۈك.
چۆل تامان قوزغىلىپ ئاق، ئەي كۆللىرىم،
بارخانلار ئورنىدا قەد كەرسۇن گۈللۈك!

## ئۈچ، كەپتىرىم

يايرىغىن، ئەركىنلىك بىلەن ئۈچ، كەپتىرىم،
ئاچماقتا سۈزۈك ئاسمان قۇچاق ساڭا.
تاۋلىغىن قانىتىڭنى پەرۋازىڭدا،
كەڭ بوشلۇق مېھرى ئىللىق ئوچاق ساڭا.

ئۇنلىسەڭ كوۋۇكۇڭدا «بۇق - بۇق» قىلىپ،
بولارمەن ئاڭلىغاندەك بىر پەس مۇقام.
ھاۋادا ئاتقان ئەپچىل موللىقىڭدىن،
كېلىدۇ كۆز ئالدىمغا دارۋاز بوۋام.

قونىسەن مەن ياسىغان پەغەزگىلا،
باسمايسەن يات كوۋۇكتا ئەسلا تۇخۇم.
باچكاڭغا دان بېرىسەن ئېغىزىڭدا،
ساداقەت، پاكلىقىڭغا كېلەر زوقۇم.

سېنىڭدىن ئايرىلغۇم يوق شۇڭا پەقەت،
ئۆي سالسام ساڭا قۇما① سېلىپ كەلدىم.
سەن بىلەن قوشكېزەكتەك خۇشاللىقىم،
ھەر دائىم سېنى ھەمراھ قىلىپ كەلدىم.

پەخەس بول، ئەسكەرتىمەن شۇنى ساڭا،
داننى دەپ چۈشۈپ قالما قىسماققا ھەم.
ئاتقاندا پەيزىڭ بىلەن كۆككە موللاق،
سا، لاچىن سېنى پايلاپ يۈرەر ھەردەم.

## بىر بۇلاق

سۈزۈلدۈرمەك بولۇپ دەريانى،
ئاڭا كېلىپ قوشۇلدى بۇلاق.
قوشۇلدى - يۇ، مىنۇت ئۆتمەستىن،
لېيىپ كەتتى شۇ بۇلاق، بىراق.

## ھىجراننامە

كۆز قىيىشماي ئايرىلدۇق يەنە،
قەلبىمدە ئوت، قەلبىڭدە ئەلەم.
مۇخالىپلار قىلدى تەنتەنە،
ئەجەبلەندى دوستلىرىمىز ھەم.

① قۇما — كاتەك مەنىسىدە.

AltunOq

تارتقان ئىدۇق تېخى يېڭىلا
ئايرىلىشنىڭ تۇنجى دەردىنى.
قىسمەتكە مىڭ قىلساقمۇ دۇئا،
بولدى ئازاب يەنە بەرگىنى.

ھەر ئېغىزدا ھەرخىل پەتىۋا،
گاراڭ بولدى قۇلاقلىرىمىز.
پۇلمۇ ياكى كۆڭۈل ئەتىۋار؟
يەكلەندى ئۇ سوراقلىرىمىز.

باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن، ئادەم
خۇشتار ئىكەن ئىزدەشكە قۇسۇر.
پىتنىلەردىن بولسا كۆزلەر نەم،
سېزەمدىكىن كۆڭلىدە ھۇزۇر؟!

يېڭىلاندى ھەممە بۇ كەمدە،
نېچۈن مۇتلەق سۆيگۈ يوسۇنى؟
نېچۈن ھەممە كۈلگەن ئالەمدە،
كۈلدۈرمەك تەس پاك، چىن سۆيگۈنى؟!

* *

دوقال كېلىپ دوقمۇش ئېقىننى
ئايرىغاندەك ئىككى بۆلەككە؛
يىراقلىتىپ قىسمەت يېقىننى،
ئازار بەردى بىر جۈپ يۈرەككە.

زېمىندىكى تارماق ئېقىنلار
تېپىشقاندەك دېڭىزدا ئاخىر؛
كىم بىلىدۇ، ۋىسالنى يىللار
كۈلدۈرەمدۇ ساقىيىپ تەقدىر...

مەن ئاشۇنداق خىيال سۈرىمەن،
باغرىمدا ئوت، دىلىمدا ئۈمىد.

چۈشۈمدىمۇ شۇنى كۆرىمەن،
قىلىپ تەتۈر قىسمەتنى زىۋت.

سەن نېمىنى ھېس قىلدىڭ بۇدەم،
كۆرۈشۈشكە پۇرسەت يوق بۈگۈن.
بەختىمىزگە ئامان بول، ئەركەم،
ئامانلىقىڭ تىلەيمەن كۈن - تۈن!

## قۇتلۇق چۈش

«قۇتادغۇ بىلىك» نى تېڭىپ مەيدەمگە،
پەخىرلىنىپ پۈتۈن ئالەمگە،
ئولتۇرسام
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھۇزۇرىدا،
تەڭلەپ ماڭا رەسىمىنى ئاكىيونىڭ
كۆرۈندى لۇشۈن
شەرق ئۇپۇقىدا...

ئويلىدىم،
سىڭىپ كەتتىم شۇ ھامان
كۆزلىرىگە لۇشۈننىڭ!
شۇ چاغ يالقۇنتاغنى قۇچاقلاپ،
چىقىپ كەلدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى
رەھمەت ئېيتىپ ماڭا تۈمەنمىڭ!
سوۋغا قىلىپ قەلىمىنى ھەم
قالدى ئۇزىتىپ،
دىلىنى چەكسىز ئۈمىدكە ئوراپ.
مەن جۇرئەتنى ئەيلەپ زەر قانات،
ئۇچۇپ كەتتىم قۇياشقا قاراپ!...

## كۆسەي

يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يالقۇن ئىچىدە
ئىتتىرىپ
شاخ ـ شۇمبىنى، ئوتۇننى،
ئۇلغايتىسەن قىزىل كۆز ئوتنى.
ئايلاندۇرۇپ ياغاچلارنىڭ
روھلىرىنى تۈتۈنگە،
كەڭرى بوشلۇقتا
كۆپەيتىسەن بۇلۇتنى...
ئۆمرۈڭ ئاشۇنداق
كۆيدۈرۈشكە بەخشەندە بولغاچ
ئىزىڭ قارا!
يۈزۈڭ قارا!
ئاخىر
ساق قالمايسەن ئۆزۈڭمۇ،
يەپ تۈگەيسەن شۇ ئوتتىن دەككە.
ياتقىنىڭدا ئازگالدا جانسىز،
شامال بىر كۈنى
سورۇۋېتەر كۈلۈڭنى كۆككە!

## تاقىر تاغ

ئاسمان
شىپالىق ئىزدەپ چاڭقاقلىقىڭغا
ئەۋەتسە شەربەت
هاۋادا قىلىپ چىقىنلىرىڭغا؛
كۆزلەپ يېشىل باغلارنى ھەرئان
ھەدىيە قىلسەن ئۇنى
جىلغىلارنىڭ ئېقىنلىرىغا...

قۇيۇش
چوققاڭدىكى مۇزنى كۆرۈپ
ئايىماستىن ياغدۇرسا ئاپتاپ؛
ئۆتۈنسەن باغرىڭدىكى گۈللەرگە،
تۆزۆك
ياشاۋېردىسەن مۇزنى قۇچاقلاپ...
پەستە كېزىپ يۈرەر ساپ ھاۋا ھامان،
ئېغىرلىتىپ تىنىقلىرىڭنى
ئەتراپىدا بۇرنۇڭنىڭ
ئەگىپ يۈرەر تۈتەك ۋە تۇمان.
شامال
ئېلىپ كەتمەك بولسا ئۇلارنى
كەتكۈزمەيسەن ئۆزۈڭدىن نېرى،
ئىستىقبالى چىمەننىڭ
خىيالىڭدا ھەردەم ھۆكۈمران...

تاقىر تاغ،
ئويلىمايسەن ئۆزۈڭنى پەقەت.
تاقىرلىقىڭ
ئۆزگەرمىدى شۇڭلاشقا،
ئۆزگەرمەس بەلكى،
تەسىرلەنگەن زېمىن تەۋرىنىپ
سېنى ئۆز قوينىغا ئالغۇچە جەننەت!...

## قۇياش بەرگەن تېلېفون

ئۆڭكۈرلەر،
زارلاپ كەلدىڭ ئۇزاقتىن تەگەپ:
نۇر تەگمەيدۇ، بىزگە دەپ.
ئۈستۈڭدىن
ئېلىۋەتمىسەڭ
گرانىت تاشلارنى،
نۇرۇم قانداق ئۆتىدۇ تېشىپ؟!
نۇر قۇچقان ۋادىلارغا
سەپ سالغىنا، كۆزۈڭنى ئېچىپ!

## توغراق

قېرى گەۋدىسىنى ئاپتاپقا قاقلاپ،
ئولتۇرىدۇ بىر بوۋاي،

قۇم دۆڭنىڭ باغرىدا كىمنىدۇر ساقلاپ.
قۇرۇغانمۇ كۆزلىرى ياشتىن
زەپىران يۈزلىرىدە
قېتىپ قاپتۇ كۆپ سۇسىز ئېرىق،
چاۋاكچى قوللىرى سۇس كۆك، سۇس
سېرىق...

ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقلىرىدىن
تارىلىدۇ قۇرغاق قوشاقلار،
بوستانلارنى ئارماندا كېزىپ.
يادلىغانچە
تەكلىماكان ئەپسانىسىنى،
ئولتۇرىدۇ تۆت پەسىل ئارا
يىلتىزىدا ئۆزىنىڭ
ئەسلى يېشىل خەرىتىسىنى سىزىپ...

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

# كۈيلىرىمگە ئىشقىۋاز بۇلبۇل

## ياۋا قامچا گۈل

كۈنگەي دالا يېشىللىق چۈشەپ،
زەڭگەر كۆكتىن ئىزدەر ئەكسىنى.
ئاق لىباستەك بۇلۇتلار لەيلەپ،
تۆكمەك بولار قۇتلۇق يېشىنى.

ئىسسىق شامال لەۋ يېقىپ ئۆتەر،
هارارىتى كەمدەك قېقىرنىڭ.
ئوخشاپ قالار قاقشان مىسلى پەر
ئۆگزىلىرى يىراق چېدىرنىڭ.

يېقىندىلا يەنە كۈنگەيدە
مەۋجۇت ئىكەن نازۇك ئېغاڭلاش.
ئوچۇم - ئوچۇم نازۇك پەيلەردە
يوچۇن قىزدەك لېۋەن يېتىرقاش.

پۈرمە - پۈرمە مايسارەڭ بەرگ،
تىترەپ كەتتى سۇنۇلغاندا قول.
يېشىللىققا يەنە سەن غەرق،
ئىسمىڭ نېمە؟
— ياۋا قامچا گۈل.

## كۈيلىرىمنى كۈيلەيدۇ سەلكىن

كۈيلىرىمنى كۈيلەيدۇ سەلكىن
تۈندە، تاڭدا، كەچتە، سەھەردە.
ياپراقلارنىڭ شىلدىرى غەمكىن،
شائىر كۆڭلى يەنە ئەلەمدە.

كۈيلىرىمنى كۈيلەيدۇ سەلكىن
يۈرەك سۆزۈم چېچەكلار، كەڭرى.
سەلكىن قونغان زەررىلەر چېقىن،
كۈيلىرىمگە ئىشقىۋاز بەرى.

كۈيلىرىمنى كۈيلەيدۇ سەلكىن،
يىراقلارغا ئاڭلىتىپ تولۇق.
كۈيلىرىمنىڭ تەسىرى تەمكىن،
يۇلتۇزلاردەك چاقنايدۇ نۇرلۇق.

## بۇلاق

كۈلۈپ كەلدى، كېتىدۇ كۈلۈپ،
ۋىلىق - ۋىلىق ئۇنىڭ ئاۋازى.

جاڭگاللاردا يۈرەك ياشارتسا
ۋە ياڭرىسا خۇشاللىق سازى،
ئۇ ھەممىدىن بولىدۇ رازى.

بويلىرىدا ئوينار شوخ شامال
چىمەنلەرگە مېھرىنى بېرىپ،
ئۈنچىلەرنى ئاتسا قىرلارغا،
قىياقلاردا چاقنايدۇ يېنىپ،
ئۇ ھەممىدىن بولىدۇ رازى.

ھارغانلارغا بولۇپ ئارامگاھ،
تەشنالارنى قاندۇرار ھامان.
خەيرلىككە بولۇپ چىن گۇۋاھ،
قايغۇلارنى ئەيلەيدۇ يەكسان،
ئۇ ھەممىدىن بولىدۇ رازى.

يېڭى مەرغۇل كۈيلەپ بىر ئۆمۈر،
چاڭقاق دىلنى خۇش ئېتەلىسە؛
ئېقىنىدا سۆيگۈ يېتىلەپ،
مەنزىلىگە شاد يېتەلىسە،
ئۇ ھەممىدىن بولىدۇ رازى.

## كېچە

شىلدىر - شىلدىر سۈكۈنات ئورمان،
كېلەر يېنىك ھۇۋۇلىغان كۈيلەر.
ئاسايىشلىق ئىچرە يەر جاھان،
چۆچۈپ - چۆچۈپ چۈشكە ئىنتىلەر.

ئاھ، بەختىيار يۇمشاق چىمىلدىق،
گىرەلەشكەن ئوتلۇق نەپەسلەر.
ساددا چۈشلەر بەزەن خىجىللىق،
تولغۇنۇشتا تاتلىق كۈلۈشەر.

تۇخۇم بېسىپ غەمسىز، خىرامان،
قۇشلار ياتار ئۇۋۇدا مۈگدەپ.
سەيياھ مىسلى يۇلتۇزلۇق ئاسمان،
تالاي سۈرەت يۈرىدۇ لەيلەپ.

توختەمۇھەممەت تۇردى

# ياشنايدۇ گۈل ھايات بېغىدا

## دېھقان

بۇ جاھان مىسالى بولسا بىر ئادەم،
كۆكسىدە يۈرەكسەن
ھەم ئۆمرىگە قۇت.
ئەجرىڭگە موھتاجدۇر جېمى جان ھەردەم،
ھاياتلىق ئۆيىگە تۈۋرۈكسەن مەزمۇت.

راھەت دەپ بىلىسەن تارتساڭ مىڭ جاپا،
تەر تۆكۈش، رىيازەت ساڭا توي - بايرام.
ئۈزدىسەن بىتىنىم بېلىقتەك گويا،
بىپايان دالىلار سەن ئۈچۈن قاينام.

يوق سەندە چوكچىلىق، كىبىر، تەمەننا،
ئوغۇزدەك تازاسەن،
قۇياشتەك نۇرلۇق.
تەمە كوچىسىدا يۈرمەيسەن ئەسلا،
شۈكرىڭگە ئۆگەنگەن چەكسەڭمۇ خورلۇق.

ساددا ئوي، ساددا خۇي جىسمىڭغا ئەمەك،
مەيلىڭنى تارتالماس يالتىراق شۆھرەت.

تۇندىمۇ چۈشەيسەن قىر، ئېتىز، ئەمگەك...
پەقەت تەر - ئەجرىڭدىن كۈتىسەن ئامەت.

ئالدىراش ئۆتىسەن باللىق قۇشتەك،
ھىدلىماي باھارنىڭ ئالمىشار قىشقا.
سېخىيسەن، خالىسسەن بال ھەرىسىدەك،
زەر تۆلەپ يىغقاننى بېرىسەن مىسقا.

پارلايدۇ يۈزۈڭدە كۈن نۇرى گويا،
ھەقلىقتۇر خىزىرغا ئوخشاتسام سېنى.
ئاقىدۇ دەريادەك قەلبىڭدە زىيا،
يۈزۈڭدەك يورۇسا دىلىڭ ئاسمىنى!

يۈزۈڭدەك يورۇسا دىلىڭ ئاسمىنى،
تۇيۇلار بۇ ھايات شۇ قەدەر گۈزەل.
ئاڭلايسەن ھەر ياقتىن غالىب ناخشىنى،
بۇ ناخشا ھەرقانداق ناخشىدىن ئەۋزەل...

## يىغا

كۆپ يىغلىدىم، ئۆكسۈپ يىغلىدىم،
ھاسىل بولدى يېشىمدىن دەريا.
ئاقتى دەريا، ئاقمىدى ئەمما،
ھەقنى ئىزدەپ تۇغۇلغان دەۋا.

قالدى دەۋا،
ياراتتىم دەريا،
سەن يايىرىدىڭ بولۇپ بىر بېلىق.
شۇبھىسىزكى،
دەريا ئۈستىدە
بېلىقچىنىڭ بارلىقى ئېنىق.

## سۆيگەن نىگارىم

ياش ئۆلغىيىپ، بېشىمغا ئەقىل قونۇپ،
قانات قاقتى ھېسلىرىم بولۇپ كەپتەر.

ئۇتتى كۆڭلۈم مۈلكىنى مەغرۇر تۇرۇپ،
ھەققانىيەت، ھەقىقەت ئاتلىق دىلبەر.

قۇياش بولۇپ ياندى ئۇ ئۇپۇقىمدا،
نۇرغا تولدى كۆڭلۈمنىڭ كەڭ ئالىمى.
ئۇيۇپ قالدى سۈرىتى قارىچۇقىمدا،
دېمىقىمغا ئورناشتى ئىپار دېمى.

كۆردۈم ئۇنى چۈشۈمدە يارقىن ئەجەب،
ئاھ، يۈرىكىم باشلىدى يالقۇنجاشقا!
يۈردۈم تىلەك چۆلىدە ۋىسال ئىزدەپ،
ساداقەتتىن گۈل چېكىپ قورام تاشقا.

جېنى بىلدىم پاكلىقنى مۇھەببەتنىڭ،
چاراقلىدىم پاكلىقتا زەر بىلەن تەڭ.
تىلىنىسامىمۇ تىغىدا رىيازەتنىڭ،
ۋىجدان گۈلۈم توزمىدى، بۇزمىدى رەڭ.

سەپەر قىلدىم تالاي رەت ۋىسالگاھقا،
لەپىلدىتىپ راستچىللىق ئەلىمىمنى.
يېتىش ئۈچۈن ئاخىرقى قارارگاھقا،
بېسىپ كەلدىم مەردانە قەدىمىمنى.

مۇشۇ يولغا ئاتىغاچ ئۆمرۈمنى مەن،
ھېس قىلىمەن ئۆزۈمنى بەختىيار دەپ.
چۈشۈرمەيمەن شۇڭلاشقا روھىمنى مەن،
ئەر يىگىتكە ۋىجدان چوڭ تىل تۇمار دەپ.

## سۆيگۈمىز قۇياشى چاچتى نۇر—ئاپتاپ

سۆيگۈ بىر دېڭىزدۇر،
ۋىسالگاھ گويا
يىراقتا چوقچىيىپ كۆرۈنگەن ئارال.
سەن ئۈزۈپ كېلىسەن ئۇياقتىن، رەنا،
بارىمەن بۇياقتىن مەن بېلىق مىسال

AltunOq

ۋە لېكىن يولىمىز ئەمەس بىخەتەر،
لەھەڭ بار،
بار يەنە زەھەرلىك يىلان...
ساداقەت قوغدىدى بىزنى شام-سەھەر،
دولقۇندا دولقۇندەك ئۈزدۇق تىكىپ جان.

چىقتۇق بىز ئاخىرى ئارالغا ئامان،
سۆيگۈمىز قۇياشى چاچتى نۇر-ئاپتاپ.
دىللارنى لەرزىگە سالدى ھاياجان،
ۋىسالنىڭ جامىدا ئىچكەندە شاراب.

ۋىسالنىڭ جامىدا ئىچكەندە شاراب،
ئۇنتۇلدى كۆپ يىللىق جۇدالىق دەردى
ۋە لېكىن بەرمەك تەس ۋىجدانغا جاۋاب،
ئۇنتۇلسا بۇ ۋىسال، بۇ بەخت قەدرى.

## كەچۈر، مېنى

گۇناھ ئەمەس مېنى سۆيگۈنىڭ،
مەن نېمىشقا خارلىدىم سېنى؟
قىممىتىنى بىلدىم سۆيگۈنىڭ،
ۋاپادارىم، كەچۈرگىن مېنى.

دىل كۆكىمدىن سۈرۈلۈپ بۇلۇت،
ئاستا-ئاستا پارلىدىڭ كۈندەك.
كەچۈر، ئەمدى غەشلىكنى ئۇنۇت،
ياشناپ كۈلسۇن ئۆمرىمىز گۈلدەك.

ھەمراھ بولسۇن ئۆمرىمىزگە قۇت،
سۆيگۈمىزدىن ئوت چاقنىسۇن، ئوت!

## مۇشۇ كوچىلار

ئاھ، مۇشۇ كوچىلار، مۇشۇ كوچىلار،
كۆڭلۈمگە بېغىمدەك يېقىن تۇيۇلار.
ھەر قېتىم ئۆتكەندە قەلبىمدە مېنىڭ
ئويغىنار ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇلار.

ياش ئىدىم ئۇ چاغلار، شەمشاتتەك قەددىم،
شاش ئىدىم، دولقۇنلاپ تۇراتتى قەلبىم.
كۈلەتتى تۆكۈلۈكتىن قارىغان ئايدەك،
ھاياتىم بېغىغا نۇر تۆكۈپ بەختىم.

كۈن پېتىپ، يايغاندا گۈگۈم كەڭ ئېتەك،
كېلەتتىم دوقمۇشقا تەلپۈنۈپ يۈرەك.
كېلەتتى دىلبىرىم كۈلۈپ، ئەركىلەپ،
باغلاردا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلدەك.

ئاسماندا ئاي، يۇلتۇز ئۈزسە شادىمان،
ئۈزەتتۇق كوچىدا بىز ھەم يانمۇ-يان.
بەزىدە قەدەملەر قالاتتى توختاپ،
دىللاردا ھېس-تۇيغۇ ياساپ سەل-قىيان.

ئۆرلەيتتى تىنىقلار يالقۇن ئارىلاش،
قويغاندا ئامرىقىم كۆكرىكىمگە باش.
يۈرەكنى سەگىتىپ، چاچلارنى تاراپ،
ئۇچاتتى شوخ، سالقىن شامال ئالدىراش.

ئۇچراشقان دوقمۇشقا كېلەتتۇق يېنىپ،
كۆڭۈللەر بېتىگە ئۆچمەس ئىز سېلىپ.
قايتاتتۇق قويسا ئاي ياستۇقىغا باش،
قارىشىپ ئارقىغا يېنىپ ۋە يېنىپ...

شۇ يوسۇن ئۆتتۈشتى يىللار كارۋىنى،
ياشاشقا، چاقناشقا چىللاپ ئارمىنى.
يەتتۇق بىز ھاياتنىڭ مەنزىلگاھىغا،
تەڭ سۆرەپ ئېگىز-پەس يولدا ھارۋىنى.

ئەمدى ئۇ ئاق تۈنلەر ئاچماس يۈز-چىراي،
ئاتالدۇق بىز بۈگۈن بوۋاي ۋە موماي.
ۋە لېكىن قارىسام ئاشۇ كوچىغا
كېلىشەر يىگىتلەر قولتۇقىدا ئاي...

ئاھ، مۇشۇ كوچىلار، ئۇزۇن كوچىلار،
باغرىدىن دېماققا ئېپار ئۇرۇلار.
ھەر قېتىم ئۆتكەندە ھاسا تايىنىپ،
ھېسلىرىم ئويغىنىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلار.

ئابابەكرى توختى

# گۈل ئېيتىدۇ سۆيگۈ قىسسىسى

## باش باھارنىڭ بىر ئەتىگىنى

باش باھارنىڭ بىر ئەتىگىنى
گۈل بەرگىدە ئويىنىدى زىبيا.
تاغ كەينىدىن يۈز ئېچىپ قۇياش،
باقتى خۇش خۇي زېمىنغا قىيا.
چوققىلاردا سۈزۈلۈپ مانان،
سۈت رەڭگىدە تاۋلاندى دۇنيا.

باش باھارنىڭ بىر ئەتىگىنى
چۆمدى قىزىل نۇرغا ئانا يەر.
ئېيتىپ كۆكتە شادلىق كۈيىنى،
بىر توپ ئاق قۇ قېقىپ كەلدى پەر.
سوزۇپ - سوزۇپ چىللىدى خوراز،
يېڭى تاڭدىن بېرىپ خۇش خەۋەر...

## ئېچىلمايلا توزىدى لالەم...

ۋىسال بىزگە باقمىدى كۈلۈپ،
ئېچىلمايلا توزىدى لالەم.
سەن قەبرەڭدە ياتساڭمۇ تىنچ،
قۇلىقىڭدىن كەتمەيدۇ نالەم.
مەرۋايىتتەك تۆكۈلەر يېشىم،
ياشلىرىمغا تولدى پىيالەم.
سەن بولمىغاچ گويا زۇلمەتتەك،
تۇيۇلىدۇ ماڭا بۇ ئالەم!

## ۋىسال كېچىسى

مەي ئىچمەن ئاھۇ كۆزۈڭدىن
نەزەرىمنى قىلىپ ئالتۇن جام.
چاچلىرىڭدىن پۇرايمەن ئەتىر،
قىلار ئىشقىڭ يۈرىكىمنى رام.
تەشنالىقتا قانماس لەۋلىرىم،
لەۋلىرىڭگە ۋىسال كېچىسى.
قۇتلۇقلايدۇ بىزنى تولۇن ئاي،
گۈل ئېيتىدۇ سۆيگۈ قىسسىسى.

ئۆمەر مەتنۇرى

# يۈرىكىمدىن تامغان قەترىلەر

جۈپ كۆزلىرىڭ چولپان مىسالى،
كىرپىكلىرىڭ قىياقتەك تال - تال.
بولۇپ ئۆزۈڭ سۆيگۈ ئىلاھى،
ئاشىقىڭدىن سورارسەنمۇ ھال؟

چۈشلىرىمدە كۆرسەم سېنى دەپ
خىيال بىلەن ياتىمەن كۈندە.
ئاي نۇرىدەك دېرىزەم ئىزدەپ،
سۆيەرسەنمۇ لېۋىمگە تۈندە؟

بولۇپ گويا قەلبىمگە چولپان،
نۇر، زىيادەك ئۆچمەس پاكلىقىڭ.
جۈپ كىرپىكىم ئايرىلغان ھامان،
قارىچۇقۇمدا چاقنار ئاقلىقىڭ.

ۋۇجۇدۇمدا ئەللەيلەپ سېنى،
تىنىقىمغا ياشىدىم، جانان.

ئوخچۇپ ئاققان تومۇرۇم قېنى،
سىڭىپ كىرەر قەلبىڭگە قاچان؟

### تىنىقىمۇ ئۇپۇقتا تالىق

ۋۇجۇدۇمنى تىترىتەر قۇياش،
ياقۇتسىمان نۇرلار ئىچىدە.
كىرپىكىمدە قەترە - قەترە ياش،
كۆمۈش يۇلتۇز ئۈچكەن كېچىدە.

ئۇپۇق بەرگەن قانسىمان چاچقۇ،
كۆزلىرىمنى قىلدى نۇرسىمان.
قارا تۇنگە ئىسيانكار ئاچقۇ
سۇبھى بىلەن ئاقاردى ئاسمان.

ئۇپۇق سۆيۈپ ئاچتىم كۆزۈمنى،
تىنىقىمۇ ئۇپۇقتا تالىق.
مەن ئىزدىگەن ئېزگۇ خىياللار
قۇياش كەبى مەڭگۇ جۇلالىق!

ئوبۇل ئەزىزى

## قېنى، سەنمۇ ئېيتىپ بەر ناخشا

### سۇرىتىمنى...

ئەلبومىڭدىن بۇگۇن ئاخىرى
ئورۇن ئاپتۇ مېنىڭ سۇرىتىم.
كۆرۈپ ئۇنى ئەنسىز گۇپۇلدەپ،
سوقۇپ كەتتى ئاجىز يۈرىكىم.

ۋىسال پەيتى كەلگىچە يېتىپ،
سۇرىتىمنى ساقلىغىن پىنهان.
يات كۆز تېگىپ تۇنجى سۆيگۈگە
يەنە چېكىپ يۈرمەيلى پىغان.

### مۇقام ئېيتىپ بەردىم دېڭىزغا

كۆرۈپ باقسام دېڭىزنى بىر دەپ،
دائىم دىلدا قىلاتتىم ئارمان.
بۇگۇن كېچە ئاشۇ دېڭىزنى،
كۆرۈۋالدىم چۈشۈمدە ئوبدان.

قورام تاشقا يۆلىنىپ تەنها،
مەن تۇرىمەن دېڭىز بويىدا.
دېڭىز ئاچچىق - ئاچچىق تولغۇنۇپ
ناخشا ئېيتتى ئېزگۇ ئاھاڭدا.

ناخشىسىنى توختاتتى دېڭىز،
ئۇلۇغ - كىچىك ھەسرەتلىك تىنىپ،
«قېنى، سەنمۇ ئېيتىپ بەر ناخشا!»
دېدى ماڭا بىردىن يالۋۇرۇپ.

مۇقام ئېيتىپ بەردىم دېڭىزغا،
قالمىسۇن دەپ ئۇنى ئۈمىدسىز.
«پاھ - پاھ، ئېيتقىن! ئۆگەت ماڭىمۇ!»
دېدى دېڭىز شادلىنىپ چەكسىز.

تۇن ئەركىسى بەڭباش شاماللار،
دېرىزەمنى چېكىپ رىتىمسىز.
بۇزۇۋەتتى شېرىن چۈشۈمنى،
ئاھ، قېنى، شۇ مەن كۆرگەن دېڭىز؟

### شېئىر چۈشەيمەن

كىم ماڭا بۇيرۇغان شېئىر يازغىن دەپ،
تۇندىمۇ ئۇيقۇمدا شېئىر چۈشەيمەن.
ئۆزۈمنىڭ دەردىمۇ يېتەتتى ئېشىپ،
كىم سالغان بۇ دەردكە، لېكىن بىلمەيمەن،
تۇندىمۇ ئۇيقۇمدا شېئىر چۈشەيمەن.

تۇغۇلۇپ باغرى كەڭ تەكلىماكاندا،
چوڭ بولدۇم قۇملارغا كۆمۈلۈپ ئوينап.
ئاھ، سەبىي ھېس بىلەن گۈزەل ئارماندا،
ھەر قەدەم يولۇمنى باستىم ئاۋايلاپ،
چوڭ بولدۇم قۇملارغا كۆمۈلۈپ ئويناپ.

جەڭچى بوپ يەتتىم مەن ئارزۇ - ئارمانغا،
ئىلھاملار جەڭگاھتا باشلىدى مېنى:
ئارزۇيۇم پاياندار بولدى يولۇمغا،
كۈچەيدى يۈرەكتە ئىجاد يالقۇنى،
ئىلھاملار جەڭگاھتا باشلىدى مېنى.

دىلىمدەك پاك، گۈزەل يارالدى كۈيۈم،
تار كەلدى خۇشلۇقۇم بۇ كەڭ جاھانغا.
ئۆلۈمدۇر ئىجادسىز ئۆتكەن ھەر كۈنۈم،
مەن سەنئەت ئاشىقى بولۇپ دائىما،
ياشايمەن بىر ئۆمۈر ئىجاد ئىشقىدا.

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

## چىللا مېنى سەيلىگە، باھار

ئاق بۇژغۇندەك چايقىلار باغلار،
چېچەكلەردە تەۋرەيدۇ شەبنەم.
يەكتىكىنى تاشلايدۇ تاغلار،
قاش تاشلىسا سەھراغا كۆكلەم.

ساي كۆكسىدە ئاقار گىرەمسەن،
جىلغىلاردا لېنتىدەك ئېقىن.
يېشىللىقنىڭ تامامى كۆلگەن،
تۈن يارىشقى - چاقنايدۇ چېقىن.

ۋادىلارغا سىن بېرىپ گۈللەر
ۋە تاغلارغا چاچرىتىدۇ ھىد.
ئاھ، شۇ گۈللەر ياسايدۇ گۆھەر،
كۆتەرگەندە ئۇپۇق زەر چېكىت...

چىللا مېنى، باھار پەردىسى،
دىل شەيداسى سەيلىگە چىللا.
سەندە مىڭلاپ كۈيلەر بەزمىسى،
يېشىللىقتا سىڭمەكتە ھېسلار...

ھاپىزجان مۇھەممەت

## چۈچۈك مىسرالار

1

بۇلبۇل كۆرسە چىمەنلىكنى
ناۋا ئەيلەيدۇ،
ئېشەك كۆرسە گۈل - گىياھنى
چىشلەپ چەيلەيدۇ.

2

بۇلۇت دەيدۇ: يامغۇرۇمنى تۆكۈمەن،
زېمىن دەيدۇ: مەن شادلىقتا چۆكۈمەن.

3

شۇم ھۇقۇش چىللايدۇ قاراڭغۇ تۈننى،
بۇلبۇل ۋىسال ئىزدەپ كۈتىدۇ كۈننى.

4

بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا دائىم كۆيەركەن،
كېپىنەك كۆيمەيمۇ قېنىپ سۆيەركەن.

5

بەزىلەر تۈلكىدىن قۇۋ بولغاچ ھامان،
قىلغان ھەر ئىشىمۇ شەيتاندىن يامان.

6

ئۆكسىمەس سۇپۇرگىنىڭ ھەركۈن خىزمىتى،
بىراق يوق نېمىشقا ئىززەت - ھۆرمىتى؟

تەھرىرلىگۈچى: جاپپار ئەمەت.

# ھايات ۋە مەن

مۇھەممەت باغراش

(نەسر)

## چاڭقاش

ياز. چىڭقى چۈش.

پىژغىرىم ئىسسىق، يەر چوغ، ئاسمان قوغ. تىنجىق ۋە تەشنالىق دەستىدىن تاڭلىيىم ياغاچتەك قېتىپ، لەۋلىرىم چاك-چاك يېرىلىپ، ئۈنىڭدىن قىپقىزىل قان تەپچىمەكتە. ھەربىر تىنىقىم بىلەن تەڭ ئىچىمگە بىر پارچە ئوت-يالقۇن كىرىپ چىقىدۇ. قېنىم پورۇقشىپ قايناماقتا. چاڭقاش، تەشنالىق، ماغدۇرسىزلىق...

سۇسىزلىنىش ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى!

ئۈشتۈمتۇت، يېقىنلا يەردە، جىمىرلاپ نۇر بولۇپ تاۋلىنىپ كۆمۈشكە ئوخشاش يالتىراپ، يېيىلىپ ئېقىۋاتقان بىر ئېقىننى كۆردۈم.

ئاھ، سۇ!...

... تارىم دەرياسى ئېقىپ بېرىپ، بىر كەڭلىككە يېيىلىپ، تېيىزلاپ، مۇشۇ جەزىرە قوينىدا غايىب بولىدۇ. ئاشۇ ئويناق دەريانىڭ، ئاشۇ ئەزىمەت ئېقىننىڭ ھايات بەرگۈچ قىميانلىق سۈيى، مۇشۇ بىپايان ئانا چۆل باغرىغا ئۈن-تىنسىز سىڭىپ كېتىدۇ، ناھايىتىمۇ تېرەن قاتلامغا شۈڭگۈپ كىرىپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا توختىماي ئاقىدۇ... قەدىمىي خارابىلىقتىكى ھۇۋقۇشتەك دۈگدىيىپ-دۈمچىيىپ ياتقان ئەجەل بارخانلىرىنىڭ، تولىمۇ قېرى، تولىمۇ شەۋكەتلىك تارىم مەدەنىيىتىنىڭ سان-ساناقسىز قەبرىلىرىنىڭ ئاستىدا تىپتىنچ سىرغىپ-سىرغىپ ئاقىدۇ... تۇرۇپلا ئۇ ئەسىرلەردىن بۇيان گاھ كۆمۈلۈپ، گاھ ئېچىلىپ، چۆل كۆكسىدە تۈمەنمىڭ غەۋغاغا سەۋەب بولغان ئاشۇ بۈيۈك كارۋان يولىغا كىشى ھەيران قالغۇدەك ئېرەنسىزلىك ئىچىدە چەكچىيىپ قاراپ ياتقان قۇم ئۆركەشلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئۆتۈنسىزگىنە

AltunOq

تەپچىرەپ چىقىپ چۆل يۈزىگە يېيىلىدۇ ۋە ئاشۇ ھېس - تۇيغۇسىز، لېكىن قوقاستەك قىزدىق ۋە ھارارەتلىك ئۇلۇغ چۆلنىڭ بېتىنى مۇزدەك، يېقىمسىز، شۈركەنچىلىك تىلى بىلەن يالاپ، جۇدەڭگۈ، ھالسىز، لېكىن مۇقەددەس بىر روھنى كۆمۈرۈۋالغان بىپايان قۇمنىڭ قاتلىرىنى چايقاپ تىنچىقنا ئاقىدۇ ۋە يەنە ئاستاغىنە قۇم قېتىغا سىڭىپ كېتىدۇ...

بۇ — ئانام ئاي يورۇقىدا، تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەت، دادام ھارۋا ھەيدەپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان كارۋان يولىدا كېتىۋېتىپ ئېيتقان ناخشا...

مېنىڭ ئالدىمدا كۆرۈنۈۋاتقىنى دەل ئاشۇ ئۈنسىز ئېقىن ئەمەسمىكىن؟!

شۇنداق، دەرۋەقە شۇ!

ئاھ، سۇ!...

ئۆز ۋۇجۇدىدىكى تاغ سالقىنلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چۆل قەرىنى پاناھ قىلىپ، مۆكۈپ، ئېقىپ كەلگەن ھەم مۇزدەك، ھەم تىنىق، ھەم پاكىزە زىلال سۇ!

مەن تەشنالىقتا دەرمانسىزلىنىپ، چىرىيۇندەك ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىمنى مىڭبىر مۇشەققەتتە يۆتكەپ سۇ كۆرۈنگەن تەرەپكە ئۈمىد بىلەن دەلدۈگۈنۈپ - دەلدۈگۈنۈپ ماڭدىم!

سۇ...

سۇ...

سۇ...

نېمە مۆجىزە بۇ؟! ئۇ سۇ، ئاشۇ يېشىل ھايات، مەن ئالغا ماڭغانسېرى، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانسېرى مەندىن ئۇزاقلاپ كەتتى.

بىر قەدەم...

يەنە بىر قەدەم...

ئاشۇ سۇ، ئاشۇ پارلاق ھايات بارغانسېرى مەندىن يىراقلاشماقتا!

ئاھ...! مېنىڭ كۆرگىنىم سۇ بولماي، پېژغىرىدىن ئىسسىق قوينىغا چۆككەن پايانسىز چۆلنىڭ ئالۋۇنى ئىكەن؛ كۆكتىكى ئادىشىپ قالغان بىر پارچە توزغاق بۇلۇتنىڭ چۆلدىكى كۆلەڭگىسى ئىكەن؛ ئەسلى ئۇ مېنىڭ خارامۇشلانغان سېزىملىرىمنىڭ مېنى ئالدىشى ئىكەن! ئاھ، مەن يىقىلىپ قالىمەنمۇ، ئاخىر!

ياق! ياق! ئۇ سۇ... ئۇ راستىنلا سۇ! ھەم مۇزدەك، ھەم تىنىق، ھەم پاكىز، زىلال سۇ! مەن ئاشۇ تەرەپكە، مېنى چاقىرىۋاتقان، لېكىن مەندىن قېچىۋاتقان پارلاق ھاياتقا قاراپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ كېتىۋاتىمەن!... مەن يىقىلىپ قالمىدىم، ئاخىر...!

## ئاي

ئاي، ھىلال ئاي... تولغان ئاي... تۇغقان ئاي...

پېچ ئوتنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئاق، سارغۇچ نۇرىنىڭ قاتمىسى، مۇھەب-

بەتلىك بوز يىگىتنىڭ قەلبىگە ئىشق چوغلىرىنى چاچقۇچى.

ئاي، ھىلال ئاي، تولۇن ئاي... تۇغقان ئاي...

ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ساماۋى چۆچەك، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ئېزگۈ خىيال، گۈزەل تەسەۋۋۇر. ئۇ يارنىڭ لېۋىدىكى كۈلكە ... ئۇ ھەر مىنۇتتا ساناقسىز ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە مۇھەببەت تۇغىدۇ...

ئۇ تۇن قۇچىقىدا ئەركىلەپ ياتقان زېمىننىڭ پۈتۈن سىرلىرىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچى.

ئۇ نومۇسچان قىزنىڭ تال تۇۋىدىكى مەخپىيىتىنى ئېھتىيات بىلەن ساقلىغۇچى...

ئايىنى تاغ تۇغقان، ئۇ يەنە تاغنىڭ كۆكسىگە ھارغىن، لېكىن خۇشاللىق بىلەن باش قويىدى.

ئۇ ئورمىچى يىگىتنىڭ ئوتلۇق ناخشىسىنى ئاڭلىدى، باغ باغلاۋاتقان قىزنىڭ باغ دۈۋىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى پىنھاندا ئاشۇ يىگىتكە غۇنچە لەۋلىرى ئارقىلىق ھايات لەۋھە-سىنى، تاتلىق سۆيگۈ شەربىتىنى ئىنئام قىلغانلىقىنى، دېرىزىسىنى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىپ تەپەككۇر دەرياسىدا ئېقىۋاتقان ئىزدەنگۈچىنىڭ ئۆز ئىشى ئۈستىدىكى جاپالىق ئىزدىنىش بەخش ئەتكەن قىيىنلىش لەززىتىنى تېتىپ، كىرپىك قاقماي قادىلىپ ئولتۇرۇشلىرىنى، مۈكچىيۈپ ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بۆشۈك تەۋرىتىپ ئولتۇرغان مېھرىبان ياش ئانىنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان ئۈمىدنى، بوۋاقنىڭ لېۋىدىن ئۇچقان تاتلىق كۈلكىنى، دېرىزە ئالدىدىكى چۈشتەكتە، قۇۋۋەتلىك، قاۋۇل پۇت ـ قوللىرىنى ئۇزارتىپ، سوزۇلۇپ يېتىپ تاتلىق ئۇي-قۇغا غەرق بولغان ياش ئاتىنىڭ كەڭرى پېشانىسىدە بالقىپ تۇرغان، قەتئىي ئىرادە، چىدام، ئىشەنچ ۋە پەخىرلىنىشنى كۆردى. ئۇ ياش ئاتا ـــ بىناكار، ئۇ قۇرغۇچى، ئۇ يېڭىدىن تىكلىگۈچى. ئۇ قاتتىق چارچىغانىدى. ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق تۇرغان يۇمۇلۇق كۆكرىكى دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم چۈشەتتى، ئۇنىڭ خۇددى ئايالىنىڭ ھىلال قېشىدەك ئىنچىكە ۋە قاپقارا بۇرۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا ئايالى ۋە بۇدرۇق ئوغلى بەخش ئەتكەن بەختىيارلىق، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى يوشۇرۇنغانىدى. ئايمۇ شۇلارنى كۆردى، ئادەملەر-نىڭ ياشاش ئىشقىۋازلىقلىرىنى كۆردى، ئاي ئەتە ئاخشىمى يەنە ـ مىليونلارنىڭ يۈرىكىگە گۈزەل ئىستەك، تاتلىق خىيالنىڭ نۇرىنى تۆككىلى، ئادەملەرنىڭ ھايات قايىنىمىدا يارى-تىۋاتقان مۆنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى تاماشا قىلغىلى ساما سەھنىسىگە چىقىدۇ...

ئۇ تاغ ئانىسىنىڭ قويىنىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، نۇرلۇق مەڭزىنى ئۇنىڭ باغرىغا تېخىمۇ بەكرەك يېقىپ تاتلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى...

## قۇياش

مۇزدەك، كۆپكۆك سۇ، قىسپقىزىل يالقۇن ـــ ئاتەشنى تۇغدى. كۆك مەخمەلدەك كۆپجۇپ ـ لۆمۈلدىپ ياتقان كۆك دېڭىز، تىترەپ ـ لوغۇلداپ تۇرغان ئوتلۇق قۇياشنى تۇغدى. مانا ھايات! ھايات دېگەن ئۇلۇغ سۆزنىڭ قۇدرىتى كۈچى مانا شۇ! دېڭىز ئانا،

ھاياتلىقنىڭ بۈيۈك نىجاتى قۇياش ئاشۇ دېڭىزنىڭ ئوغلى! ياشىسۇن ھايات! ياشىسۇن دېڭىز ئوغلى! ياشىسۇن مەڭگۈ تالماس ھەرىكەت! ئۇ دېڭىزنىڭ قوينىدىن ئاستاغىنا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ئۇنىڭ جىسمىدىن دېڭىز سۈيىنىڭ زۇمرەت تامچىسى سىرغىپ تامچىلاپ تۇرىدۇ، خۇددى ئانىنىڭ قارنىدىن يېڭى چۈشكەن بوۋاقنىڭ تېنىدىن سۇ تامچىلاپ تۇرغاندەك، ئۇنى ئانىسى يۇيۇپ-تارىغاندى. ئۇ پاك، بىغۇبار 40 كوكولا قىزدەك تەبەسسۇم قىلىپ ئالەمگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

## دېڭىز

ئۇ يېشىل رەڭلىك چۈش، ئۇ سېھىرلىك ھېكمەت دۇنياسى، ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان قامۇس.

ئۇنىڭ تەكتىگە ئادەم ئەقلىنى لال قىلىدىغان «ئاجايىپ» ۋە «غارايىپ» لىق يوشۇرۇنغان. ئۇ ئىرادە، تەپەككۇر، ئىزدىنىش، جاسارەت، ئېچىش روھىغا ئىگە. ئەلى بابانى كۈتۈپ ياتقان پۈتمەس-تۈگىمەس خەزىنە.

## شاۋقۇن

دېڭىز تىنچلانغان ئەمەس ۋە مەڭگۈگە تىنچلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ، يارالمىشىدىلا ھاياجانلىق يارالغان. ئۇنىڭ شاۋقۇنىدا ھىجران نىداسى، ۋىسال خۇشاللىقى، غەزەپنىڭ قەھرى، شادلىق كۈلكىسىنىڭ ئەۋجى، نەپرەتنىڭ نەرى، مۇھەببەتنىڭ خىتابى بار، يەنە چۈشىنىپ بولمايدىغان سىرلىق پىچىرلاشلارمۇ بار...

شاۋقۇن — دېڭىز قوينىدىكى كۆرمىڭ مۆجىزە كارامىتىنىڭ ئۆز تىلىدىكى پاساھەتلىك بايانى، شاۋقۇن — مەڭگۈ ئۇخلىماس ئانىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس رىۋايىتى. ھاياتلىق ۋە ئالەمنىڭ سىرى ھەققىدە ئەڭ نەپىس، ئەڭ گۈزەل، مۇزىكىلىق تىلدا رىۋايەت قىلغۇچى مەڭگۈلۈك سىمفونىيە!

## قىيا تاش

ئۇ قۇياشقا ئاشىق، ئۇ قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزىرىپ، يالقۇندەك لاۋۇلداپ نازلىنىپ كۈلۈپ چىققان ئەڭ دىلرەبا ۋاقتىنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆرۈۋېلىش، ئاشۇ ئاجايىپ مىنۇتلاردىن تويۇپ-تويۇپ لەززەت ئېلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر، لېكىن ئۇ كۆرۈپ قانمايدۇ، قۇياشنىڭ ئەڭ پارلاق چاغلىرىنى تاماشا قىلىپ ھوزۇرلىنىش تەشنالىقى ئۇنىڭغا تىنچلىق بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئەسىرلەرنىڭ سان-ساناقسىز تۈنلىرىنى ئويغاق بىدارچىلىقتا ئۆتكۈزۈپ، جىلۋىگەر قۇياشنىڭ دېڭىز قوينىدىن نازاكەت بىلەن ئاستاغىنە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئالەمگە تەبەسسۇم ياغدۇرىدىغان ساخاۋەتلىك مىنۇتلىرىغا زارىقىدۇ،

ئىنتىلىدۇ، تەلپۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىسى، خاراكتېرى خۇددى ئۆزىنىڭ جىسمىغا ئوخشاشلا چىڭ ۋە مەھكەم.

... لېكىن دولقۇن قۇياشنى ئۇنىڭدىن قىزغىنىدۇ، دولقۇن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى رەشىك-نىڭ ئۆرتىشى بىلەن قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ، قىيا تاشقا تاشلىنىدۇ. ئۇنى سۇندۇر-ماقچى، كۆكۈم تالقان قىلىۋەتمەكچى، ھېچ بولمىغاندا، ئۇنى قىرغاقتىن قوغلىۋەتمەكچى بولۇپ، قىيا تاشنىڭ كۆكرىكىگە چاڭ سالىدۇ. شۇ چاغدا مۇھەببەتلىك ئىككى كۈچنىڭ شىددەتلىك كۈرىشى باشلىنىپ كېتىدۇ.

دولقۇن پارە-پارە بولىدۇ، لېكىن يىقىلغان ئورنىدىن تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئۆرە بولۇپ، قەددىنى رۇسلاپ كۈرەش بايرىقىنى لەپىلدىتىدۇ. دولقۇننىڭ تىنىمسىز ھۇجۇمى قىيا تاشقا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇلۇپ ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىشتىياق قىزغىنلىقىنى، تەلپۈنۈش، ئىنتىلىش يالقۇنىنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ. دولقۇن ئۇنىڭ قويۇچەك جىسمىنى يالايدۇ، ئۇپرىتىدۇ، لېكىن ئۇنى تۈگىتىۋېتەلمەيدۇ. قىيا تاش ئارقىغا بىر قەددەمۇ داجىپ قويمايدۇ. ھەر ۋاقىت قەددىنى مەردانىلىق بىلەن كېرىپ، دولقۇننىڭ ھۇجۇمىنى مەردلەرچە كۈتۈۋالىدۇ.

مەن شۇ تاپتا بىر-بىرىنى يەڭمىگۈچە توختىمايدىغان ئىككى جەڭگىۋارنىڭ ئىرادە ۋە كۈچتە بەسلىشىشىنى كۆردۈم.

مەن كۈرەش ئىستىكىدە ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان ئېلىشىش قىينچىلىقىنىڭ ئازابى بىلەن ھۇزۇر ئېلىۋاتقان ھارغىن، لېكىن قەيسەر ئىككى مەغلۇبىنى كۆردۈم، ھالبۇكى، ئۇلار غەلىبە ناخشىسىدىن مەست بولۇپ سۇنايلاپ ياتقان غالىبتىن ئۇلۇغراقتۇر.

مەن ئىرادە، قەتئىيەت، ئىشەنچ، غايىنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەس بۈيۈك كۈچىنى ئاڭ-لىدىم. مەن ھاياتنىڭ «ھەرىكەت» ناملىق ئەڭ ئاددىي، لېكىن ئەڭ ئۇلۇغۋار مەخپىيىتى-نى، سېھىرلىك كۈچىنى كۆردۈم. مەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ «كۈرەش» دېگەن سۆز ئالتۇن بىلەن نەقىشلەپ يېزىلغان مۇقەددەس لەۋھەسىنى كۆردۈم. مەن ئەبەدىلئەبەت مەدھىيىلىسە ئەرزىيدىغان بىر ئۇلۇغۋار روھنىڭ نامايىشىنى كۆردۈم.

تەھرىرلىگۈچى: **كامىل تۇرسۇن.**

ئەركىن نۇر

# نەسرلەر

## كۆلەڭگە

مەن ھايات بىلەن سۆيۈشكەندە بوسۇغىدا ئىدىم.

بوسۇغا — ئىككى ئالەم غارىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئوتتۇرىسىدا پىلىلداپ تۇرغان خىرە يورۇقلۇق.

مەن ئەنە شۇ يورۇقلۇق دالاسىغا يۇمران ھېسلىرىمنى تىكىپ، رېسىدە بولغىنىدا بەس - بەستە ئۇسسۇل ئوينىسۇن، دەپ خۇش پۇراق گۈل - گىياھلارنى ئۆستۈردۈم.

مەن ئەنە شۇ يورۇقلۇق دالاسىدىكى سەبىي ئىستەك ئۇۋۇسىدا ياتقان قۇش باللىرىغا ئېغىزىم بىلەن دان بېرىپ، گۈل - گىياھلار ئۇسسۇلى ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن، دەپ ئۇچۇرما قىلدىم.

ئەپسۇس، ئۇلار ئۇسسۇل ئوينىماي ۋە ناخشا ئېيتماي تۇرۇپلا ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

ئىككى ئالەم غارىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئوتتۇرىسىدا پىلىلداپ تۇرغان غۇۋا يورۇقلۇق — بوسۇغىدۇر.

بۇ بوسۇغا روھلار چۇقانى بىلەن چىرىگەن جەسەتلەر ھىدىنىڭ گىرەلىشىشىدىن تۇغۇلغان كۆرۈنمەس چېگرا. مەن ھاياتنىڭ ياشلىق ئۆتكىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇ چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىدە تەنھا ئولتۇردۇم. بىراق، تېنىم، كېيىملىرىدىن يېشىنگەن تېنىم چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قىپيالىڭاچ ئولتۇرۇپ ھاياسىزلىقى بىلەن مېنى تىنماي مازاقلايدۇ. مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ بىزار. چۈنكى ئۇنىڭ ماڭا تۇتقۇق بەرمەسلىكى مېنى ئازابلايدۇ.

مەن ھايات بىلەن خەيرلىشىش ھارپىسىدا يەنىلا بوسۇغا تۈۋىدە كەلدىم.

بۇ — جاۋاھىراتلار بىلەن تولغان تىلسىماتلىق قەدىمىي خەزىنە بوسۇغىسى. مەن

Altunoq

قۇرۇپ قاقشال بولغان چۆشۈم شىخىغا ئىلىنغانچە، تىنىقىمدا ئىغاڭلاپ تۇرغان ئاچقۇچ بىلەن بۇ خەزىنە ئىشىكىنى ئاچماق بولۇپ ئاڭا قول سوزدۇم. ئەمما ئۇنى زادىلا تۇتالمىدىم. قارىغاندا، ئۇ سېھىرلەنگەن ئاچقۇچ ياكى شەيتان قولىدىكى ئاچقۇچنىڭ كۆلەڭگۈسى بولسا كېرەك.

ئىككى ئالەم غارىنىڭ قاراڭغۇلۇقى — كۆلەڭگە قەبرىسى، لېكىن مەن ئۆلۈپ كەتسەم سىلەر مېنى بۇ قەبرىگە قويماي، ئىككى ئالەم غارى قاراڭغۇلۇقى ئوتتۇرىسىدا پىلىلداپ تۇرغان گۈگگا يورۇقلۇق بوسۇغىسى ئاسمىنىغا قويۇڭلار. مېنىڭ جەسىتىم بۇ بوسۇغا ئۈستىدە مەڭگۈ كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرسۇن.

## كۆيگەن ياشلىق

ياشلىق ھاياتنىڭ باھار پەسلى، دېيىشىدۇ.

بۇ سۆز توغرىمۇ، خاتامۇ، بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما ماڭا شۇنىسى ئايان: مېنىڭ ياشلىقىم — ناشۇدلۇق زېمىنى. ئۇ زېمىن ئاسمانپەلەك ئوت ئىچىدە تېپىرلايدۇ. ئۇ يەردە يىلمۇ يىل بىخ سۈرۈپ قايتىدىن ياشناپ تۇرىدىغان ياۋا گىياھلارمۇ، ھۇپپىدە ئېچىلىپ خۇش ھىد تارقىتىدىغان رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەكلەرمۇ، گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ تەبىئەت مونولوگىغا قۇلاق ياقىدىغان رەڭدار كېپىنەكلەرمۇ، يىراقتىكى ئاشىقى ئۈچۈن ياقا يىرتىپ سايرايدىغان كاككۇكلارمۇ يوق. دېمەك، ئۇ يەردە باھار ئۆلگەن. ئېھتىمال ئۇنى ئوت - يالقۇنلار كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ تاشلىغاندۇر ۋە ياكى ...

مەن شۇ ۋەجىدىن ئوت زاتىغا ئۈنسىز قەسىدە ئوقۇيمەن. ئەلۋەتتە، بۇ قەسىدەم ئۆلگەن باھارنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ قىلغان دۇئالىرىمدۇر. مەن بۇ دۇئالىرىم ئۈچۈن ئەرۋاھلارنىڭ كۆپ تەشەككۈرىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

ئوت — يالقۇن ئىچىدىكى قىلدەك تولغىنىۋاتقان زېمىن. ئۇ ناشۇدلۇق زېمىنى، ئۇ كۆيمەكتە، نالە - پەرياد قىلىپ كۆيمەكتە، ئۇ زېمىندا ھېچنەرسە قالمىغان، ئۇ ھاۋاغا ئوخشاشلا بوش ۋە قۇپقۇرۇق.

مەن ئوت - يالقۇنغا خىتاب قىلىمەن.

كۆيدۈر، ئۆرتە دۇنيانى، كۆيدۈر ھەتتا سامادىكى ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى! ...

مەن ھەممىنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشالمەن. چۈنكى، شۇ قاتاردا چۆشۈم قۇشلىرىنىڭمۇ پەرلىرى ئوت - يالقۇندا كۆيۈپ پەرۋازدىن توختايدىغانلىقى ۋە ئاخىر بېرىپ مېنىڭمۇ شۇ ئوت - يالقۇن ئىچىدە ئۆلىدىغانلىقىم مېنى شادلاندۇرىدۇ.

بەلكىم، مېنىڭ ئۆلۈمۈم ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئەقىللىق ۋە ئەقىلسىزلىرىم ئۈچۈن بىر ئۆرنەك بولۇپ قالار. ئۇلار مېنىڭ جەسىتىمنىمۇ قوشۇپ كۈلگە ئايلاندۇرغان ئوت - يالقۇننىڭ يۈرىكىگە يوشۇرۇلغان باھارنى تارتىۋېلىشار. مەن شۇنىڭدىلا قايتىدىن تىرىلىپ، «مەن ياش» دەپ قاقاقلاپ كۈلەرمەن ۋە پۈتكۈل ئالەمنى تىترىتىپ

بار ئاۋازىم بىلەن شۇنداق نىدا قىلارمەن:
ياشىسۇن، كۆيگەن ياشلىق!

## ئېچىرقاش

چۈشۈم تۇلپار چاپتۇرۇپ چۈشمەكتە.
چۈش دېمەكلىك، پەرۋاز دېمەكلىك.

پەرۋاز ئەسلىدە قۇشلارغىلا مەنسۇپ ئىدى. ئەپسۇس، مانانلىق شەھەر ئاسمىنىدا قۇش بولمىغاچقىمۇ، قۇش ئورنىغا لەگلەك پەرۋاز قىلىشىدۇ.

لەگلەك ئاجايىپ نېمە. ئۇ قۇشقا ئوخشاش ئېگىز ئاسماندا ئۇچالايدۇ. ئەمما ھامان ئۆز رىشتىسىنى قولىغا باغلاپ قويىدۇ. چۈنكى، رېزىنكىدەك سوزسا سوزۇلىدىغان، قويۇۋەتسە يىغىلىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتىلەر ئۇنىڭ پەرھىزى.

ئاللا يولىدا پەرھىز تۇتۇپ، ئىستىقامەتكە جان تەسەددۇق قىلغۇچىلار زاھىد دېيىلىدۇ.

چۈشۈم بۇنداق زاھىدلاردىن جاق تويغان!
خۇدا ئۇردىمۇ قانداق، چۈشۈم بىردىن دىۋانە بولۇپ قالدى ...

ئۇ رەستىلەردە تىلەمچىلىك قىلدى. چەكسىز ئېچىرقاش ئۇنى شۇنداق قىلىشقا قىستىغانىدى.

ئۇ مەئىشەت رىستورانىدا ئادەملەرگە باش ئۇردى، تېۋىنىدى، يېلىنىدى. بىراق، كىشىلەر ئۇنى زاھىدكەن، دەپ يىراق قوغلىدى. ئۇ تۆكۈلۈپ، تۆكۈلۈپ يىغلىدى، ياش تۆكتى. ئۇ نېمىدۇر بىر نېمىنى ئاجايىپ سېغىناتتى. نېمىنى؟ ئۇ تاپتى، ئاخىر تاپتى. ئۇ ئەسلىدە ئۆلۈمنى سېغىنغانىكەن! ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ئەمدى مەڭگۈ ئۆز ئەركى بىلەن پەرۋاز قىلىدىغان ئەرۋاھقا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆكتىكى لەگلەك بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسا ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ ئات قىلىپ ئوينايدۇ.

چۈشۈم بوۋاق مەزگىللىرىدە بىپايان يايلاقلاردىكى چاپچىپ تۇرىدىغان قۇلۇن - تايلارنى كۆرگەن. ئۇ قىرانغا يەتكەندە ئۇپۇق سىزىقىنىڭ نېرىسىدىكى لەرزان كىشنەشلەرگە ئەسىر بولغان ...

ئۇ ئەسلىمىنىڭ يېتىلىشى بىلەن بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ قاپقارا تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

ئۇ پاخلان كۆرپىسىنىڭ يۇڭىدەك بىر - بىرىگە ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن بۇلۇق چىملىققا كەلدى. چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا پەردىگە تىرەلگەن مەزمۇت بىر سۇ مۇنارى تۇراتتى.

ئۇبۇجاينى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ مۇشۇ جايدىلا تېپىلىدىغانلىقىنى، مۇشۇ جايدىلا چېچەك ئاچىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەتتا ئۇ سۇلىرى تەپچىرەپ تۇرىدىغان بۇ مۇناردىن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالالىسا، خىزىرلارغا: «سىلەر بۇ مۇقەددەس جايغا قارا

كۆلەڭگىلەرنى تاشلىغۇچى ھەرقانداق بۇلۇتلارنى يىرتىپ تاشلاڭلار» دەپ تەنتەنە بىلەن ئىدا قىلىدىغانلىقىغا كۆڭلىدە قەسەم ئىچتى.

تۈيۈقسىز مۇنار تىلغا كىرىپ چۈشۈمگە «سەن مېنى تەشنالىق ـ ئېچىرقاش ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرالامسەن؟ مۇبادا، شۇنداق بولغىنىدا مەن تۇلپارغا ئايلىنىپ سېنى ئۆز پەرۋازىم بىلەن يەتتە قات ئاسمان قەھرىگە ئېلىپ چىقاتتىم!» دېدى.

چۈشۈم تەڭقىسلىقتا تېگىرقاپ قالدى ...

مەن ئويغا پاتتىم، بۇ دۇنيادا ئېچىرقاش ۋە پەرۋاز دىئالېكتىكىسىدىن ئۆزگە دىئالېكتىكىلارمۇ بارمىكىن؟ ...

## سەمەندەر

تۈن كېچىلەردە تەنھالىق غۇسسىلىرىگە چۆمگىنىمدە گۈلسۈرۈخ ھىدىنى سېغىنىپ، قۇتلۇق نامىنى زىكىر قىلىشقا باشلايمەن. بىراق ئۇ ئاللىبۇرۇنلا تاشقا ئايلىنىپ كەتكەچكە بۇنى سەزمەيدۇ.

تۇزان باسقان قەدىمىي قىسسىلەرنى ۋاراقلاپ بىلدىمكى، مېنى ئاشۇ گۈلسۈرۈخ ئاپىرىدە قىلىپ، چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانغا بەند قىلىپ تاشلىغان.

گۈلخان مېنى كۆيدۈرىدۇ، لېكىن پەرۋانىدەك بىراقلا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ تاشلىمايدۇ ۋە ياكى سۇمرۇغقا ئوخشاش، قايتىدىن تۇغۇلدۇرمايدۇ.

كىمدۇر بىرى (بەلكى بىر ئەرۋاھ) يۈرىكىمنى ئامبۇر بىلەن مەھكەم قىسىپ كۆچەپ تارتقۇشلايدۇ. مەن چىدالماي نالە قىلىمەن، ئاڭا يېلىنىمەن. ئەپسۇسكى، ئۇ تېخىمۇ ئەدەيدۇ، مەن تەگسىز ئوت ھاڭغا يانپاشلايمەن.

بىر كۆلەڭگە مېنى ئەرۋاھتەك ئەگىپلا يۈرىدۇ ۋە باش ئۇستۇمدە ئۇچۇپ يۈرۈپ سوغۇق، تولىمۇ سوغۇق كۈلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى يېلىنجاپ تۇرغان يۈرىكىمنى بىرپارچە مۇزغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بىراق، بۇ مۇز يا گۈلخاننى ئۆچۈرەلمەيدۇ، يا گۈلخان مۇزنى ئېرىتەلمەيدۇ.

مەن ھەممىشەم تاش گۈلسۈرۈخنى ئەمەس، بەلكى مەن تۆرىلىشتىن ئاۋۋالقى ياۋا گۈلسۈرۈخنى تىنىمسىز ئىزدەيمەن. بۇ ئىزدەش مېنى تەنھالىق ئالدىمغا تاشلايدۇ. بۇ ئالەم تولىمۇ قاڭسىق، بەتتام، شۇنداقلا بۇ ئالەم تولىمۇ لەززىز ۋە شېرىن.

مەن بۇ ئالەمدە شەيتان ئۇچۇرۇپ ئوينىغان لەگلەك بولۇپ كۆكتە پەرۋاز قىلىمەن ھەم ھېچكىم تېخى بايقىمىغان تەتۈر ماددىلىق يۇلتۇزلارنى بىر ـ بىرلەپ ئىدىتلايمەن. بۇ چاغدا زىۋۇس ماڭا روكو قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭ شۇ ھالىنى تاماشا قىلىمەن.

## ئىلاھە

مەن ئۆلۈپ گۆرلۈكىمدە تىمتاس ياتاتتىم، بىردىن قەبرە تېشىلىپ بىر ئىلاھە كىرىپ كەلدى. ئۇ غايىبانە قوللىرىنى سوزۇپ كۆكرەك قەپىزىمگە سالدى ـ دە، يۈرە-

كىمنى ئالقىنىغا ئېلىپ سىلاشقا باشلىدى.

بۇ قول يىپەكتەك سىلىق ئىدى.

بۇ قول باھار ئاپتىپىدەك ئىللىق ئىدى.

ئۇ يىغلىدى، مەن ئۈچۈن تارام ـ تارام ياش تۆكتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچكىم مەن ئۈچۈن يىغلاپ باقمىغانىدى.

مەن يۈرىكىمنى ئاسراش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ، مەھكەم چاڭگاللاپ ـ سىقىمدىۋالدىم.

چۈنكى، مەن ئۆلگەندە مۇز بىلەن قاتۇرۇلغان يۈرىكىمنىڭ بىمەزگىل ئېرىپ يوقىلىشىدىن قورقاتتىم. بىراق، قېرىشقاندەك ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزىدىن تامغان ئىسسىق ياشلىرى قوللىرىمنىڭ ئاراچلىرىدىن ئۆدۈل يۈرىكىم ئۈستىگە ساقىپ چۈشۈپ، خۇددى قۇم بارخانلىرىغا ياغقان ئاق يېغىندەك ھايالسىزلا سىڭىپ كەتتى ...

مەن ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچتىم.

ئالدىمدا ئىلاھە ئەمەس، مىسكىن، ئەمما ياش بىر ناخشا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى يۇيۇپ ـ تاراۋاتقانىكەن.

مەن چېكىلگەن تاردەك نازۇك تىترىدىم، زېمىن تىترىدى، قۇياش تىترىدى، دۇنيا تىترىدى ...

مەن ھايات ۋاقتىمدا يۇيۇنۇپ باقمىغان، بىر قەترە ئۈچۈن زار بولۇپ چاڭقاپ ئۆلگەنىدىم.

مانا ئەمدى مېنى بىر سېھىرلىك ناخشا يۇدى ۋە ئاشۇ يۇيۇشى بىلەن تىرىلدۈردى.

ناخشا، ئابى ھايات بەخش ئەتكۈچى مېنىڭ ناخشام! سەن مېنى ئۆلۈم غارىدىن تارتىپ چىقاردىڭ، مېنى ئۆلمەس قىلىپ قايتىدىن ياراتتىڭ. ئەمدى ماڭا ئەجەل يېقىن يولىيالمايدۇ، مەن ئۆلمەيمەن، ئەبەدىلئەبەت ئۆلمەيمەن.

ناخشا، ئەگەر يۇيۇنۇش ئۆلگەننى راستىنلا تىرىلدۈرەلىسە، كەل، بىز بىرلىكتە ئۆلۈپ، قويۇق كۆلەڭگىلىشىپ كەتكەن يېشىل نۇرلارنى يۇيۇپ قويايلى، ئۇ جېمى ئالەمنى، جېمى كائىناتنى يېشىللىققا بۆلىسۇن!

تەھرىرلىگۈچى: **كامىل تۇرسۇن.**

ئەختەم ئۆمەر

# قۇتلاپ كەتكەن كۆل

(پوۋېست) ①

7

باپكار كۆلىنىڭ چېتىدىكى ئايلانمىدا قوچاق يەتمەيدىغان ئىچى كاۋاك سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. يىراقلارغا سوزۇلغان شاخلاردا قۇشلار ھۇزۇرلىنىپ، تىنماي سايرايدۇ. يەردىن چىقىپ قالغان ئادەم بېلىدەك يىلتىزلاردا ئۇششاق بالىلار ئۈچكە چېقىپ يەيدۇ. ئاياغقۇمدا پەقەت مۇشۇ كۆل بويىلا جانغا راھەت ھاۋالىق جاي: تومۇز كىرگەندىن كېيىن بۇ يەردە بالىلار، قېرىلار، بىكارچىلار توپ-توپ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ راھەتلىنىدۇ. بالىلار بىر-بىرىنى قوغلايدۇ ياكى كۆلدىن قومچاق تۇتۇپ ئوينايدۇ، ياشلار قارت ئوينايدۇ، قېرىلار ئۇدۇنيا توغرىسىدا، پەيغەمبەرلەر قىسسىسى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ «كاپىرلار»نى ئىمان ئېيتقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ قىسسەلىرىنى سۆزلىشىدۇ، مەھەللىدىكى يېڭىلىقلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىدۇ، بەزى خالىي قالغان چاغلاردا قىمارۋازلار تاۋكا قۇرۇپ ئوشۇق ئوينىشىدۇ.

يېقىندىن بۇيان ئاياغقۇمدا تولغاق كېسىلى تارالدى. بىرقانچە بالا ئۆلۈپ كەتتى. مەھەللىدە ۋەھىمە پەيدا بولدى، ئەمدى كۆل بويىدىكى گەپنىڭ تېمىسى «كېسەل» ھەققىدىلا بولۇپ قالدى. بۈگۈنمۇ تۆشلىرىنى ئېچىپ، بەلباغلىرىنى بوش باغلىۋالغان قېرىلار كالىنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسىۋالغان چىۋىن قورۇغۇچنى كۆتۈرۈۋېلىپ كۆل بويىغا كېلىشتى. ئۇلار سۆگەتنىڭ سايىسىدىكى نەم توپىغا ئۆزلىرىنى تاشلىشىپ، پاراڭلىرىنى باشلىدى.

«تارىم مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

— ھوي سىدىقاخۇن، بۈگۈن ئاۋۇدۇن باينىڭ نەۋرىسىنىڭ نەزىرىسىگە بارامسىدىڭلار، نېمە ئىش بولدى؟ مەسچىتتىمۇ كۆرۈنمىدىڭلار؟ — دېدى پۈتىنىڭ باش بار-

① بېشى ئۆتكەن سانىدا.

مىقىغا چېكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئارغامچا ئېشىۋاتقان مۆمىن ھېلىمشا. ئۇنىڭ تۇرۇپ - تۇ-
رۇپ ئالقىنىغا تۈكۈرگەن تۈكرۈكى چىشسىز ئاغزىدىن ھەر تەرەپكە چېچىلىپ تولىسى
ئاچىماق ساقىلىغا چاپلىشىپ قالاتتى. توققۇم ياماپ ئولتۇرغان سىدىق پاكار جۇۋال-
دۇرۇزنى كۆچەپ سانجىپ بېشىنى كۆتۈرمەستىن جاۋاب بەردى.

— گەپ قىلماڭلا مۆمىناخۇن، ھېلىقى ئىپلاس كېسەل ماڭا چاپلىشىپ قاپتىكەن،
كېچىچە تولا تالاغا چىقىپ بولالماي قالدىم. نامازغا ئالغان تەرەتىممۇ تەرەت بولمى-
دى، پۇت - قولۇمدا مادار يوق. قانداق قىلارمەن؟ ئاۋۇدۇن باينىڭ نەۋرىسىمۇ تولغاق
بولۇپ قاپتىكەنمۇ؟

— ھە، ئۇ بالىمۇ شۇ كېسەل ... شۈكرى دەڭلار، بۇمۇ ئاللانىڭ بەرگىنى.

— تۇۋا قىلدىم خۇدايا، بەرگەن كۈنىڭگە يۈز مىڭ شۈكرى، — دەپ ياققىسىنى
چىشلىدى سىدىق پاكار ھودۇققان ھالدا.

— ھېلىقى مارىخان تولغاقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا، دەپ بىر نېمىلەرنى تار-
قىتىپ يۈرەتتى. شۇنىڭدىن يېمىدىڭلىمۇ سىدىقباي؟ — دېدى ئېشىكنىڭ جومبۇرىنى
ياماپ ئولتۇرغان توختى قوتا قاپقارا چوقۇر يۈزىگە چاپلاشقان ئىت چىۋىنىنى كاپپى-
دە تۇتۇپ يەرگە تاشلاپ دەسسىگەچ. ئۇنىڭ يىرىك تاپىنى ئاستىدىن «پاس» قىلغان
ئاۋاز چىقتى.

— ئۆمرۈمگە كېلىپ ھازىرغىچە بىر كۈن ئاغرىپ قالغان بەندە ئەمەسمەن، ئەمە-
دى تۆت كۈنلۈكۈم قالغاندا، ئاشۇ ھارام نېمىنى يەپ ئىمانىمنى بۇلغۇغىچە پاك پېتىم
ئۇ دۇنياغا باراي، — دېدى سىدىق پاكار. ئۇنىڭ ساقال ئارىسىدىكى سەل سارغىيىپ
قالغان قارا يۈزلىرىدە بىر خىل غۇرۇر ئالامىتى ئىپادىلەندى.

— ھەببەللى، بۇ گېپىڭ ئوبدان بولدى. سەن ئىككى چاقماق قەنت تېپىپ چاي-
غا سېلىپ ناشتىدا ئىچىپ باقە، ماۋۇ ئوبۇل چەمەكنىڭ بۇۋىخان شۇنداق قىلىپ ساقاي-
دىم، دەپ يۈرىمىش، — دېدى مۆمىن ھېلىمشا.

— ئۆتكەن يىللىرى كېسەل تارقالسا دورىنى بىكارغا بېرەتتى. ھازىر ئەمدى تەك-
شۈرگەنگە بىر يېرىم كوي، تۆت تال دورىغا ئۈچ كوي ئالىدىغان بولۇشۇۋاپتۇ. دورىنى
يەپ ساقايسىغۇ ساقايدى، بولمىسا تۆت يېرىم كوي پۇلنىڭ كۆزى ئوچۇقلا كېتىدۇ.
شۇ پۇلغا ئەھەت قاسساپنىڭ كاساڭ گۆشىدىن بىر پارە يېسە، شۇ پايدا، — دېدى
ئوبۇل كوسا ئاغزىنى چاكىلدىتىپ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

- ئولتۇرۇشقانلار بۇ بوغۇق ئاۋازدىن چۆچۈشۈپ، ھودۇققان ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇ-
رۇشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قېشىغا ئابدۇرىشىتخان غوجا كەلگەنىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، غوجام! — ھەممىسى ئېگىلگەن، دوڭغاقلىغان پېتى يۈگۈر-
گەندەك بېرىپ غوجىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، يۈزلىرىگە سۈرتۈپ كېتىشتى. ئابدۇ-
رىشىتخان غوجا بېشىغا يېڭى گۈللۈك ئاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق شايى يەكتەك كىيىپ،
بېلىنى چۆچىلىق ھەرەم ياغلىقىدا باغلىۋالغانىدى. ئۇزۇن چار ساقىلى ئوچۇق قىزىل

مەيدىسىدە يەلپۈنۈپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە سالاپەت بېرىپ تۇراتتى. ئۇ پۇقرالىرىنى قوبۇل قىلغان پادىشاھدەك، سولاشقان قاپاقلىرىنى سۆرلۈك لېپىلدىتىپ، ئادەملەرگە قولىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۇزاتتى.

— بىر كۈندە يەتتە مەرتەم كۆرۈشكۈلۈك ئەمەسمۇ - ھە!؟ — دېدى ئۇ، غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا.

— ھەئە، شۇنداق غوجام، ساۋاب ئەمەسمۇ غوجام، — دېيىشىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتى ھەممىسى ئېگىلگەن ھالدا. سىدىق پاكار ھەممىنىڭ كەينىدىن ئاران مېڭىپ كېلىپ كۆرۈشتى.

— ھە، سىدىقباي، نېمە بولدۇڭلار، بەك دوڭغاسلاپ قاپسىلە - يا؟

— تولغاق بولۇپ قاپتىكەنمەن غوجام، پۇت - قولۇمنىڭ ھېچ ماجالى يوق.

— ئاللاغا جىق ھەمدۇ - سانا ئېيتىڭلار، تەۋۋا قىلىڭلار، ھۆكۈمەتنىڭ كەينىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىدىغان ئىشقا ھەرگىز ئارىلاشماڭلار.

ئاڭغىچە قولتۇقىغا گىلەم قىستۇرغان مۇردىتى يېتىپ كېلىپ يەرگە گىلەمنى سالدى. ئىككى تالىپ ئىككى يانغا ئۆتۈپ بىرى يەلپۈگۈچتە يەلپۈدى، بىرى قوتاز قۇيرۇقىدا ياسالغان چىۋىن قورۇغۇچتا چىۋىن قورۇدى. قېرىلار ئۇنى چۆرىدەپ يۇمشاق، نەم توپىدا يۈكۈنۈپ، ئۇنىڭغا ئېگىشىپ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشتى.

ھازىر بىز مۇسۇلمان خەقتە ئىنساپ قالمىدى - ھە، — دېدى ئۇ سۆزىنى ئۇلاپ، — ھۆكۈمەتنىڭ كەينىدىن، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىشىپ، ئەمىر - پەرمانلارغا بويۇنتاۋلىق قىلىشىدۇ، غەللە تاپشۇرۇڭ دېسە، ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇرمايدۇ. ئىككى تال «غەللىنىڭ پۇلىنى بەرسۇن» دەپ يېتىۋالىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى غەيۋەت - شىكايەت، ھۆكۈمەتكە پۇت ئاتقانلىق، ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتمىغانلىق، ھازىر ئاللا بىزگە نېمىشقا ھېلى جىگەر كېسىلى، ھېلى تولغاق دەپ بۇ كېسەللەرنى بېرىدۇ؟ بۇ ئاللانىڭ بىزگە قىلغان غەزىپى. ھازىر ئاياغقۇمدا ھاراق ئىچىدىغانلار، زىنا قىلىدىغان ئىشلار — ئىسپلاسلىقلار پەيدا بولدى. مىسال، ئاۋۇ مەممەتەك دېگەن خالقۇش سارىڭنىڭ قىزىنى ھېلىقى ياسىن مەدەك دېگەن ھاراقكەش قىمارۋاز جىگدىلىكتە سۆرەپ يۈرەرمىش. مۇشۇنداق ھاراق، زىنا، غەيۋەت - شىكايەتتىن بىز بۇرۇن ئېتىنى ئاڭلاپ باقمىغان جىگەر كېسىلى، تولغاق، موخو دېگەن كېسەللەر پەيدا بولدى. بۇ نېمە؟ ئاللانىڭ غەزىپى. ئاشۇ ھارام ئىشلارنىڭ ھەققىگە ئاللانىڭ بىزگە ياغدۇرغان جاۋابى. قېنى، ئاشۇلار بىر يوقالسۇن، كېسەل ھازىر يوقىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ، ئاللانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ سىڭگەن ئۇمىچىمىزنى ئىچىپ، بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ، تىنىم دېھقانچىلىقىمىزنى قىلساق خۇدا بىزگە رەھمە قىلىدۇ. ئىنساپ ياغدۇرىدۇ، ئىمان ياغدۇرىدۇ. زىرائەتلىرىمىز ئوخشايدۇ، يامغۇر بېرىدۇ. سۇ بېرىدۇ، ئاڭلىمىساق، مانا مۇشۇنداق سېسىق كۆلنىڭ پاقىسىدەك سېسىق سۇ ئىچىپ، زىرائەتلىرىمىزگە سۇ يوق، كۈندىن - كۈنگە قۇرۇپ تۈگىشىپ كېتىمىز. مانا بۇ يىل ئاشۇ مەممەتەك دېگەن خالقۇشنىڭ كەينىگە كىرىپ غەيۋەت - شىكايەت قىلغۇچىلار كۆپىيىۋىدى، بۇغدايغىمۇ

ئاران بىر سۇ قۇيالىدۇق، سۇ يوق، دەل - دەرەخلىرىمىز قۇرۇدى. كېۋەزلىرىمىز غوزا تاشلىۋەتتى. باغلارنىڭ مېۋىسى يېگىلەپ كەتتى. قىشچە جىگەر كېسىلىنىڭ دەردىدىن بىرمۇنچە رەھمەتلىك مۇسۇلمانلىرىمىز قازا قىلدى، سەرسان بولۇپ كەتتى. ئەمدى يازچە تولغاق كېسىلى تارقىدى. بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ غەزىپى بولماي نېمە؟ تۇۋا قىلىلى مۇسۇلمانلار. ئاللاغا ھەمدۇ - سانايىمىزنى ئېيتايلى. گۇناھىمىزنى تىلەيلى، ئۇلۇغ مازايى - ماشايىخلارغا سېغىنايلى، ھەزرىتى ئاپپاق غوجام ئاتىمىزنىڭ ھەق - ھۆرمىتى ئۈچۈن نەزىرە، ئۆشرە - زاكاتنى ئۇنتۇمايلى، تېۋىنايلى، شۇنداق قىلساق ئاللا گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغاي!

بەرھەق، بەرھەق، ئېھ، قۇدرەتلىك ئاللا! بىلە — بىلمەس قىلغان گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغايسەن! — سوپى - مەزىن ھۆكىرەپ يىغلاپ باش بولۇپ تۆۋلىدى. ھەممە جامائەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھۇ تارتىپ يىغلاشتى. كېيىن «ھە ... ھۇم»دېيىشىپ جەر سېلىشقا چۈشتى.

8

چۈشكە يېقىن مەھەللە ئىچى ئىسسىق دەستىدىن قايناپ كەتتى. تەكلىماكان قۇملۇقىدىن يالىداپ ئۇرۇۋاتقان ئىسسىق كىشىنى چىدىغۇسىز كۆيدۈرەتتى. روزى تۇتقانلارنىڭ تولىسى دەرەخنىڭ تۈۋىدە چوڭقۇر ئازگال كولاپ شۇنىڭ ئىچىدە يالىڭاچ ياتماقتا ئىدى. چوڭلار: «قىرىق يىلدىن بۇيان بۇنداق ئىسسىق بولمىغان» دېيىشتى.

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەن، قۇرۇپ گەز باغلىغان نېپىز لەۋلىرى توختىماي ئۆمچىيىپ تىترەيتتى. چوڭقۇر قارا كۆزلىرىدىن تەلۋىلەرچە ئەلەم يېغىپ تۇراتتى. قارا ساقال بۇرۇتلىرى ئوغرى تىكەندەك پارقىراق ئىدى. بېشىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان تەر پېشانىسىدىكى، يۈزىدىكى قورۇقلار ئارقىلىق ئېقىپ ياڭاق سۆڭىكىدىن تامچىپ چۈشەتتى. ئۇ، بەلبېغىنى يەشتى، كېيىن كىردىن قارايغان، ئوت - چۆپنىڭ چېلى قېتىپ قالغان خەسە يەكتىكىنى سېلىپ بەلبېغى بىلەن قوشۇپ يەلكىسىگە تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئىچ - ئىچىدىن يىغا قايناپ چىقىۋاتقاندەك بولدى. ياش چېغىدا قۇمدا چېلىشقا چۈشكەندە ئېغىر بەل قورۇشقاندىكىدەك ھۆمۈلدەپ كەتتى. ئۇ بېشىدىكى بىر قېتى تىتما بولۇپ كەتكەن ئاق دوپپىسىنى پېشانىسىدىن سىيرىپ چۈشۈرۈپ، گويا پۈتۈن ئەلىمىنى شۇنىڭدىن ئالىدىغاندەك ئاغزىغا پۈرلاپ تىقىپ چىڭ چىشلىۋالدى.

— ۋاي نېمە بولدۇڭلار، ئۆڭگىلەڭ بوپكېتىپسىلىيا؟

خوتۇنىنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى، ئېشەككە قوزۇق ياساۋاتقان قېيىن ئاتىسى ھارۇن بوۋاي، ئۇنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ چوڭ دادىسى بىلەن قىزغىن گەپلىشىۋاتقان كىچىك يالىڭاچ ئوغۇللىرىنى

تونۇدى. خوتۇنى يوبدان ئېتىش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن چامغۇر يۇلۇپ كېلىۋاتقانىدى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن دولىسىدىكى چاپاننى پىرقىرىتىپ چۆرىۋېتىپ، ئاغزىدىكى دوپپىنى تۇكۇرۇۋەتتى. دوپپا قان ئارىلاش يەرگە چۈشتى. ھەمشىرىخان قورقۇپ كەتتى، ئەمدىلا گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا! مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ تەتۈر مۈشتى بوينىغا تېگىپ يەرگە يىقىلدى. ھەمشىرىخان «ۋايجان!» دەپ توپىدا يۇمىلاپ كەتتى. ھارۇن بوۋاي:

— ۋاي مەمەتخان، نېمە بالا بولدى؟ — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغىچە مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى، باللار قىرقىرىشىپ يىغلاشقىلى تۇردى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن دالان، تۆت ئېغىز ئۆي، ئېغىللارغا شامالدەك كىرىپ قايتىپ چىقتى. يەنە غالجىرلاشقان پېتى ھارۇن بوۋاي ئەمدىلا يۆلەپ تۇرغۇزغان خوتۇنىغا ئېسىلدى. ھارۇن بوۋاي: «ئوبدان بالام مەمەتخان، ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ. ھەمشىرىخان ھەرقانچە گۇناھ قىلغان بولسىمۇ مەن ناماقۇل، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىڭ، مېنىڭ تۆت كۈنلۈكۈم قالدى. مەن ھايات چاغدا بۇنداق قىلماڭ، مېنى كۆمۈپ قويۇپ نېمە ئىش قىلسىڭىز مەيلى، خۇدانىڭ، تۇتقان روزام، ئۆتىگەن بەش ۋاق نامىزىمنىڭ ھەق-ھۆرمىتى ئۈچۈن، پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭ، بالام» دەپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى. بالىلىرى پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ: «دادا، ئانا!» دەپ قىرقىرىشىپ يىغلاشتى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن مەست ئادەمدەك دەلدۇگۇنۇپ توختاپ قالدى. ھەمشىرىخان توپىدا دۈم يېتىپ ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ھارۇن بوۋاي كۈچسىز قوللىرىدا مۇھەممەتئىمىن سەيدىننى سۆرەشتۇرۇپ لەمپە ئاستىدىكى سۇپىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تارتىشىپ، كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۆزى ھەدەپ ھەمشىرىخانغا خىرىس قىلغان ھالدا تىكىلىپ ھاسىرىدى. ھەمشىرىخان ھەممە يېرى توپىغا بۇلانغان ھالدا ئۆكسۈپ يىغلاپ ئاستا سۆرۈلۈپ كۆمۈپ قويۇلغان قىغقا يۆلەندى. چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرى يۈز-كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى. باللار قىرقىراپ يىغلىشىپ ئۇنىڭغا يېپىشىۋېلىپ، دادىسىغا قورقۇمسىرىغان، ياتسىرىغاندەك پات-پات يەر تېگىدىن قاراپ قويۇشتى. ھارۇن بوۋاي تاتارغان، ھاسىرىغان ھالدا بىردەم قىزىغا، بىردەم يېنىدا ئولتۇرغان كۈيئوغلىغا قارايتتى. ئۇنىڭ كىرپىكسىز كۆزىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان ياش ئاق، كىر ساقىلىنىڭ ئارىسىغا سىڭمەكتە ئىدى.

— بالام، — دېدى بوۋاي بوغۇلغان يىغا ئارىلاش ئاۋازدا، — ماۋۇ باللارغا قاراڭ، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىمىسىمۇ باللارغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. بۇنداق قىلساڭلار مەن قورۇنۇپ كېتىدىكەنمەن. ئاچچىق دېگەن پەيلى شەيتان. ئۇنىڭ ئەسىرى بولسا ئادەم ئەقلىنى يوقىتىدۇ. ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ ئاچچىق قىلغانغا، ئۇرۇشقانغا ئورنىغا كەلمەيدۇ. چىرايلىق دەيلى. بۇرۇنقۇ ياش ئىدىڭلار، بۇنداق قىلساڭلارمۇ يارىشاتتى. ئەمدى ئالتە بالىغا ئاتا-ئانا بولدۇڭلار، بالاڭلىنىڭ چوڭى ياتلىق قىلىنغۇدەك بولدى...

— مانا شۇنىڭ خاپىلىقى، ھە قېيىن ئاتا، سىلى ئاڭلىسىلا، ھازىر ھەممە خەقنىڭ ئاغزىدا مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ قىزى ياسىن مەدەك بىلەن ئۇ قىپتۇ، بۇ قىپتۇ، دېگەن سۆز - چۆچەك دوست - دۇشمەنىنىڭ ئالدىدا بىر پۇللۇقۇمنى قويمىدى. مەن يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ نى ئات، نى نومۇس! قىز باققانىنىڭ جاجىسىمۇ ئەمدى بۇ! ھازىر بولماي قالدى، خەيرىيەت. ھەي، ئۇنۇڭنى ئۆچۈرۈپ ئاڭلا! — دەپ ۋارقىرىدى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن. ھەمشىرىخان ئۆكسۈشتىن دەرھال توختىدى، — مەن بۇ قېتىمغا قېيىن ئاتامنىڭ يۈزىنى قىلدىم. بوپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ تالاغا چىقمىسۇن. كۆزۈمگە چېلىقىپ قالسا ياكى زىغىردەك گەپ قۇلىقىمغا چۈشۈپ قالسا، ئىككىڭنى تۆۋرۈككە تېڭىپ، پاچىقىڭنى چېقىۋېتىپ كۆردىغىنىمنى كۆرىمەن!

— مۆرىمەمسەن، مەمەتخاننىڭ گېپى ئورۇنلۇق، تايىقى ھەق بوپتۇ. ھۇ، سەندەك ئەقىلسىزنى! — قورقۇنچ ۋە ئاچچىقلىنىشتىن بوۋاينىڭ تىزلىرى دىر - دىر تىترەپ كەتتى.

— ئۇقتۇم، — دېدى ھەمشىرىخان يىغا ئارىلاش ئۆكسىگەن ئاۋازدا.

— ھەممە گۇناھ مەندە، — بوۋاي مەيدىسىگە مۇشتلىدى، — كۆزگە كۆرۈنگەن نەۋرەم دەپ ئەركىلىتىپ ھالا بۇ كۈندە، ما ئىشنى كۆر ئەمدى. دادىسى دۇشمىنى كۆپ ئادەم تۇرسا، دادىسىنى ئايىمىغىنىنى قارا ئۇ ئەقىلسىزنىڭ، سەن ئانىسى بولغاندىكىن نېمىشقا بويىغا يەتكەن قىزىڭغا ئوبدان ھېزى بولمايسەن تاياق قېپى، خەپ نۇسرەت، خەپ... سەن بىزنىڭ دەردى - ئېسەيىمىزنى ئاز بولۇپ قالدى دەپ، ئەمدى بىزگە مۇشۇنى كۆرسەتتىڭما؟!

ئۆيدىكى بۇ جېدەلنى ئۇققان نۇسرەت ئۆيگە كېلىشكە پېتىنالمىدى. ھەپتىگىچە دادا جەمەت بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە تۇردى.

9

ئەترەتنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى ئاز قالغان، يانتاق، قومۇشلار ئۈنۈپ كەتكەن ھويلىسى بۇگۈن ئادەم بىلەن لىق تولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى تىنجىپ قالغان بۇ كونا «ئوردا» غا جان كىرگەندى. بۇرۇنمۇ بۇ يەردىن چىقىدىغان غەلۋە - غەۋغا ھەرگىز خۇشاللىق ئەمەس، جېدەل، مۇشتلىشىش، يىغلاش، ۋارقىراش ئىدى. چىراغ ئۆچتى قىلىپ كالتەكلەيدىغان ئۆيىنىڭمۇ ھازىر ئىشىك - دېرىزىسى قېيسىيىپ، تاملىرىنىڭ سۇۋىقى چۈشۈپ بىرقانچە يەرگە بارماق پاتقۇدەك چاك كەتكەنىدى. جاھاننىڭ خاپىلىقى گويا مۇشۇ يەردىن ماكان تۇتۇۋالغاندەك يەنە ھازىرمۇ ۋارقىراشماق، يىغا - زارە بولماقتا ئىدى. بۇ ئىشلار بۇ كەڭرى ھويلىنىڭ ئىككى يېرىدە — بىرى ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى قېرى ئۈجمىنىڭ تۈۋىدە، يەنە بىرى ئامباردا بولۇۋاتاتتى.

ئۈجمە تۈۋىدە بىر توپ قېرى - ياش ئاياللار، باللار كەنت سېكرېتارى مامۇت نۇرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدى. مامۇت نۇر پوكاندەك ئېسىلىپ تەرلەپ - پىشىپ ئۇلارغا سۆزلىمەكتىدى:

AltunOq

— ھەي مۇسۇلمانلار. مەن سىلەرگە ئەتىگەننىڭياقى قەلەندەرنىڭ ئىتىغا ئوخشاش كاپىشىپ سۆزلەۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ گېپىم ئەمەس، كېپەك شاگىجاكىنىڭ بۇيرۇقى. بۇ يالغۇز بىزنىڭ ئاياغقۇمغا چىقارغان سىياسەت. مەنچە بولغاندىغۇ غەللە ئاشلىقى ساتقان پۇلنى ھازىرلا قولۇڭلارغا بەرسەم بولاتتى، لېكىنزە، كېپەك شاگىجاك: «بۇغداي ساتقان پۇلدىن بىر سىنتىمۇ دېھقانلارغا بېرىلمەيدۇ، ھەممىگە ئوغۇت ئېلىپ بېرىمىز» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇنىڭمىغۇ تېگىدىن ئالغاندا، يامىنى يوق، ئوغۇتنى جىق سالساق، كېلەر يىلى ھوسۇلنى جىق ئالىدىغان گەپ!

— كېلەر يىلقى ھوسۇلغىچە بىز كانايىنى قوزۇققا ئېسىپ قويىمىزمۇ، ئورمىدا بېرىشكە يېگەن گۆشنىڭ قەرزىنى ئىشتىنىمىزنى سېتىپ بېرىمىزمۇ؟ قوناق پىشقىچە نېمە يەيمىز؟ ئوغۇت بەرسەڭلار ئوغۇتنى يەيمىزمۇ؟ — دېدى تۆۋەن مەھەللىدىكى ئەيسا خىڭرىق.

— راست، بىز ئوغۇت يەمدىكەنمىز؟

— بىزمۇ ئاش بەرگەندىكىن بىزگە پۇل بەرسۇن. پۇلىمىزنى بەرسۇن. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام»، قورساقنى غەملىۋېلىپ ئاندىن ئوغۇتنىڭ غېمىنى قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— ھەرقانچە ئوغۇت چاچقان بىلەنمۇ سۇ بولمىسا تۆشۈك يانچۇققا پۇل سالغاندەك ئىش. مانا، بۇ يىلمۇ بىرمۇنچە ئوغۇت ئېلىپ چاچتۇق. يالتىراق ئېلىپ باستۇق، سۇ بولمىغاندىكىن «ئېشىكى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە» بولدى. يېرىمنىڭ ئېچىق بېشىغا سۇنى ئەكىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئوغۇت ئال دېسە، ئەمدى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، — دېدى قادىر پىلاڭ.

— ماڭا كەچكىچە ئېسىلىۋالساڭلارمۇ مەندە پۇل يوق، — دېدى مامۇت نۇر توقۇمنى قارنىغا ئېلىپ، — بۇ كېپەك شاگجاڭنىڭ بۇيرۇقى. مەن شۇنى سىلەرگە يەتكۈزۈپ قويدۇم.

— شۇنداق، سىز يۇقىرىغا ياخشى، پەقەت يۇقىرىنى رازى قىلسىڭىزلا بولدى.لەك ساتقۇزۇشتا ھەربىر ئادەمگە بۆردەك تەگدىڭىز. بىز سىز دېگەن ۋاقىتتا سېتىپ بەردۇق. سىز يۇقىرىدىن مۇكاپات ئالدىڭىز. ئەمدى ھەققىمىزنى بېرىدىغان چاغدا چاتىقىڭىز يوق. ۋاي، ئۇنداق قىلماڭ ئوبدان سېكرېتار، بىزگىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. بىزگىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ياخشى بولۇڭ، ئاخىرى ئۆلسىڭىز يىغلايدىغان، جىنازىڭىزنى كۆتۈرىدىغان بىز. بىزنى ئۇنچىۋالا تاشلىۋەتمەڭ، يۇقىرىدىن چايدان مۇكاپات بەرگەن بولسا، بىز سىزگە بىر پاقلان سويۇپ چاي قۇيۇپ مۇكاپاتلايلى، — دېدى قادىر پىلاڭ.

— تولا راكىشما تاز... ئىش قىلىپ مېنىڭ كارىم يوق.

— شۇنداق، «غوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق». قېنى كۆرەرمىز، يەنە بىر ـ بىرىمىزگە لازىم بولۇشمىغىنىمىزنى!

— لازىم بولساڭ ماڭا ئەمەس، ھۆكۈمەتكە بولسەن، ماڭا نېمىدى. مەن يەنە

ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى بويىچە ئىشلەۋېرىمەن، — دەپ ھۆركىرىدى ماموت نۇر چىچاڭشىپ.

— ھەي خالايىق، بولدى تالاشماڭلار، بۇنىڭ بىلەن مىلى كېچە ـ كۈندۈز دېيىشىسەڭلەرمۇ بىكار. بۇ يەنە مۇشۇنداق مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك، ھەممىنى يۇتۇۋېتىپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدۇ، بەزدەك تۇرۇۋېرىدۇ، — دېدى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن توپ ئىچىدە ۋارقىراپ.

— ئالە، مەممەتەك.

— ھۇششەرە مەممەتەك، يەنىلا سەن يۈرەكلىك، سەن ئوغۇل بالا! — دېيىشتى خالايىق. ماموت نۇر تاتىرىپ كەتتى.

— مېنى ھەممىڭلار مېڭىسىنىڭ سۈيى بار خالقۇش ساراڭ دەيسىلەر... — مۇھەممەتئىمىن سەيدىن جامائەتنى ئۆزىگە قاراتتى، — ھەرھالدا مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاڭلار، ئىككى ئىت تالاشسا بىرسى كاسىراپ چىشىنى چىقىرىپ كەينىنى قىلىۋالسا تالاۋاتقىنىمۇ تالىمايدۇ. كۈلمەڭلار، كۈلىدىغان گەپ ئەمەس. بىزنىڭ دانا سېكرىتارىمىز بۇنىڭغا كاسىراپ كېپەك شاڭجاڭغا دۈگىگەندەكمەن، بىز قانداق قىلىمىز. ھەقچان شۇنداق دېسەم «بۇ لامزەللىلەر كېپەك شاڭجاڭنىڭ ئالدىغا بارالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ دېگىنىم دېگەن بولىدۇ!» دەيدۇ. قورساق ئاچسا قانداق قىلىمىز، ھېلىغۇ كېپەك شاڭجاڭكەن، ۋالىينىڭ ئالدىغىمۇ بارىمىز. چۈنكى بىزگە نان كېرەك، نان بولمىسا بىز بولمايمىز، بىز بولمىساق نان بولمايدۇ. كېپەك شاڭجاڭ شاڭجاڭ بولالمايدۇ. ۋالىيمۇ ۋالىي بولالمايدۇ، چۈنكى بىز ئۇلارغا كېرەك، بىز نان تاپمىساق، ئاچلىقتا ئۇلار بىزدىن بەكرەك چىدىيالمايدۇ. جان بىزنىڭكىدىن ئۇلارغا بەكرەك تاتلىق.

مەيداندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى:

— سۆزلە ساراڭ، گېپىڭ جايىدا!

— ئەگەر پۈتۈن ئاياغقۇمدا مەن بىلەن كېپەك شاڭجاڭنىڭ ئالدىغا بارالىغۇدەك ئىنجاسى بار ئوغۇل بالىدىن بىرى چىقسا بىرى بىلەن، ئۇنى چىقسا ئۇنى بىلەن بارىمەن. چىقمىسا ئۆزۈملا بارىمەن، كېپەك شاڭجاڭمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئادەم، ئىككى پۇتى بار ماڭىدۇ، ئاغزى بار سۆزلەيدۇ، قۇلىقى بار ئاڭلايدۇ، كۆزى بار كۆرىدۇ، ئادەم يېمەيدۇ. ئەھۋالىمىزنى دەيمەن، تىڭشىسا — ھەل قىلسا يېنىپ كېلىمەن، بولمىسا كېپەك شاڭجاڭنىڭ ئۆيىدە كۈندە شورپا، پولۇ، مانتا بار، يەپ ياتىمەن. بېرىدۇ، بەرمەي ئامالى يوق. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم. پەقەت بىزدىن سېمىز، چىرايلىق.

— كېپەك شاڭجاڭ يېگەننى يېسەڭ، سەنمۇ ئۇنىڭدىن چىرايلىق مەممەتەك، — دېدى بىر قېرى مەزلۇم. خالايىق يەنە كۈلۈشتى.

— قانداق، مەن بىلەن بارىدىغانلار بارمۇ؟

شۇئان توپ ئىچى جىمىپ كەتتى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن توپ ئىچىگە — ھەربىر ئادەمگە قاراپ چىقتى. ھەممە كۆزلەردىن تەشۋىش، ئۆزىنى قاچۇرۇش، يەنە

خىجىللىق، ئىشەنمەسلىك، ئۈمىدسىزلىك، زەئىپلىك چىقىپ تۇراتتى. ھەممىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغاندەك ئىدى.

— بارمۇ؟

— ...

— ھا... ھا... ھا... — مۇھەممەتئىمىن سەيدىن قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلكىدىن توختىغاندا، لەۋلىرى تىترەپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى، بوغۇلۇپ كەتتى.

— ئىسىت بىچارىلەر، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتماڭلار. كېپەك شاڭجاڭ ئادەم يېمەيدۇ. بىز ئۇرۇشقىلى بارمايمىز، پەقەت ھال - ئەھۋالىمىزنى دەيمىز، پارتىيىنىڭ رەھبىرى پۇقراسى ئاچ قالسا قاراپ تۇرمايدۇ. پەقەت بىزنىڭ ھالىمىز ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا يالغان مەلۇم قىلىنغان. بىزنى «ھەممە يېرىدىن چىپىلداپ ياغ ئېقىپ تۇرىدۇ، ماڭسا ئاشلىقنىڭ تۆپىسىگە دەسسەپ ماڭىدۇ، بېشىنى كۆتۈرسە توقماقتەك پۇلغا ئۇسسۇۋالىدۇ» دېيىلگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن. بۇنداق ئىش بۇرۇن شۇنداقتى، ھازىرمۇ تازا ئۆزگەرمىدى. ئىسىت سىلەرگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، بىچارىلەر...

— بولدى مەممەتەك، بىزنى ئىزاغا ئۆلتۈرەي دېدىڭ، بولدى قىل. ئەمما ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىز گېپىمىزنى سەندەك ئوڭلاپ قىلالمايمىز. سەنىدەك ئوقۇمايتىكەنمىز. ھەمراھ بولساققۇ بولاتتى. ئەمما سەن بىلىسەن، بىزنى خىجىل قىلما، يەنىلا سېنىڭ بارغىنىڭ ئوبدانكەن، — دېدى قادىر پىلاڭ.

— شۇنداق، مەممەتەك سەن بارغىن!

— شۇنداق قىل، بالام!

— ياخشى سەن بوپقاپتىكەنسەن، بولمىسا بىز ئۈچۈن بىر ئېغىز گەپ قىلىشقا كىم چىقاتتى، «خۇدايىم كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىمىغان» دېگەن شۇ.

جامائەت يەنە زۇۋانغا كىرىپ جانلىنىپ قالدى.

— بوپتۇ، مەن يەنىلا سىلەرگە كۆسەي بولاي. كىچىك چېغىمدا ئانام «كۆسەي بالام» دەپ ئەركىلىتىپ قوياتتى.

— سەن بىز ئاياغقۇملۇقلارنىڭ كۆسەي بالىسى، بالام، — دېدى بىر قېرى مەزلۇم كۆز يېشىنى ئېتىكى بىلەن سۈرتۈپ.

ماموت نۇر تاتىرىپ تىپىرلاپ كەتتى. ئۇ دەرھال توپتىن ئايرىلىپ ئابدۇرېشىتخان غوجىنىڭ يېنىغا پايپاسلىدى.

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن كۆك ئېشىكىنى مىنىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كەتتى. خەقنىڭ ئەندىشىلىك، ئۈمىدسىز كۆزلىرى ئۇنىڭ قارىسى يوقىغۇچە كەينىدىن قاراپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مۇھەممەتئىمىن سەيدىن. خۇشال قايتىپ كەلدى. كېپەك شاڭجاڭ ئۇنىڭ قولىغا: «ئاياغقۇمنىڭ ئەھۋالى باشقا يەرگە ئوخشىمايدۇ، غەللىنىڭ

پۈلى دەرھال دېھقانلارنىڭ قولىغا بېرىلسۇن، باشقا كەنتلەرنىڭ ئەسلىدىكى بويىچە بولىدۇ» دەپ تەستىق يېزىپ بەرگەندى. ئاياغ-قۇملۇقلار شادلىنىشتى. مامۇت نۇر، سىدىق بايچەك، ئابدۇرىشىتخان غوجا، سوپى-مەزىنلەر قايغۇرۇشتى، ھازا تۇتۇشتى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنى خەقلەر ماختاپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەندە، سېكرېتار ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ئۇنىڭغا ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئىمام ئىماملىقىنى، سوپى-مەزىن مەزىنلىكىنى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويغاندەك تولغىنىپ كېتىشتى. جامائەت كۆڭلىنىڭ بويىدا مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنى ئوردۋېلىشتى.

— ھە، مەمتەك، بىر دېگىنە، سەن كېپەك شاڭجاڭ بىلەن قانداق كۆرۈشتىڭ؟

— راست شۇنى دە، دېگىنە، بىر ئاڭلايلى.

— خۇپتەن بىلەن باردىم. بىر كىچىك بالا ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئېشىكىمنى دەرۋازا ئالدىدىكى بىر ئامۇتقا باغلاپ قويۇپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ كىرسەم، ھېچ سادا يوق، بۇ ھويلىسىكەن، يەنە مېڭىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ كىرسەم، يەنە ئادەم يوق. كىچىك بالا گوللاپ قويدىمىكىن دېسەم، ئۆيلەرنىڭ چىرىغى يورۇق، شۇنداق قىلىپ ئۈچىنچى قېتىم: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ كىرگىنىمنى بىلمەيمەن، كۆزۈم ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. ئوتقاشتەك گىلەم سېلىنغان ئۆيدە بىر-بىرىدىن سېمىز ئادەملەر ئولتۇرۇشىدۇ. داستىخاندىكى نېمىلەرنىڭ تولىلىقىدىن بېشىم قېيىپ كەتتى. بىر قوينىڭ پۈتۈن گۆشى تۇرىدۇ، بىر قانچىسى بىردىن پىچاقتا گۆشنىڭ خالىغان يېرىدىن كېسىپ يەۋاتىدۇ، ھاراق ئىچىشىۋاتىدۇ.

— ئۆلە، بېشىڭنى يەيدىغان كاساپەتلەر.

— باشلىقلار دېگەن ئىمانسىز بولىدۇ.

— مامۇت نۇر غوجامنىڭ قولتۇقىدىن، مەسچىتتىن چىقالمىغان بىلەن ناماز ئوقۇمايدۇ ئەمەسما؟

— ھە، سۆزلە.

— ھەممىسى ھاڭۋېقىپ بېشىمدىن تاپىنىمغىچە قاراشتى، بىر-بىرىسىگە قاراشتى. كېپەك شاڭجاڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزى ئولتۇرغان يەرگە ئولتۇرغۇزدى. ئالدىمغا چاي، گۆش قويدى. «ئالسىلا» دەپتى، «مەن روزا تۇتقان» دېسەم ھەممىسى خىجىل بولۇشۇپ كەتتى. شۇندىن كېيىن «نېمە ئىشلىرى باردى» دەپ سوراپتى، ھەممىنى دەپ بەردىم. ئولتۇرغانلار: «ئۇنداق بولسا بولماپتۇ» دېدى. كېپەك شاڭجاڭ خاتىرىسىدىن بىر ۋاراقنى يىرتىپ مۇشۇ خەتنى يېزىپ بەردى. ماڭىدىغان چاغدا بىر پارچە گۆشنى «ئىپتارلاڭ» دەپ بەردى، يېنىپ چىقتىم، شۇ.

— ۋاي، ما ئىشنى شۇنچىلىك ئىكەنيا!

— زادى ھەل بولىدىغانلىقىنى مېنىڭمۇ كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرغان.

— مىڭنى قىلسا ئادەم-دە. بىزنى ئاچ قويمايتتى زادى.

— ئەسلى مەن بىللە باراي دېگەن، بارسام بوپتىكەن!

— كېپەك شاڭجاڭ قانداق ئادەمكەن؟

— سېمىز، يوغان قورساق، كۆك كۆز، سۇرلۇك ئادەمكەن.

— مېھماندىن سىقىلىپ قاپتۇ، بولمىسا بۇنداق ئاسان ھەل بولمايتتى.

## 10

خۇشاللىققا ھامان قايغۇ ھەمراھ. ئاياغقۇملۇقلار ئازراق خۇشال بولۇۋدى، دەرھال بىر پاجىئە تۇغۇلدى. بۇ پاجىئە ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئەندىشىلىك گۇمان پەيدا قىلدى، لېكىن ئۆز غېمى بىلەنلا بولۇپ باشقىلارنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشى بىلەن كارى يوق، بەلكى ئۇنىڭ بىرەر چاتىقى ماڭا يۇقۇپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ تۇگۈلۈپ ياشاشقا كۆنۈپ كەتكەن ئاياغقۇملۇقلارغا بۇ پاجىئە توخۇسى يۇتۇپ كەتكەنچىلىك تۇيۇلمىدى.

بۇ ئىش يەنە ئاشۇ كۆك يانتاق، چىڭگىلىك پاكار قۇمۇشلار قاپلاپ كەتكەن ئەترەتنىڭ ئامبىرىدا بولدى. سىدىق بايچەك غەللىنى تولۇق تاپشۇرالمىغان قىرىق ئەللىك ئادەمنى ئامبارغا سولىۋېلىپ قىستىماقتا ئىدى.

— سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىۋاتىسلەر. مۇشۇنداق كۆكەملىك قىلىپ يېتىۋالساق بىزدىن غەللىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، دەپ خىيال ئەيلىمەڭلار. ئەجەب باشقىلار ئۆزى يەيدىغان ئاشلىقنى قوشۇپ، ئۇ چىقىشمىسا بىرەر قويىنى، توخۇلىرىنى سېتىپ بازاردىن ئاش ئېلىپ ۋەزىپىسىنى تۆگەتتى. ھەرقايسىڭلار نېمىشقا ئۇنداق قىلمايسىلەر؟!...

— سەن بىزنى ئۇنچىۋالا پەس كۆرمە سىدىقاخۇن، بىز كۆكەمە زەمبىلكەش ئەمەس، يەيدىغىنىمىزنىمۇ سېتىپ بەردۇق، يەنە بولمىدى. ئېشەك، كالىمىزنى ساتايلى دېسەك، يەنە دېھقانچىلىق قىلمىساق بولماس. مۇسۇلمان ئادەم يالغان گەپ قىلسا يامان بولىدۇ. ئەمدى بىزنى قىيناۋەرمە، يەردىن چىقمىسا قانداق قىلىمىز. سۇ بولمىغاندىكىن ھېچنېمە بولمىدى، — دېدى ھەسەن مايماق ۋايساپ.

— جېنىمىزنى قىيناۋەرمە، بۇغدايدىن توشمىغان غەللىمىزنى كۆزدە قوناقتا ئارتقۇزايلى، — دېدى يەنە بىر موماي.

— يوشۇرۇن كۆچنى قازايلى، سىلەر جاھىللىق قىلماڭلار، مەن سىلەردىن جاھىل. ئۆيۈڭلەردە ئاش يوق ئەمەس، ئەگەر مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭلار، ئاپىرىپ پەيچۇسوغا سولىتىۋېتىمەن، جەرىمانە قويغۇزىمەن!

— جەرىمانە قويساڭ جاننى ئالارسەن، — دېدى مۇسا سوغۇق.

— ھەي ياسىن مەدەك، سەن غەللىنى پۈتۈن بېرەلمەي نومۇس قىلمىدىڭما؟ — دېدى سىدىق بايچەك.

— نېمىدىن نومۇس قىلىمەن؟ خاماندىن چىققان ساماندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى بەرسەم گەدىنىمدە يەنە يۈز ئەللىك جىڭ ئېشىپتۇ. مانا كۈن تۇرۇپتۇ، مەن گېلىمغا بىر تال دان ئېلىپ قالماي تاپشۇردۇم. ئۆشرە زاكاتقا ساماننى ئېلىپ قويدۇم، خۇدايىم بار، دېدىم. ئىشقىلىپ ئاياغقۇمدا ئاچ قالماسمەن، سىلىدەك باي ئاتى

AltunOq

مېنىڭ ئۆيىگە بارارمەن، — دېدى ياسىن كۆزىنى يۇمۇپ كۈلۈپ. سىدىق بايچەك تېرىكتى.

— ئادىشىۋا، «ئىشەك ئۆلۈۋاتسا، بىر يېرى غىجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك سەت ھىجايمىغىنا. سەن مېنىڭ خوتۇنۇممىدىڭ مەن سېنى بېقىپ. خوتۇنىڭنى ئەكەپ قوي، ئوبدان بېقىپ قوياي بولمىسا...

ياسىننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى:

— سىدىق ئاكا، سەن ئاكامدەك ئادەم، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە. مەن چاقچاق قىلىپ دەپ قويدۇم. مېنىڭ بار-يوقۇم تۇرغان تۇرقۇم مۇشۇ، لېكىن خوتۇنۇمنى باققۇچىلىكىم بار، سەن مەندىن باي، ئەمما خوتۇنىڭنى باقالمىغان بولساڭ، ماڭا ئەكېلىپ بەرسەڭ، مەن سەندىن ئوبدانراق باقىمەن.

— ھېلى جۇما شۇمتەك، سەن شۇنداق دېگۈدەك بولدۇڭما، ھۇ خوتۇنىڭنى!...— سىدىق بايچەك ياسىنغا ئېتىلدى. تۆت-بەش ئادەم ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ يالۋۇردى:

— ھاي سىدىقاخۇن، ھاي دەيمەن. سىلىمۇ كىچىك بالىمۇ، خاپا بولمىسىلا.

— مەن زادى ئاشۇ ھارامدىن بولغان سولتەكتىن مۇشۇنداق گەپ ئاڭلايمەنما؟ ھۇ، خوتۇنىڭنى!...

— سەن خوتۇنۇمنى تولا ئاغزىڭغا ئالما، مېنىڭمۇ ئاغزىم بار، سەندىن قورقۇپ قالمايمەن. ناھايىتى قولۇڭدىن كەلسە سولىتىۋېتەرسەن...

— ھۇ، خوتۇنىڭنى!...— سىدىق بايچەك ھەدەپ يۇلقۇنۇپ بوشىنىشقا ئۇرۇندى، ئەمما ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ ئېلىشتى. ئۇ جان ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ، خىرقىراپ كەتتى.

— ھۇ، خوتۇنىڭنى! خوتۇنىڭدىن سورا شۇمتەك، سىدىق بايچەك جىگدىلىكتە نېمە قىلغان، دەپ سورىساڭ بىلىسەن. خوتۇنىڭنىڭ قۇچىقىدىكى بالىغا قاراپ باق. كىمگە ئوخشايدىكەن-ھە؟ ئاڭلاپ قوي!

ياسىننىڭ چىرايى دەھشەت قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى.

— ھەي سىدىق خۇمپەر، خوتۇنۇمنى جىگدىلىككە ئېپچىقتىڭما؟

— ھە، ئېپچىقتىم، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، قويۇۋېتىڭلار. ئى شۇمنىڭ تەڭ كېلەلىگىنىنى مەن بىر كۆرەي، — سىدىق بايچەك تېپىرلاپ يۇلقۇنماقتا، خىرقىرىماقتا.

— ھەي سىدىق خۇمپەر، يالاق يالايدىغان غالچا، سەن مېنىڭ خوتۇنۇمدىن بالا تاپتىڭما؟

— ھە تاپتىم، يەنە تاپىمەن!...

— مېنى قويۇپ بېرىڭلار مۇسۇلمانلار، مېنى قويۇۋېتىڭلار خوتۇن تالاقلار! — ياسىن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى. باغلاقتا كۆنمىگەن تايدەك ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇردى. ئەمما خەق ئۇنى ئامباردىن سۆرەپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ ھەدەپ كەينىگە تىرەجەپ ۋارقىرايتتى:

— سەن قەلەندەر، مېنىڭ خوتۇنۇمنى جىگدىلىككە ئېپچىقتىڭما؟ خەپ توختا!

خەپ سىبسق خۇمپەر، سەن هوقۇقىڭغا ئىشەنمە، تىبخى جاهانىنىڭ مەنزىلى ئۇزۇن. خەپ!...

كىشلەر ئۇنى ئاخىرى كۆتە - كۆتە قىلىپ ئىلىپ كەتتى. ياسىن مەدەك هۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، يىغلىما بالام! ئوغۇل بالا — يەنە كىلىپ سەن ياسىن مەددك يىغلىساڭ ياراشمايدۇ. ئۇ، ئىت خۇيلۇق توخۇ پوقى. بىزددن ئاش ئالالمای، ئۇسكىلى يەر تاپالماي سىنى تالىدى. ئادەم جان ئاچچىقىدا ئاغزىغا كەلگەننى دەۋىرىدىغان گەپ. شۇڭا پەيلى شەيتان دەيمىز. هە، بولدى قىل، يىغلىما. سىنىڭ خوتۇنۇڭ خەق جىگدىلىككە تارتسا ماڭىدىغان خوتۇن ئەمەس. ئۇ، رودىپاي سەنىدىن ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۇچۇن شۇنداق دەپ تاشلىدى. سەنمۇ دىدىڭ، يەنە نىيمىگە يىغلايسەن، بولدى قىل! تاۋى نازۇك خىنىمدىك، يىغلىما. «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر». ئەگەر ئۇنىڭ قىلغانلىرى يۈرىكىڭگە تۇرۇۋىلىپ ئۆچ ئالماق بولساڭ، ئاچچىقىڭنى بىسىۋىلىپ ئەقلىڭنى ئىشلەت.

— ئاكىلار كۆردۈڭلار، ئادەمنى شۇنداق سۆندۈرغان بارمۇ؟ مىنى شۇنداق بوزەك ئىتەمدۇ. يىل بويى ئاشۇ توزكورنىڭ ئۆيىگە سۇتوشۇيمەن، شۇنىڭمۇ يۈزى يوقمۇ؟!

— ئۇنى دىسەڭ بىزنىمۇ ئاز بوزەك قىلمىدى دەمسەن؟ ئۇنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ئاياغقۇم هازىر ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى گۆشى. ئىزىقىغا ئىلىپ چايناۋاتىدۇ، هەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. نى - نى ئادەملەردىن قالغان جاهان بۇ. بۇ بايچەك ئەۋلادىدىنمۇ قالىدۇ تىبخى. خۇدايىم ئۆزى تەڭشەپ قويار...

جامائەتنىڭ نەسىهەتى ياسىننى ئاچچىقىدىن ياندۇردى. ئۇ يانچۇقىدىن كۆك موخۇركا ئىلىپ سۇس تىترەۋاتقان كىرپىنىڭ دۈمبىسىدەك يىرىك دىقماق بارماقلىرىدا قولاشمىغان هالدا يۆگەپ تۇتاشتۇردى.

— روزاڭنى بۇزدۇڭمۇ توخۇ پوقى، — دىدى هەسەن سوغۇق نارازىلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

ياسىن گەپ قىلمىدى. مەهەللە دوقمۇشىغا كەلگەندە هەممەيلەن تارقاپ كەتتى. ياسىن قىردا تىرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىلىغىچە موخۇركىسىنى چەكتى. بىركەمدە بىردىنلا چىكىۋاتقان تاماكىسىنى تاشلاپ ئىرىقتىن ئاتلىدى - دە، قۇمۇشلۇق ئارىسى بىلەن مىڭىپ كەتتى. ماڭغاندىمۇ خۇددى بىرنەرسىگە ئۆلگۈرەلمەيدىغاندەك ئالدىراپ ماڭدى. يەردىكى قۇمۇش كۆتەكلىرى، ئۆلۈك پاتاسلار بىلەن قوشۇلۇپ چويۇندەك قىتىپ كەتكەن مۆدۈر - چوقۇر قىرلار ئۇنىڭ چەمدەك قىتىپ كەتكەن تاپىنىغا تەسىرمۇ قىلمىدى. سالما، پاتمىچۇق شىلدىرلاپ ئايىغى ئاستىدا هەرتەرەپكە قاچتى. قۇمۇش كۆتەكلىرىگە ئۇۋا سالغان تورغايلار چۆچۈپ ئۇچاتتى. كەچكى شەپەقتە ئەمدى پىپەك تارتىشقا باشلىغان قۇمۇشلارنىڭ ئۇچى قىزغۇچ تاۋلانماقتا، قۇملار يۈزىمۇ كۆڭۈلسىز قىزغۇچ تۇسكە كىرگەن. پاشا - كۇمۇتىلار غىڭشىپ ئادەمگە ئۆزىنى ئۇراتتى. ياسىن مەدەك قۇمۇشلۇق بىلەن ئۇدۇللاپ مىڭىپ بىردەمدىلا سىددىق بايچەكنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئۇ دەرۋازىدىن كىرگەندە، سىدىق بايچەكنىڭ ئايالى ھويلىسىدا ئىسلىشىپ كەتكەن چەللە ئاستىدىكى ئوچاق بېشىدا قولىغا ئۇزۇن رىپىدە كىيگەن ھالدا ئوچاققا نان چاپلاۋاتقان ئىدى. ياسىننىڭ بۇرنىغا مەززىلىك چۆچۈرىنىڭ ھىدى كەلدى. بايچەكنىڭ ئۇششاق يالىڭاچ بالىلىرى توپىدا ئولتۇرۇپ تەمەچ ئوينىماقتا. سىدىق بايچەكنىڭ باشقا خوتۇنىدىن بولغان گاچا ئوغلى كالىغا ھەلەپ ئەتمەكتە ئىدى. بايچەكنىڭ خوتۇنى قەمبەرخان ياسىننى كۆرۈپلا سەل خۇيى تۇتقاندەك بولدى. ئۇ باش ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان بولۇپ، بوغداي ئۆڭ، يۇمىلاق كەلگەن يۈزلىرى ئوت تەپتىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. سەمىرىپ لىغىلداپ كەتكەن بەللىرى يېشىل تاۋار كۆڭلىكىگە پاتماي قالغان، ئىككى تەرىپىگە ئىككى ياستۇقنى تېڭىۋالغاندەك يوغان ساغرىسى بىلەن باراڭدىن ساڭگىلىغان بىر جۈپ خام قاپاقتەك كۆكسى كۆڭلەكنى ھېلىلا بۆسۈپ چىقىدىغاندەك ئىدى.

— يائاللا ياسىن مەدەك، سەنزە ئەجەب رىسقىلىق جومۇ. دائىم شاپتۇل ياغچىدا چىشىڭنى كولايدىغان ئوخشىمامسەن، چۆچۈرىنىڭ پىشىشىغا ئۈلگۈرۈپ كەلگىنىڭنى كۆر.

ياسىن مەدەكنىڭ چىرايى جىددىي، قاراشلىرى سۇرلۇك ئىدى:

— قەمبەرخان ئاچا، مېنىڭ چۆچۈرىگە تاۋىم يوق، ئىچكىرى ئۆيگە كىرسىڭىز، سىزگە دەيدىغان جىددىي بىر گەپ چىقىپ قېلىپ ئالدىراش كەلدىم.

— ئوھۇش، مەشەدىلا دېگىنا ئاڭلاۋېرىمەن. ھېلى ئوچاق سوۋۇپ قالسا، نانىنى ياپالماي قالىمەن، — دېدى قەمبەرخان پەرۋاسىز ھالدا.

— قويۇڭ نېنىڭىزنى، ناندىن ماۋۇ گەپ مۇھىم، مۇشۇ گەپنى سىزگە دەيمەن دەپ ئۇدۇل قومۇشلۇق بىلەن كەلدىم. ھېلى پۇشايمان قىلىپ قالىسىز، مەن ئالدىرايمەن.

قەمبەرخان ئەنسىزلىككە چۈشۈپ رىپىدىنى سېلىۋېتىپلا ياسىن مەدەكنىڭ ئالدىدا ئىچكىرى ئۆيگە ئۆردەكتەك ئېغاڭلاپ ماڭدى. ئىچكىرى ئۆي زالدەك يوغان بولۇپ، ياغاچ سوپىغا گىلەملەر سېلىنغان، تاملىرىغا يىپەك گىلەم تارتىلغان مېھمانخانا ئىدى. قەمبەرخان ئۆيگە كىرىپ ياسىننىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلدى.

— دېگىنە، ئۆلۈم خەۋىرى ئەمەستۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، شۇنىڭغا يېقىن.

— ھە، بىزنىڭ سىدىق باي ساقتۇ؟

— ساق...

— ھە، ئەمىسە نېمىگەپ؟

— مۇنداق گەپ: مەن بايا قېيىن ئاتامنىڭ ئۆيىگە خوتۇن - بالىلارنى يوقلاپ كېلەي دەپ بارسام ئۆيدە قېيىن ئاتام، قېيىن ئانام يوق، سىدىق ئاكام بىلەن خوتۇنۇمنىڭ يومىداقلىشىۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە كىرىپتىمەن. ئۇلار مېنى تۇيماي قالدى.

تازا قاپ يۈرەك قىزىل باشلار ئىكەن، ئىشىگىلەر هاڭدەك ئوچۇق. ئۇلار ھەممىنى ياددىن چىقىرىپ ھەدەپ ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپلا ئۇدۇل مەشەگە كېلىشىم.

قەمبەرخاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ئۆلۈكسىلى قالىدى، ئۇ سىدىق بايچەكتىن ئون نەچچە ياش كىچىك، كۈنلۈكى يامان ھەم ئۆزىنىڭمۇ سەل قىچىقى بار خوتۇن ئىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېڭىسى قوچۇلۇپلا كەتتى.

— ھۇ لامزەللە، زاڭ ماز، سېنىمۇ ئەركەك دېگىلى، ۋىجدانى بار ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ؟ شۇ يەردىلا تۇتۇپ ئىككى رەسۋانىڭ ئەددىبىنى بېرەلمەي مايەرگە كەلگىنىنى. ئوغۇل بالا بولساڭ يالىڭاچلاپ تۆۋرۈككە تېڭىپ جىگدىنىڭ شوخلۇق تايىقىدا سالساڭ بولمامدۇ؟ ماڭە، مېنى باشلاپ بار، ھازىر بولسىمۇ مەن شۇ شاپاقچىلارنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن، مەن بۇ لالما ئىتلارغا ئۆزۈمنى تونۇتمايدىغان بولسام، قەمبەرنىساخان بولمايمەن!

قەمبەرخاننىڭ تەلەتى بىردەمدىلا قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتى، دەسلەپ قولىغا يوغان قىڭراقنى ئالدى، سەل تۇرۇپ ئۇنى تاشلىۋېتىپ كەكىنى ئالدى.

— ھەي ئابلىكىم، ھەي گاچا، ئاتنى توقۇ...

گاچا بالا ئالاقزادە بولۇپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇ بۇ ئۆگەي ئانىنىڭ قولى ئىدى.

— ھەي لەنتى گاچا، ئاتنى توقۇ دەيمەن! — قەمبەرنىساخان ئۇنىڭ ئالدىغا دۈۋەيلىدى، ئابلىكىم دەرھال قاچتى.

— مەن زاڭ، ماز بولسام سىز ئىلگىرىكىن كالۋا ئەخمەقكەنسىز، — دېدى ياسىن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — بۇ چاقىچە ئۇلار سىزگە قاراپ تۇرامدۇ؟ تۆپىگە ئۆلگۈرۈپ بارالىغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى بىرەر شاپىلاق ئۇرارسىز، يۈزىگە تۈكۈرەرسىز، ئۇنىڭلىق بىلەن ئىككىمىزگە نېمە پايدا، نېمە تاتلىقى بولىدۇ. يەنىلا زەردە گوش بولىمىز، خەلقى ئالەم ئاڭلىسا سىز بىلەن ماڭا تېخىمۇ نومۇس، ئېرىڭىز ھوقۇقتىن مۇللاق ئاتىدۇ. ئالتە بالىڭىز بىلەن خېتىڭىزنى ئالامتىڭىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ ئىشنىڭ بۇسىنى چىقارماي ئۇلارمۇ خۇش، بىزمۇ خۇش بولىدىغان ئىشنى قىلمايمىزمۇ؟ زىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، مەن شۇڭا كەلدىم.

قەمبەرنىساخان چەكچىيىپ هاڭۋېقىپ ياسىنغا قاراپ قالدى. ئۇ سەل بوشاپ قالغانىدى. ياسىن مەدەك شۇنچە خاتىرجەم، سۇرلۈك ئىدى. قەمبەرخاننىڭ كۆزىگە ئۆيگە سۇ توشۇيدىغان مالاي ئورنىدىكى ياش بىردىنلا باشقىچە، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ كەكىنى تاشلاپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ھەي گاچا ماڭە، ئۇلاغنىڭ ھەممىسىنى باپكارنىڭ كۆلىگە ئاپىرىپ سۇغىرىپ كەل، ھەرقايسىڭ قازاندا ئاش بار، ئۇسۇپ ئىچىش، ئەمدى چوڭ بولۇشتۇڭ! — قەمبەرخان يەنە شامالدەك ئۆيگە كىردى - دە، ئىشىكنى دەم سېلىپ تاقىدى.

— راست، نېمىشقا ئۆزۈمنى ئۇپرىتىمەن. ئۆچ ئېلىش دېگەن مۇنداق بولسىمۇ

بولىدىكەنغۇ! — دېدى ئۇ يېڭى ياستۇق - كۆرپىنى گىلەم ئۈستىگە تاشلاپ.

**11**

تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا، چولپانخاننىڭ ئىشىكى قاتتىق قېقىلدى. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ تەكىيىدىن بېشىنى كۆتۈردى.

— قايسىڭلار، كېچىدە ئىشىك قاققان؟ — دېدى چولپانخان قورقۇنچلۇقتا.

— مەن، مەن ئانا ئىشىكنى ئاچە!

— ياسىنمۇ سەن - ھە؟

— ھەئە.

— نېمە بولدى بۇ كېچىدە ئۇخلىماي.

— ئىتتىك بولە، ئىشىكنى ئاچە.

— يائاللا، تۈت كۈنۈم قالدى بالام، مېنى ئارامىمدا ياتقىلى قويساڭ بولمامدۇ؟ ئىگەكىم خۇدا خۇش بولسا.

— بۇندىن كېيىن سېنى پەقەت ئاۋارە قىلمايمەن ئانا، ئىشىكنى بىر ئاچە.

چولپانخان ئەندىشىدىن يۈرىكى ئاغدۇرۇلغان ھالدا ساپال چىراغنى ياندۇردى، ئۆيدە باغلاپ قويۇلغان كۆزلىرىدىن زەڭگەر نۇر چاقنىتىپ خاتىرجەم كۆشەپ ياتقانىدى. چولپانخان ئىشىكنىڭ دىمىنى ئالدى، كونا ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. ياسىن چىرايى ئۆلۈكتەك تاتارغان ھالدا ئۆيگە بوراندەك كىرىپ كەلدى، چولپانخان قورقۇپ كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ياسىن دەرھال ئانىسىنى تۇتۇۋالدى. ئانا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقان ھالدا ماغدۇرسىزلىنىپ سۇپىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

— بالام، چىرايىڭ بۆلەكچىلا بولۇپ كېتىپتۇيا، نېمە بولدۇڭ؟

— ئانا مەن بەك تاياق يەپ كەتتىم، تاياق ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتتى.

— قىمار ئوينىغانمىدىڭ؟

ياسىن سەل دۇدۇقلاپ: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇتتۇرۇۋەتكەنما؟

— ياق ئانا، ئۇتۇۋالدىم، دەردىم چىققۇدەك ئۇتۇۋالغانتىم...

— پۇلنى بەرمىسەڭ ئۇردىما؟

— ھەئە.

— ئوينىما دېسە ئۇنىمايسەن، دائىم مۇشۇنداق تاياق يەيسەن.

— ھەممىدىن بۇ قېتىم قاتتىق يېدىم، ئانا.

بۇ تولا ئاڭلىغان گەپلەر بولغاچقا، ئانىنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

— ئانا، قۇچىقىڭغا بېشىمنى قويۇپ كىچىككىنە يېتىۋالاي، يۈز - كۆزۈمنى، بېشىمنى بىر سىلاپ قويە، ئاندىن كېتىمەن.

— نېمانداق گەپ قىلىسەن؟ — ئانىنىڭ كۆڭلى سەل ئاغقاندەك بولدى.

— كۆڭلۈم تارتىپ قالدى، كىچىك ۋاقتىم يادىمغا كېلىپ قالدى.

ئانا يەنە خاتىرجەم بولدى، ئوغلىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ باش - كۆزلىرىنى

AltunOq

مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى. ياسىن جەمەدە قېتىپ قالغاندەك يېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى.

— ئەمدى كېتەي ئانا، كەينىمدىن ئۈچ ئادەم قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھېلى سېنى ئاۋارە قىلغىلى تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا كەتمە، مەشىدە يات. ئۆيىمىزدە سەن يالغۇز. يەنە بوزەك قىلمىسۇن، — دېدى ئانا ئەنسىرەپ.

— ياق، ئۆيۈمگە بېرىۋالسام ئۇنى بولسىمۇ تېتىيمەن ئانا، مېنى بىلسەن، — دېدى ياسىن تەمكىنلىك بىلەن. ئانا خاتىرجەم بولۇپ قالدى، چۈنكى ئوغلى ئاسانلىقچە خەقتىن تاياق يېمەيتتى. بايا ئوغلى تاياق يېدىم دېگەندىمۇ ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەنىدى. شۇڭا خاتىرجەم بولدى.

ياسىن ئىشىكتىن چىقىپلا قاراڭغۇلۇقتا كۆزدىن غايىب بولدى. ئانا: «ئاللاغا تاپشۇردۇم، ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردان مەددەت قىلغاي!» دەپ دۇئا قىلىپ ئىشىكگە دەمىنى سالدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ياسىن مەدەكنى ھېچكىم كۆرمىدى. ئانىمۇ ئانچە ئەنسىرىپ كەتمىدى، چۈنكى ياسىن بەزى چاغلاردا ھەپتىلەپ، ھەتتا ئايلاپ ئاياغقۇمدىن يوقاپ كېتىپ يەنە پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ يۇرتىمۇ يۇرت قىمار قوغلاپ يۈرۈپ كېيىن قايتىپ كېلىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

ئەمما ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ياسىننىڭ قىمارۋاز بىر ئاغىنىسى قورقۇپ ئەقلىدىن ئېزىپ قالاي دېگۈدەك ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ، يۇرتقا بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى. چولپانخان شۇندىلا ئۆزىنى كاچاتلاپ چېچىنى يۇلغان ھالدا ياسىننىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى. جامائەت ياسىننىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرىنى كۆردى.

ياسىن ھويلىنىڭ چۆۋۈق لەمپىسىگە ئارغامچىدا ئېسىلغان ھالدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بوينى سوزۇلۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچى يەرگە تېگىپ قاپتۇ. پۈتۈن بەدىنى كۆكىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن، ئىككى كۆزى چانىقىدىن چىقىپ مەڭزىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئانا بۇنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. جامائەت بۇ قورقۇنچلۇق جەسەتكە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەتراپىنى سېسىق پۇراق قاپلىغانتى. مۇسا سوغۇق بىلەن ھەسەن مايماق جەسەتنى يەرگە ئالماق بولۇپ تۇتۇشىغا تۇتقان يېرىدىن مىلىقلاپ سۇ چىقىپ تېرە سويۇلۇپ چۈشتى، مۇسا سوغۇق بىلەن ھەسەن مايماق دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

موتوتسىكلىتتا كەلگەن يېزا ساقچىسى تۇراق سەلەي، ناھىيىنىڭ قانۇن دوختۇرى ۋە يەنە بىر ساقچى مىلىچلاپ كەتكەن جەسەتنى بىردەم تەكشۈرگەندىن كېيىن نېرى كېتىشتى. قانۇن دوختۇرى جەسەتنى دەرھال كۆمۈۋېتىشنى بۇيرۇدى.

سېسىقچىلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن مېيىتنىڭ نامىزىمۇ چۈشۈرۈلمەستىنلا كۆمۈۋېتىلدى. ئۈچ ساقچى تەكشۈرۈشنى باشلىدى. ياسىن مەدەكنىڭ ھېلىقى قىمارۋاز ئاغىنىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ياسىن بىلەن ھەپتىدىن بۇيان كۆرۈشەلمىگەنىكەن،

مەھەللىگە ئىزدەپ كەلسە، ھويلا ئىشىكى تېشىدىن قۇلۇپ سېلىنغان. ئۇ كەتمەكچى بولغاندا ياسىننىڭ دائىم ئىشىكنىڭ تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ ئۇخلايدىغان ئادىتى يادىغا كېلىپ، ھويلىغا چۈشۈپ قاراپ باقماقچى بوپتۇ ۋە تامدىن ئارتىلىپلا ھېلىقىمدەك ھالنى كۆرۈپتۇ.

ساقچىلار ئىككى ھەپتە تەكشۈرگەندىن كېيىن «ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ قايتىپ كەتتى. خەقلەر ئالدىنقى كۈنى جېدەلدە ياسىننىڭ چوقۇم بىر ئىش چىقىرىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. شۇڭا جامائەتمۇ: «ياسىن ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆزىنى ئېسىۋاپتۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى.

ئانا شۇ ھوشىدىن كەتكەنچە ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى. ياسىن مەدەكنىڭ ئايالى بولسا، تولا يىغلاپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى.

## 12

ئاياغقۇمغا سۇ كەلدى. تۆكۈلگەن جىگدە قومۇش، پاتاسلارنى لەيلىتىپ قارامتۇل قويۇق لاي سۇ ئاياغقۇمنىڭ كىچىككىنە ئۆستىڭىگە تولۇپ كەلدى. قۇرۇپ كەتكەن ئۆستەڭ قاشلىرىدىن پاقا كوركىرىغاندەك ئاۋاز چىقاتتى. قاغجىرىغان يەرلەر كۆپۈك چىقىرىپ سۇ ئىچىشتى، سولاشقان دەرەخلەر ياشاردى. توپا ئۇچۇپ يۈرگەن يېزىغا ئىللىق نەم ھاۋا تارالدى. زەئىپلىشىپ كەتكەن سولغۇن چىراي ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىدەك خۇشاللىق جىلۋىلىنەتتى. زىرائەتلەر، جان-جانىۋارلار قېنىپ-قېنىپ سۇ ئىچىشتى. بەزى ئادەملەر ئۆستەڭگە سەكرىدى، ئۇزاقتىن بېرى جىقراق سۇ كۆرمىگەن بەدەنلىرى ھۇزۇرلاندى. پاسكىنىچىلىقلار ئېقىپ تازىلاندى.

ئادەملەر ئادىتى بويىچە، كۆلنىڭ بويىغا يىغىلىشقا باشلىدى. سوۋان مىراب ئاياغقۇمغا كېلىپلا كۆلنىڭ بويىغا كارىۋات قويدۇرۇپ كېچە-كۈندۈز مۇشۇ يەردە ياتتى. ئۇزۇندىن بۇيان توختاپ قالغان مەشرەپ كېچىچە ئوينالماقچى ئىدى، ئېپتاردىن كېيىن باپكارنىڭ كۆلنىڭ بويىدا مەشرەپ بولىدىغانلىقىدىن ھەممە ئادەم خەۋەر تاپتى. ئابدۇرشىتخان غوجا، مامۇت نۇر، سىدىق بايچەك، سوپى مەزىن قاتارلىق يۇرت ئاقساقاللىرى بۈگۈن سوۋان مىراب بىلەن ئېپتارلىماق بولۇشۇپ كۆل بويىغا ئۈچ يەرگە قازان ئاسقۇزۇپ، ئۈچ قوينىڭ گۆشىنى پۈتۈن پىشۇرغۇزۇشتى، داستىخان تارتىلدى. ھەممىسى دۇئادىن كېيىن ئېپتار قىلىشتى. ئۈچ قوينىڭ گۆشىنى پارچىلاپ ھەر بىر كىشىگە ئىناۋىتىگە قاراپ ئايرىپ، بىر نان بىلەن ئالدىغا قويۇشتى. يەنىلا ھەممىسى خۇشال ئىدى. ئېپتاردىن كېيىن كۆل بويى ئادەملەر بىلەن تولدى. مەھەللىنىڭ بوۋايلىرىدىن تارتىپ بالىلارغىچە كېلىشتى. تاراۋىدىن كېيىن مەشرەپ باشلاندى. قالۇن، دولان راۋىپى، قىل غىجەك، داپلار بىلەن تەڭ مۇقامچىلار ئۈنىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ تۈۋلاشقا باشلىدى. كىشىلەر ھەرقايسىسى ئۆز كۆڭلى تارتىدىغان بىلەن جۈپ بولۇپ مەشرەپكە چۈشتى، ئۇزۇندىن بۇيان كۆل سۈيىدەك جىمىمىدە يۈرۈپ مەشرەپ سېغىنىپ قالغان بولغاچقا، ياشلاردىن تاشقىرى بوۋاي، مومايلارمۇ ئۇسسۇلغا چۈشتى. پەقەت غوجا ۋە ئۇنىڭ تالىپلىرى تۆردىكى

داستىخاندا سۈرلۈك قاراپ ئولتۇرۇشتى. سۇۋان مىرابمۇ سانىخان ئىسىملىك تۇل ئايال بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ يىگىتلىكى تۇتقان هالدا قارا شاپ بۇرۇتىنى پات-پات سىلاپ قوياتتى. ئەڭ ئاخىردا ئىككىسى سورۇندا يالغۇز پىرقىرىشىپ قالدى.

چەتكە چىققانلار قىقاس سېلىپ ۋارقىرىشىپ، ئىسقىرتىپ قايسىنىڭ نوچى چىقىدىغانلىقىغا قىزىقىشتى. ئاخىر سۇۋان مىراب بېشى قېيىپ بولالماي دەڭكىدا ئولتۇرۇپ قالدى. پاراقلىغان كۆلكە ساداسى سۈرلۈك ياتقان تەكلىماكان قۇملۇقى ئۈستىدە ياڭرىدى.

— قويسىلا غوجام، ئەھۋاللىرى شۇنچىلىكمىدى؟ — سانىخان كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالغان سۇۋان مىرابنىڭ بەلبېغىدىن تۇتۇپ دەسسىدە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

شۇئان يەنە ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆلكە، قىقاس ئىسقىرتىشلار كۆتۈرۈلدى. مىراب ئۆپكىدەك ئىسسىلىپ قىزارغان هالدا بېشىنى تاتىلاپ هىجايدى.

— خوتۇن خەق دېگەن هامان ئەرخەقنى پاخشە قىلىدۇ، ئەمەسمۇ، — دەپ مەيداندىن چىقتى. خەق يەنە هۇيت-هۇيلىدى، ۋارقىراشتى، سۇۋان مىراب ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا يىگىت بېشى هەسەن مايماق بىر پىيالە چاي بىلەن چىلىك ئېيشىگەن دەررىنى ئېلىپ كېلىپ سۇۋان مىرابقا چوڭقۇر بىر تەزىم قىلىپ تەڭلىدى.

— هۆرمەتلىك سۇ ئىگىسى بولغان سۇۋان مىراب ئاتىمىز بىزنىڭ يۇرتقا سۇ باشلاپ كېلىپ تەشنالىقىمىزنى قاندۇردى. بۇ ئايغى يارىشىملىق مېهمىنىمىزنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن بۈگۈنكى مەشرەپىمىزدە ئاياغقۇم دولانلىرىنىڭ سۇۋان ئاخۇنغا بولغان تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پات-پات سۇغىرىپ تۇرۇشىنى تىلەپ مۇشۇ يەردە بىر پىيالە چېيىمىز بىلەن، سانىخان ئۆز قولىدا چىڭداپ قويغان ئەركەك پاقلاننىڭ ياغلىق ئۈچەيى باردەكەن، سۇۋان ئاخۇننىڭ مۇشۇ ياغلىق ئۈچەيىنى بىر باشتىن چىلىڭ تۇتۇپ يەنە بىر بېشىنى كۆڭلى تارتقان بىرىگە تۇتقۇزۇپ تەڭ تالىشىپ يېيىشىگە سۇندۇق.

مەشرەپچىلەر قىقاس-چۇقان چىقىرىپ كۈلۈشتى. ياشلار ئىسقىرتىشتى. قىزلار قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ كۈلۈشتى. سۇۋان مىراب ئوتتۇرىغا چىقىپ يىگىت بېشىغا ئىگىلىپ قولىنى تەڭلىدى.

— ۋاي سىلىنى هېسسىپتىنىمۇ بەك چىڭداپ قويۇۋەتكەن ئوخشىمامدۇ، ئېگىلەلمەيلىميا، — يىگىت بېشى شۇنداق دەپلا دىردىيىپ تۇرغان دەررە بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ، چاينى بەرمەي ئوڭ چۆگىلىدى. دەررە تاغاققا ئەپچىل تەككەنلىكتىن سۇۋان مىراب تولغىنىپ كەتتى.

سورۇندا قاتتىق كۆلكە كۆتۈرۈلدى.

— ۋاي مىراب، قورساقلىرى ئالتە ئايلىق ئېغىر ئاياغ خوتۇننىڭ قورسىقىدەك تۇردۇ. بۇنداق هېسسىپتىن يەنە ئۇنى پاتىدۇ جۇمۇ، قېنى، باقسىلا.

كاۋدەك چىققان كاسىغا «تارس» قىلىپ يەنە بىرسى تەگدى.

سۇۋان مىراب «ۋايجان، ۋايجان!» دەپ كاسىسىنى تۇتۇۋېلىپ، يىگىت بېشى ئۇنى چىشلىگەندە، ئۇنىڭ چوڭگىلەپ قالدى. يەنە كۆلكە كۆتۈرۈلدى.

— ۋاي سۇۋان ئاخۇن، سىلى مەكتەپتە تۆت ئەركەكنىڭ بىرى ھېسابلىنىسىلا، ئون سەككىز مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولاننىڭ ئەركەك ئىدۈلادىيا. ھېسىپتىن بىرلىك يېمەي «ۋايجان» دەپسالىسىلا ياراشمايدۇ. «ۋايجانلاش» دېگەن ئايال خەقنىڭ گېپى جۇما، ئۇنىڭ تاشايىنىدا تېخى ئېزىپ چوڭگىلەپ قالسىلا، ئەممىسە ماۋۇ جازاسى، — دەپ يەنە بىرنى سالدى. سۇۋان مىراب بۇ دۆرەم توغرا چوڭگىلىدى. ئاندىن پۈكلىنىپ تەزىم قىلىپ يىگىت بېشىنىڭ قولىدىكى دەررىنى تۇتۇۋالدى. يىگىت بېشى شۇندىلا چوكغۇر تەزىم قىلىپ دېدى:

— قانداق، ياغلىق ئۇچەي ئوخشاپتىمۇ؟

— ۋاي ئوخشىمامدىغان، تازا ئوخشاپتۇ.

— ئىشتەيلىرى خېلى ئېچىلغاندۇ؟

— قالتىس.

— ماذا ئەممىسە، پوكانلىرىغا تۇرۇپ قالغىنىنى ئاياغ شەھەرگە ھەيدىسۇن دەپ تۇتتۇم چېپىمىنى.

يىگىت بېشى پىيالىدىكى شورپىنى سۇۋان مىرابقا بەردى.

سۇۋان مىراب شورپىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، قاچىنى رەھمەت تەزىم بىلەن يىگىت بېشىغا ئاپىرىپ بەردى. ئاندىن سورۇنغا بىر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ سىدىق بايچەكنىڭ خوتۇنى قەمبەرخانغا تۇتتى. قەمبەرخان چوڭقۇر خىيال بىلەن غەمگە پېتىپ ئولتۇرغانىدى، ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ سورۇنغا كىردى. سۇۋان مىرابنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. تازا ئېچىلالماي خۇدۇكسىرىگەنىدەك ئولتۇرغان سىدىق بايچەكنىڭ چىرايى سەل ئۆڭدى، چۈنكى ئۇ خوتۇنىنى سۇۋان مىرابتىن كۈنلەپ جېدەل چىقىرىپ تۇراتتى.

سۇۋان مىراب سۇگۇنى تۇتقان بۇقىدەك بويۇنلىرىنى كۆپتۈرۈپ روھلۇق، ئەمما سەل ئېھتىيات بىلەن قەمبەرخاننىڭ پاختا تىققان خالتىدەك يۇمشاق بەدەنلىرىگە دەررىنى بوش - بوش ئۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەۋەتكۇدەك قاراپ ئويىنىدى.

— داد، پادىشاھى ئالەم! — دېدى ھەسەن مايماق سورۇننى توغرا كېسىپ يۈگۈرگەن پېتى يىگىت بېشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تەزىم قىلىپ.

— نېمە دەردىڭ بار كالاكومشا، تۈلكە قۇيرۇق، مەخمەلباش، — دېدى يىگىت بېشى پادىشاھلاردەك گىدىيىپ ئولتۇرۇپ.

— ئەگەر دادىمغا يەتمەيدىغان بولسىڭىز توكۇر خورىزىمغا مىنىپ باغداتقا بارىمەن.

— دە، مۇشتى يوغان، كۇس ماڭلاي، مەن دەردىڭگە يېتىمەن، باغدات شاھى مىنىڭ مەسە - كالىچىمنى مايلاپ، پادىشاھلىقنى مەندىن ئۆگەنگەن، — دېدى يىگىت بېشى.

— ماۋۇ ئىككى ھاياسىزنى مەشرەپ سورۇنىغا ئەپچىقىپ قويساق، ئۇلار يۇرت جا-

مائەتنى كۆزگە ئىلمىدى. سۇۋان مىراب دەررىنى ئىشەك قۇيرۇقىدەك پۇلاڭشىتىپ تۇزۇك ئۇرماي بۇ خاتۇنغا خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ. خاتۇن خەققە ئامراق ئوخشايدۇ، ئۇنى جازالاپ بەرمىسىلە، دېگىنىمنى قىلىمەن.

— پەششاپ!

— لەببەي شاھىم!

— سۇۋان مىرابنى ئالدىمغا كەلتۇر!

— خوش!

ئىككى ياش يۈگۈرۈپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان سۇۋان مىرابنى تۇتۇپ ئەكىلىپ يىگىت بېشىنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇردى.

— ھەي ھالى يوغان، كاۋا قورساق سۇۋانباي، قىلغان گۇناھىڭنى بوينىڭغا ئالامسەن؟

— ئالىمەن شاھىم، مەن گۇناھكار.

— پەششاپ، گۇناھكار گۇناھىنى بوينىغا ئالدى، پەرمانىمنى ئاڭلاش: بۇ كۆسەي بۇرۇن، كۈس ماڭلاي، خوتۇنغا ئامراق بولغىنى ئۈچۈن ئون سەككىز مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولان ئون ئۆستەڭ مەكىت تەۋەسىدە ئەرگە ئامراق، قىچىقى بار، ئەڭ يامان خوتۇندىن ئىككىنى تېپىپ ئۇنىڭغا نىكاھ قىلىپ قويۇڭلار. خوتۇن كىشىگە تويسۇن، بۇ كۈسپۇرۇچىنىڭ جازاسىنى خوتۇن خەق بەرسۇن. شۇ چاغدا خوتۇن خەقنىڭ ئىتىنى ئاڭلىسا، ئون كۈنلۈك يەرگە قاچىدىغان بولىدۇ. چاقماقتەك بولۇڭلار.

— بېشىمىز بىلەن، شاھىم!

ئىككى يىگىت دەرھال توپلىشىپ تۇرغان خەق ئارىسىدىن بۇرۇنلا ئاياللارچە ياسىنىپ تەييار بولۇپ تۇرغان ئىككى قىزىقچىنى سۆرەپ كەلدى.

— ھەي، ئاغزى مايماق، قىچىقى يامان بايتاللار، سۇۋان مىرابقا تېگەمسىلەر؟

— ھەشقاللا شاھىم، — دەپ ئاياللارچە ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرىشىپ تەزىم قىلدى «خوتۇنلار».

— تويلۇقۇڭلارغا قىرىق تۆگە، سەكسەن ئات، ئىككى تۈمەن قوي بەردىم. نىكاھىڭلارنى ئوقۇتۇپ ئەر - خوتۇن بولۇشۇۋېلىڭلار، بۇ ئەر كەپسىز، يامان خوتۇنلار ئەپقاچىدۇ، چىڭ تۇتۇڭلار.

ئىككى قىزىقچى دەرھال سۇۋان مىرابنىڭ ئىككى تەرىپىدىن قولتۇقلىۋالدى.

— ماڭا قاراڭلا، ھەي، ماڭا ئەر بولىدىغىنى جۇما ئەمەس، — دېدى سول تەرەپتىكى قىزىقچى سۇۋان مىرابنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىپ.

— ماڭا قاراڭلا ھوي، ماڭا بەكرەك قاراڭلا جۇما، مەن سىلىنىڭ چوڭ خوتۇنۇڭلا، — دېدى ئوڭ تەرەپتىكى قىزىقچى سۇۋان مىرابنىڭ قۇلىقىدىن سوزۇپ ئۆزىگە قارىتىپ.

— ئوھوش، ۋۇي، مېنى بوزەك كۆرۈۋاتاملا، — دېدى سول تەرەپتىكى قىزىقچى سۇۋان مىرابنىڭ قۇلىقىدىن قاتتىق سوزۇپ ئۆزىگە قارىتىپ. سۇۋان مىراب ئاغرىققا

AltunOq

چىدىماي «ۋايجان! ۋاي قۇلىقىم!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— مەن هازىر نېمە دېدىم هەي جۇۋاينىمەك، دېدى ئۇڭ تەرەپتىكى قىزىقچى سۇۋان مىرابنىڭ سول يۇزىگە «چاك!» قىلىپ تەستەك سېلىپ.

— هەي، سەن مېنىڭ، ماڭا قارا، «چاك!» قىلىپ سول تەرەپتىكى قىزىقچى سۇۋان مىرابنىڭ مەڭزىگە كاچات ئۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى.

سۇۋان مىراب ئاخىر ئىككىسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىققانچە ۋارقىراپ، پادىشاهنىڭ ئالدىغا تىزلاندى.

— داد، خوتۇنغا تويدۇم، خوتۇن ئالغاننىڭ سازايىسى!

مەشرەپ ئەهلى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— هەي، كۇس ماڭلاي، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرىغانلا خوتۇنغا قوچقارلىق قىلامسەن؟

— ياق، پەندىيات پادىشاهىم، بولدى تويدۇم، هازىرلا بۇ خوتۇنلاردىن ئاجراشتۇرۇپ قويمىسىلا، تامبىلىمنىڭ بېغىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىمەن.

مەشرەپ ئەهلى تېلىقىپ كۈلۈشتى.

مەشرەپ خوراز تۇن تەڭگە چىللىغىچە داۋاملىشىپ ئاندىن تارقىدى.

كۆل بويىدا ئابدۇرىشىتخان غوجا، مامۇت نۇر، سىدىق بايچەك، سوپى مەزىن يەنە بەش - ئالتە ئادەملەر سۇۋان مىرابقا هەمراه بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىندى. قوغۇن - تاۋۇز، ئۇغلاقنىڭ جىگىرى بىلەن قېرىن ياغلىق ئۇچىيىدە پىشۇرۇلغان ياغ بەررە كەلتۈرۈلدى، هەممىسىنىڭ روهىي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

مەشرەپ تازا قىزىدى جۇما، ۋاي - ۋاي، دېدى سۇۋان مىراب كاۋاپنى هۇزۇرلىنىپ چايناپ.

بىر يىلدىن بۇيان سۇ يوق هوسۇل بولمىغاندىكىن، خەق بەك تۈگىشىپ كەتكەن. هېچقاچان سۇ بۇ قېتىمقىدەك كەڭرى بولمىغان، خەقزە شۇ خۇشلۇقتا مەشرەپنى بەك قىزىتتى، پات - پات سۇنى مۇشۇنداق كەڭرى ئېلىپ كەلسەڭلا مەشرەپ قىزىۋېرىدۇ، — دېدى مامۇت نۇر.

— هەي، مەنچە بولسىغۇ ئاياغقۇمنى سۇغا چىلىۋەتكۈم بار، «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئۇرىسى» مامۇتاخۇن، ئاياغقۇمدا يوقتەك گەپ قىلماڭلا.

تۆت يىلدىن بۇيان ئاياغقۇمغا بۇنداق سۇ كېلىپ باقمىغان جۇما، — دېدى سىدىق بايچەك.

— هەي بىلمەيۋاتامسىلە، هاماقەتلەر، كېپەك شاڭجاڭنىڭ تويىغا مىڭ كويلۇق نەسىللىك بۇقىنى ئېلىپ بارغىنىڭلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭلىما - هە؟!

— هەببەللى، گەپ مانا مۇشۇ يەردە، — دېدى ئابدۇرىشىتخان غوجا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ.

— گەپنىڭ نان تېگىدىغان يېرى شۇ، ئىككى كەنتنىڭ سۇ نۆۋىتىنى ئاشۇ بىر كالا ئاياغقۇمغا ئېقىتىۋەتتى.

— يائاللا، هازىر-زە جاهان نېمە بولۇپ كەتتى؟ هەممە ئادەم «يەيمەن» دەپلا

تۇردۇ، يېگۈزمىگۈچە ئىش ئاقمايدۇ، ئاشۇ كالىغا پۇل يىغقۇچە خەق بىلەن قان چېچىشمىدۇق، باشقىسى بولدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك كېيىن قانداق قىلىشىپ كېتەرمىز؟ — دېدى سىدىق بايچەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— ھەي سىدىقاخۇن، سەن بۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچىدىكى ئالقاندەك يەرگە كىرىۋېلىپ شۇنچىلىك ئىشقا قاقشايسەن، سەن چىقىپ ناھىيىنى كۆر، قەشقەرگە بار، ئۈرۈمچىگە بار، بولسا ئىچكىرىگە بېرىپ قالاپ باق، خەق نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ. ئۇ سەن بىلىدىغان بۇرۇنقى جاھان قالمىدى، سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ خەقلەرنىڭ قىلىشىۋاتقانلىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە دال بولمايدىغان ئىش، ھەممە ئادەم ھام يېسەم دەيدۇ، بەرسەم دەيدىغان گەپ چىقمايدۇ. جاھاننىڭ ئىشى پۇل بىلەن ئېقىۋاتىدۇ. قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقمايدۇ، ئاغىنە. ئۇرۇق - تۇغقان، ئادىمىگەرچىلىك، پرىنسىپ دېگەنلەرنى توپا بېسىپ قالدى، ھەممىسى پۇل، سېنى بىر كىم ئۆيىگە قىچقىرىپ بىر قاچا ئاشنى ھەرگىز بىكارغا بەرمەيدۇ، مەسىلەن، ھازىر تەشكىلاتمۇ تەشكىلگە پارا بەرمەي بىر ئىش قىلالمايۋاتىدۇ. مانا بۇلتۇر مۆلدۈر ئاپىتى بولۇۋىدى، ناھىيە ۋىلايەتتىن قۇتقۇزۇش ياردىمىنى جىقراق ئالىمىز دەپ تۆت ماشىنا ئىسىل ياغاچ ئېلىپ بېرىۋىدى، ئوتتۇز توننا ئوغۇتنى ئوشۇق بېرىپتۇ. ئۈرۈمچىگە قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلغىلى ماڭغانلارمۇ بەش مىڭ كويلۇق سوۋغا - سالام تەييارلاپ بېرىپ، ئون بەش توننا يالتىراق ھەل قىلىپ كەپتۇ، قانداق؟ — دېدى سۇۋان مىراب. ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىشتى، مامۇت نۇر پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى.

— ئاللا، ما ئىشنى كۆر، تېخى بىز ھېچ ئىش قىلماپتىمىز.

— جاھاننىڭ ئىشلىرى مۇنداق بولۇپ كەتتى دەڭلا.

— بىز ئەمدى ھەر قېتىم سۇ، ئوغۇت دېسەك، شۇنداق قىلارمىزما؟ بۇنىڭغا جان تۇشارما؟

— بۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

— مەنچە ئاياغقۇم سۇ ئىچىدىغانلا ئىش بولسا، سېلىق چاچساق خەق ئىشتىنىنى ساتسىمۇ بېرىدۇ، جۇما، — دېدى سوپى مەزىن.

— توغرا راست، ئەمما خەققە تەس جۇما، — دېدى مامۇت نۇر.

ھەممىسى بىردەم شۈك بولۇپ قېلىشتى. سۇۋان مىراب شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ يېڭى قىردۇرغان سىيدام بېشىنى بىردەم قاشلىغاندىن كېيىن دېدى:

— ئۆزۈڭلارنىمۇ قىينىماي، تايىنلىق دەردىنى بىرلا تارتىڭلار، سۈيىڭلارنىڭ مۇشۇنداق تەس بولۇشى سىلەرنىڭ ئاياغ پايناپتا بولغانلىقىڭلاردىن بولۇۋاتىدۇ. پۈتۈن يېزا بويىچە ئون سەككىز كەنتنىڭ ئۆستىڭىنى چىڭ باغلاپ ھەممە سۈنى يىغىپ چىڭقاقا سالمىسا، بۇ يەرگە سۇ چىقمايدۇ. بۇنى قىلماق تەس، شۇڭا سىلەر يالجىماي كېلىۋاتىسىلەر.

— راست زادى! — ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماقۇللىدى.

— ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئىشقا ئەقلىنى ئىشلىتىشكە چولىسى تەگمەيۋاتىدۇ، مۇشۇ ئاياغقۇمنىڭ كەينى قۇملۇقىدا بىر يېرىم كۇن ئېشەكلىك ماڭسا دەرياغا بارغىلى بولىدۇ. دەريانىڭ ئورنى ئاياغقۇمدىن خېلى خوپ ئېگىز، ئەگەر ناھىيە كۆچەپ مۇشۇ قۇمنى كېسىپ بىر ئۆستەڭ ئالسا، ھەممە خاپىلىق تۈگەيتتى.

— ھە راست، — دېيىشتى ھەممىسى.

— بۇنىڭغا قانداق قىلىپ ناھىيىنى ماقۇل كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ — دېدى مامۇت نۇر كۆزلىرى چاقنىغان ھالدا.

— بۇنىڭ يولى ئاسان، — دېدى سۇۋان مىراب تەكىيگە يانپاشلاپ.

— ئاۋۋال مۇشۇ ئەھۋالنى پۈتۈپ، بىر ئاخشامدا شۇجىنىڭ ئۆيىگە بارىمىز.

— بىر نەرسە ئاپىرىمىزما؟ — دېدى سىدىق بايچەك.

— ئاپارماي بولامتىكى، ئاپارمىساق، «سىلەر قايتىپ تۇرۇۋېلىپ، بىز پارتكومدىكىلەر مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى» دەيدۇ، ئىش ئاقمايدۇ. ھازىر تۆرەك شۇجى تازا ئۆي سېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا تېرەكتىن يىگىرمە - ئوتتۇز تال كېسىپ ئاپارساق بولىدىكەن، — دېدى سىدىق بايچەك.

— گەپنىڭ بېلىگە تەپمەي تۇرە ئاداش، ئۇ دېگەن ئاياغقۇمدەك كەنتتىن ئون سەككىزنىڭ شۇجىسى، تېرەك دېگەن سەن ئاپىرىپ بەرمىسەڭمۇ ئالمىقاچان بېرىپ بولدى.

— ئەمىسە يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەمنى ئاپىرىپ ئۆيىنى ياسىتىپ بېرەيلى، تامچى، ياغاچچى دېگەن بىزدە تولا، دېدى بايچەك.

— نېمانداق غەرەز ئۇقمايسەن، گەپ قىلغىلى قويساڭا، — دېدى سۇۋان مىراب تېرىكىپ.

— ئاغزىڭنى بىردەم باسقىنا سەن، بىر ئادەم گەپ قىلىۋاتقاندا تولا قوشۇق سالماي، — دېدى ئابدۇرىشىتخان غوجا كايىپ.

سىدىق بايچەك غىققىدە بولۇپ ئىزا تارتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. سۇۋان مىراب گېپىنى داۋام قىلدۇردى:

— تۆرەك شۇجى كومىلاچ تام سېلىپ ئولتۇرمايدۇ، سېمونت بىلەن پىششىق خىشتا سالىدۇ، سىلەرنىڭ تامچى، ياغاچچىلىرىڭلار دېگەن ئۇنداق تامنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ ئادەمنىڭ ھازىر پۇلدىن باشقىغا ئېھتىياجى يوق. ئىككى مىڭنى قاتار قىلىپ شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش قەغەز خالتىغا سېلىپ ئاستا داستىخاننىڭ بۇرجىكىگە قويىمىز، ئىش ئاقىدۇ. ئۇ ئادەم ناھىيىگە يوللايدۇ، دوكلات گۇگشېدىن ناھىيىگە ئۆتكەندە ناھىيىدىكىگە نېمە لازىم، ئۇنى شۇ چاغدا بىلىمىز. ناھىيە ۋىلايەتكە يوللايدۇ، ۋىلايەتتىكىگە نېمە كېرەك ھەر بىرىنى تېپىپ كۆڭلىدىكىنى ئېلىپ ئاپىرىدىغاننى ئاپىرىدىغان گەپ.

— يائاللا، قۇمدىن ئۆستەڭ چاپماق تەسكەن.

— بۇ ئىش قۇمدىن ئۆستەڭ چېپىشتىن نەچچە ھەسسە تەس. قىلدىن ئىنچىكە،

نازۇك، سەل مايماق كەتسە بۇزۇلغىنى بۇزۇلغان. مۇشۇنىڭغا ئىنچا بولسا بولىدۇ.

ھەممىسىنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. سېلىق يىغقان مەزگىلدىكى دېھقانلار بىلەن بولغان ئېچىنارلىق مەنزىرە كۆز ئالدىغا كەلدى. قۇلاقلىرىغا يىغا-زارە، نالە قىلىش، تىللاش، قاغاشلار ئاڭلانغاندەك بولدى.

— سىلىچە، قانداق قىلساق بولار غوجام؟ — دېدى مامۇت نۇر ئاق ئارىلىغان بېشىنى تاتىلاپ.

— مۇشۇ بەلەن گەپ، خوپ چارە بولدى. شۇنداق قىلىمىز، — دېدى ئابدۇرېشىت ئىمام كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ يوغان قورسىقىغا قويۇۋالغان قولىدىكى تەسۋىنى بىر تالدىن سېرىپ. مامۇت نۇر سىدىق بايچەك بىلەن قارىشىۋالدى.

ئەتىسى ئابدۇرېشىت ئىمام مېھرابتا ئولتۇرۇپ ئۇزاق ۋەزخانلىق قىلىپ بۇ ئىشنى ئاياغقۇملۇقلارغا ئېلان قىلدى. ئاياللار لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ كونا تۈگۈنچەكلىرىنى يېشىشتى، ئەرلەر تارشىدەك قارا قاتقان قوللىرىدىن تىترىگەن ھالدا پۇل چىقاردى. ئۇلارغا پەقەت ھازىر كۆز ئالدىدىن توختىماي ئۆتۈۋاتقان قۇملۇق ئارىسىدىكى پارقىراپ ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ سۇلا ئەڭ زور ئۈمىد تەسەللى ئىدى. ئىشلار سۇۋان مىراب دېگەندەك بولدى. ئىككى مىڭ سومنى يېزا سېكرېتارىغا ئاپاردى. ھاكىمنىڭ ئۆي سېلىشىغا ئون بەش ھاشارچى بىر ئاي ئىشلىدى. مانا شۇنداق قىلىپ ئىشلار ۋىلايەتكە يۈرۈشتى. ۋىلايەتكە ئاتاپ يۈز تال تېرەك كېسىلدى. يۈز جىڭ زىغىر يېغى، تۆت تاغار ياڭاق، بەش تاي سۈپەتلىك پاختا تەقلەندى. بۇلار ئۈچۈن كۈچى بارلار كۈچىنى، پۇلى بارلار پۇلىنى، نېمىسى بولسا شۇنى چىقاردى. قوي سېتىلدى، تۇخۇم سېتىلدى. ھەممە ئادەم بۇ ئىشلارغا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ چىدىدى. مانا بۇلار سۇ ئەكىلىدىغان نەرسىلەر. پەقەت ئاشۇ ئىش بۇزدى، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ساراڭلا تۆشىنى چىقىرىپ تۇردى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئۇڭ - تەتۈر سۆزلىمىگىنى، ئىشنى بۇزمىغىنى ئۈچۈن ھەممە خاتىرجەم بولۇشتى.

13

نۇسرەت قوناقلىق بويىدىكى جىگدىلىككە كەلدى. ياز ئاخىرلىشىپ دەسلەپكى شەبنەم چۈرۈچ بولۇشقا باشلىغان قوناقلارنىڭ يېشىل ياپراقلىرىدا تاۋلىناتتى. جىگدىلەر قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا ئاجايىپ شوخ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. سەھەرنىڭ سالقىن، نەم ھاۋاسى قۇمنىڭ قۇرغاق يۈزىنى سىلاپ ئۆتۈپ، كېپەز، كەندىرلەرنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقىنى دىماققا ئۇرىدۇ. قىزغۇچ ياپراقلىرى پارقىراپ تارتىنچاق قىزنىڭ مەڭزىدەك تاۋلىنىپ تۇرغان كېپەزلىكتە ئەمدىلا چىش يېرىپ ئېچىلىشقا باشلىغان كېپەزلەر قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك بىغۇبار كۆرۈنىدۇ. كېپەزلىك قىرلىرىدىكى ئوت-قاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان زاراڭزا چېچەكلىرى ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشىپ ئۇچۇشۇۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرى كىشىگە بەختىيارلىق ئىچىدە چۇرۇقلىشىپ ئوينىشىۋاتقان شوخ قىزلارنى ئەسلىتىدۇ.

نۇسرەتنىڭ ئولتۇرۇشقان قارا كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ ئىچىدىنى سېرىلدۇرىدىغان

قايغۇ-مۇڭ يېغىپ تۇراتتى. پۇسمىلاق بۇغداي ئۆڭ يۈزىنىڭ نۇرلىرى ئۆچكەنىدى. ئېلىپتەك بۇرنى سارغىيىپ، چىلاندەك لەۋلىرى قورۇلۇپ كەتكەنىدى. نۇسرەتنىڭ شۇ ھالىتى ئۇنى مەجنۇنتالنىڭ نازۇك شېخىدەك نازاكەتلىك ھەم ئەۋرىشىم قىلىپ قويغانىدى.

ئاق داكا داستىخاننى مۇرىسىگە سېلىپ، قورۇق قاپاقنى يۈدۈۋالغان نۇسرەت بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ جىگدە تۈۋىدىكى بىر ئورەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ ھېلىقى چاغدا ياسىنىنى ساقلاپ ئىسسىپ كېتىپ، كۆكسىنى باسقان ئورەك ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە قاچاندۇر سۇ كىرىپ، سىڭىپ يەنە قاغجىراپ كېتىپتۇ، ئۇ ھەيران بولۇپ تىكىلىپ قالدى.



ئورەك گىرۋەكلىرىدە ساقلىنىپ قالغان تىرناق ئىزلىرى تېخىچە قېتىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ ئورەكنى ئۆزىنىڭ تىرناقلىرى بىلەن تاتلاپ كولىغىنىدىن ھەيران قالدى. ھازىر ئۇنى ھەرگىز كولىيالمايدۇ. كولىغۇدەك مادارىمۇ يوق، ئۇ چاغدا تومۇرلىرىغا پاتماي يۈرىكىنى قېپىدىن يېرىپ، چىقارغۇدەك ئوخچۇپ تۇرغان بىر سېھىردى كۈچ ئۇنى كولاتقانىدى. ئەنە ئاشۇ تىرناق ئىزلىرى چەكسىز لەززەتنىڭ شاھىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى ساق ئىدى، قانلىرى شاۋقۇنلۇق ئۆركەشلەپ ئاققانىدى. يەرنى قازغاندا ئۇنىڭ تىرناقلىرى يېرىلىپ كەتكەن، قاتتىق ئاغرىغان، ئۇ ئاشۇ ئاغرىقتىنمۇ ئازابلانماي لەززەت ئالغانىدى. نۇسرەتنىڭ چەكسىز قايغۇلۇق كۆزلىرى كۆل ئارىسىدىن ۋاللىداپ چوغ كۆرۈنگەنىدەك سۇس چاقنىدى، لەۋلىرىگە تەبەسسۇم، چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى. مەسخۇش چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ قوڭۇر كۆز ئۇنىڭغا تاقەتسىزلىك بىلەن تىكىلدى. بۇ كۆزلەر نېمە دېگەن ئوتلۇق، كۆيدۈرگۈچ كۆزلەر. بۇ كۆيدۈرگۈچ ھېسسىيات شۇنچىلىك لەززەتلىك ئىدىكى، ئۇنىڭ تومۇرىدا

AltunOq

شۇنچە يېقىملىق ئىقىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ، ئۇگىلىرى بوشىشىپ كەتتى. ئۇ خۇددىنى بىلمەي تولغاندى، بەدەنلىرى ئوتتەك قىزىدى، خىمىردەك يۇمشاپ كەتتى. ئۇ ئەڭ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدى. كۈچلۈك قوللار ئۆزىنى مەھكەم قىسىۋالغانلىقىنى، ئوتتەك بەدەن كۆيدۈرگۈچ تىنىقلار بوينىنى يېلىنجىتىۋاتقىنىنى سەزگەندەك بولدى. بىراق يەنە ئۆزىنىڭ ئۆەرىدە يېتىپ باقمىغان يۇمشاق ئورۇندا ئەمەسلىكىنى، قېرى جىگدىنىڭ قوپال، قاتقان قوۋزاقلىق، مۈدۈر - چوتقۇرلىرىنىڭ تېنىگە تېگىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شېرىن چۈشلەر ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ، يېقىمسىز ئازابلىق دۇنيا قايتىپ كەلدى. كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپ قۇملۇقتىن كېلىۋاتقان ئىسسىق ھاۋا، قاغجىرىغان يەر، جىگدە يۇتاقلىرى دۇمبىسىگە قاتتىق پېتىپ ئاغرىتماقتا. ئۇ، بۇنى ھېس قىلىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. تېخى ھازىرلا ئۇنى مەست قىلغان لەززەتلەر نەلەرگە كەتتى. ئۇ جىگدە يۇتاقلىرىنىڭ قاتتىق پېتىشىغا چىداپ، لېۋىنى چىشلەپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. كۆزىنى ئاچسىلا بۇ جاھاننى كۆرۈپ ھەممە لەززەتتىن قۇرۇق قالىدۇ. دائىملىق بار، يېقىمسىز شىلدىرلاۋاتقان قۇمۇشلۇقلارنى، كۆرۈمسىز قۇملۇقلارنى، چۆللۈكنى كۆرىدۇ. كۆزىنى يۇمسا شۇنچە گۈزەل ئىللىق دۇنياغا قايتىدۇ. ئۇنىڭ قېشىدا ياسىن تۇرماقتا. ياسىننىڭ تەر يۇراقلىرىدىن جەننەتنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ. ياسىننىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىنىڭ قىسىشى ئۇنىڭ نەپسىنى سىقىپ قويىدى. ئۇ، يۇلقۇندى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ، مېنى قويۇۋېتىڭ، ۋارقىرايمەن!

نۇسرەت ئۆز ئاۋازىدىن ئۆزى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ مۇزدەك قاپاقنى كۆكسىگە بېسىپ چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى. قاپاق توپىلىق يەرگە چۈشۈپ، يومىلاپ كەتتى. ئۇ ياسىننى يۈتتۈرۈپ قويدى، ھېچ يەردە، قوناقلىقتا، كېۋەزلىكتە، قۇملۇقتا، جىگدىلىك ئارىسىدا يوق. يولدا تۇرامدۇ نېمە؟ ھارۋىنىڭ يېنىدا بوينىنى قىسىپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇۋېتىغۇ. گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئاچاي دەيدۇ، ئەمما ئاچمايدۇ. يا نۇسرەتنىڭ يېنىغا كەلمەيدۇ. پەقەت بىر خىل غەمكىن قىياپەتتە كۆزىنى چاقنىتىپ قاراپ تۇرىدۇ.

— نېمانداق قاراپ تۇرىسىز؟ نەۋاق مەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىلى! — نۇسرەت شۇنداق دەپلا ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. شۇئان ياسىن يوقالدى. قاپاققا پۇتلىشىپ دۈم چۈشتى. توپا توزىدى. ئۇ ئۆمىلەپ جىگدىنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلىدى. ئۇ شۇنداق قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلىدىكى، يۇمران، زىلۋا تەنلىرى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— ئىست، رەھىمەتلىك نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ، ئاچچىقىڭغا پايلىماي شۇنداق قىلامسەن، تاش يۈرەك؟ نېمىشقا مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتمىدىڭ، مەنمۇ كېتەتتىم ئەمەسمۇ، ماڭا ئىشەنمىدىڭمۇ، ماڭا ئەمدى تىرىكلىكنىڭ نېمە كېرىكى، مەن ئاچىزنى نېمىشقا ئويلىمىدىڭ؟

نۇسرەت ھالسىزلىنىپ جىگدىگە يۆلەنگىنىچە ئاستا سېرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇزۇن تال - تال كىرپىكلىرى ئارىسىدىن تۇختىماي ياش ئېقىپ يۈزىنى يۇماقتا ئىدى.

تۇق بۇغداي ئۆلۈك يۈزى تاتىرىپ سۇس قايغۇلۇق پارقىراپ كەتتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ تىنىقى يېتىشمەي قالدى. ئۇ ئۆتكەندىمۇ دەل مۇشۇ جىگدىگە يۆلىنىپ ئەڭ شېرىن لەززەتتىن ھالسىزلىنىپ مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ھازىرمۇ خۇددى شۇنداق بولدى.

14

كېچە. سۇس ئاي نۇرى ئۆمۈچۈك تورى ساڭگىلاپ تۇرغان تۈڭلۈكتىن تۆكۈلۈپ ئۆينىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاندا ـ ساندا ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، پاقىلارنىڭ كورۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يىراق قۇملۇق ئارىسىدىن ئېچىرقىغان تۈلكىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى كەلدى. كۆلنىڭ بويىدىن بولسا كېرەك، بىرسىنىڭ ئالتىنغىل ئاۋازدا چىڭقىلىپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسى ئاڭلاندى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بېشىنى گىرەلەشتۈرۈلگەن قوللىرىغا قويۇپ ئوڭدا ياتقانىدى. ئۇنىڭ ھېچ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭغا جاھان تۇرۇپ تارلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مانا، بۈگۈن جامائەت ئابدۇرېشىت غوجىنىڭ باشلامچىلىقىدا ناھىيە ھاكىمىنىڭ تويىغا ئاتاپ بىر كالا ئېلىپ مېڭىشتى. ياغاچ ـ خىشلار ماڭغۇزۇلدى، ئادەملەر ئىشلىدى. بۇلارغا زادى سۇ كېلەرمۇ، ھۆكۈمەت قۇملۇق ئارىسىدىن سۇ باشلىغىلى ئۇنارمۇ؟ مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ بۇنىڭغا ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. «ئۇلار ۋىلايەتكە يوللىۋەتسىلا ئىشى تۈگەيدۇ. ۋىلايەتتىكىلەرنىڭ بىر كەنت خەلقىنى ئويلىغىلى چولىسى تېگەرمۇ؟ تەييارلانغان يۈز تال ياغاچ، ياڭاق، پاختىلار كۆچىنى كۆرسەتسە مۇزاكىرىدىن ئۆتەرمۇ؟» مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئورنىدىن تۇردى. سۆرۈلۈپ چىقىپ غاڭزىسىنى سىلاشتۇرۇپ تېپىپ موخوركا سالدى. ئاچچىق ئىس ئۆيدىن چىقىۋاتقان زەي پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى.

— نېمانداق ئۇخلىمايسىنوي؟ — دېدى ئۇ تۈگۈلۈپ يېتىپ توختىماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋاتقان ئايالىنىڭ ۋىجىك يەلكىسىنى ئالقانلىرى بىلەن ئاستا سىلاپ، ھەدىشىرىخاننىڭ قۇرۇق ئۇستىخانلىق ئەتلىرى ئالقىنىغا تېگىش بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. بىر چاغلاردىكى گىردە خېمىرىدەك چىڭ بەدەنلەر نەگە كەتتى؟ ئۇ ئىچى سىيرىلغان ھالدا كۈندىن ـ كۈنگە كىچىكلەپ كېتىۋاتقان، كىچىك بالىدەك پىشىلداپ تىنىپ ياتقان ئايالىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ بوغۇزى ئېچىشتى. مانا ئۇ ئايالىنى مۇشۇنداق مېھرى بىلەن باغرىغا ئالمىغىلى ھەتتا ئۇنى سۆيۈنۈش ئىچىدە تۇتۇپ، شەپقەتلىك كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قاراپ باقمىغىلى ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۈنلىرى ئېتىز ئىشلىرى، باپكارنىڭ كۆلىنىڭ بويىدا چىلىم تارتىشىپ ئولتۇرۇش، بەش ۋاق مەسچىتكە بېرىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئالادا بىر كىملەر بىلەن غىڭشىلدىشىپ قالسا، ئۆيگە كېلىپ مانا مۇشۇ كۆتۈرۈشلۈك ئاجىز ئايالىدىن دەردىنى ئاپتۇ، غالجىرلىقى تۇتسا ئاچچىقى بېسىلغۇچە دۇمبالاپ، تويىغا يۇملىتىپتۇ، گويا خاپىلىق گۇناھ مۇشۇ ئايالدىن كېلىۋاتقاندەك. ئۇ ئۆزىنى چەكسىز خىجالەتچىلىك ئىچىدە سەزدى، ھازىر قاراڭغۇدا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ھەدىشىرىخاننى توي كېچىسىدىكىدەك چەكسىز ئىنتىزارلىق بىلەن ئاۋايلاپ باغرىغا باستى. يىرىك ساقاللار چىرمىغان، گۇۋپىلداپ

چىلىم پۇرىقى كېلىدىغان تۇمشۇقىنى ھەمشىرىخانىنىڭ مۇزدەك سوغۇق، قوشۇقتەك كىچىك مەڭزىگە باستى.

چوغدەك كۆيدۈرىدىغان پوسمىلاق يۇمشاق يۈزلەر قېنى؟ ئۇ خۇشلۇقى تۇتۇپ قالغاندا پات-پات قازام، كەپسىز سەككىز ياشلىق ئوغلى ئېلىنى ئويناۋاتقان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ، چىڭ قۇچاقلاپ، ئاپتاپتا كۆيگەن يالىڭاچ قورساقلىرىغا سۆيۈپ قويىدۇ. «نوچى بالا، پەقەت سەنلا داداڭغا تارتتىڭ» دەپ ئەركىلىتىدۇ. مانا ھازىر ئۇ خۇددى شۇ ئوغلىنى قۇچاقلىغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ۋاي ئىسىت، بۇ بىچارە نېمانچە كىچىكلەپ كەتكەن. ئاياغقۇمنىڭ قىز-چوكانلىرى كۆكسى بىلەن داڭلىق. كۆكسى ئۆزىدىن بۇرۇن چوڭىيىپ بولىدۇ، ھەمشىرىخانىنىڭ ئەلۋەتتە شۇنداق ئىدى. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا ناسۋال قاپىقىدەكلا سولاشقان تېرە قاپتۇ.

— جېنىم خوتۇن، نېمانچە يىگىلەپ كەتكەنسەن؟ — دېدى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ھەمشىرىخانىنىڭ بوينىغا تۇمشۇقىنى سۈركەپ. ھەمشىرىخان گەپ قىلماستىن ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى.

— بۇنداق قىلساڭ تېخىمۇ ئىچىمنى ئاغرىتىۋېتىسەن. دائىم قارىسام گەپ قىلمايسەن، ئىچىڭگە تىنىپ يۈرۈۋېرىپ تۈگىشىپ كېتىسەن. قېرىغان چاغدا سەندىن ئايرىلىپ قالماي.

مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ ئاۋازىغا ئاخىر يىغا ياماشتى. ئۇ گەپ قىلالماي قالدى. ھەمشىرىخان تېخىمۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى دەردى ئىچىگە توشۇپ كېتىپ، ئەمدى سىردىشىغا يولۇققاندەك ئېرىنىڭ بوينىغا چىڭ چاپلاشتى.

— ھەممە ئىشلار ئۆتتى، كەتتى. بىر ئىشنى ئۇنداق ئويلاپمۇ، بۇنداق ئويلاپمۇ، ھېچقانداق قىلالمىدىم. سىلىگە دەي دېسەم ئەمدى بۇ قېتىم ئۇرىسىلا تىرىك قېلىشىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. باشقا تارتىشىدىغان ھېچنېمەم يوق. مۇشۇ باللىرىم بىلەن قېرىغان دادامنىڭ توغرىسىدىن كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ. ئەمدى مېنى ئۇرمىسىلا، ھەر قانچە گۇناھ ئۆتتۈلگەن بولسىمۇ، ئۇرمىسىلا. مەن شۇ دەردىمنى دەي، سىلىگە دېمەي كىمگە دەيمەن. دېمەي دېسەم چارەم بولمىدى. كونىلىق قىلىپ قان تېپەر بەردىم، ئوقۇتتۇم بولمىدى. يېقىندىن بۇيان نۇسرەتنى كۆرگەنلا، ئۇ مەندىنمۇ بەك تۈگىشىپ كەتتى. سىلىدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولاي، كۆزۈم ئوچۇق كەتمىسۇن، مەندە گۇناھ يوق، باللىنى يېتىم قىلمىسىلا.

— ئىچىمنى ئاغرىتما خوتۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكۈدەك ئىش بولسىمۇ سېنى ئۇرمايمەن، خوتۇن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈمنى ئۇراي، ئېشەكنى ئۇراي، ئۇنداق دەۋەرمە، كۆڭلۈم بەك بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ.

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى. باياتىن بېرى، ياق، ئۇ ئۆمرىدە تا ھازىرغىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، پەقەت كۆزىدىن ياش چىقارماسلىققا تىرىشىپ كەلگەنىدى. ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى.

ئايال تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— نۇسرەت، ئىسىت بىچارە قىزىم ... بىر تاللا قىزىم دېسەم، كۆزىگە قارىسام ... مانا ئەمدى ... ئۇنىڭ بويىدا قاپتۇ.

— نېمە؟ — مۇھەممەتئىمىن سەيىدىن چۆچۈپ ياندۇرۇپ سورىدى.

— قورسىقى يوغىناپ قاپتۇ.

— سەن ئىپلاس! — مۇھەممەتئىمىن سەيىدىن خوتۇنىنىڭ چېچىدىن قاماللاپ تۇتقانچە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. خوتۇنى ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ كەتتى. مۇھەممەتئىمىن سەيىدىن مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ توختاپ قالدى. تېخى ھازىرلا دېگەن گېپى يادىدىن چىقمىغانىدى. ئۇ دەرھال خوتۇنىنى ئىتتىرىۋېتىپ تاشقىرى ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى.

— قېنى سەن نۇسرەت، قېنى سەن پېشانەمگە ئۈنگەن شۇمبۇيا، مەن سېنى ئۆلتۈرۈپ ئىتقا تاشلاپ بەرمەيدىغان بولسام!

ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ يېنىدا تۈگۈلۈپ ئۇخلاۋاتقان باللىرى ئارىسىدىن نۇسرەتنى چېچىدىن سۆرەپ چىقتى. باللار قىيا-چىيا قىلىشىپ يىغلاشتى. ھارۇن بوۋايمۇ ئويغاندى. بوۋاي، ئايالى، باللىرى يىغلاپ يالۋۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى. ئەمما ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچنىمە كىرمىدى. ئۇ نۇسرەتنىڭ ئۇزدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇلۇۋەردى. نۇسرەت دەسلەپ چىرقىراپ يىغلىدى، بارا-بارا ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچۈپ كەتتى. سىرتتا يىراق-يېقىندىن چۆچۈشۈپ ئويغانغان ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

مۇھەممەتئىمىن سەيىدىن چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، ھوشىنى بىلمەي قالغان قىزىنى ئۆينىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىدى. قولىغا ئېشەك ھەيدەيدىغان قامچىسىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭ يالىڭاچ پاچىقىغا ئۇرۇشقا باشلىدى:

— مەن سېنى ياسىن مەدەكنىڭ گۆرىگە كۆمۈۋېتىمەن، ماڭا ئەمدى بۇ يۇرتنىڭ نېنى ھارام.

— ئوبدان دادا، تاتلىق دادا، مەن ئۇنداق قىلمىدىم. ئەسكى ئىش قىلمىدىم. مەن قەسەم قىلىپ بېرەي، مەن ئەسكى ئىش قىلمىدىم. مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى تۆكۈدىغان ئەسكى ئىشنى قىلغان بولسام قاقشالدەك قۇرۇپ ئۆلەي! گېپىمگە ئىشىنىڭ دادا!

— قورسىقىڭدىكى نېمە؟ ... ۋاي ئىسىت دادا — بالىغۇ بىز ... مەن نېمە بولغان ئادەم، ئۇلۇغ خۇدا، ماڭا يەنە قانداق شەپقەتلىرىڭ بار كۆرسىتە خۇدا! ... — مۇھەممەتئىمىن سەيىدىن بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلاپ كەتتى. ئاندىن ئۆزىنى كاچاتلاپ ساقاللىرىنى يۇلغىلى تۇردى.

— ئوبدان دادا، مەن خۇش بولاي، ئۇنداق قىلماڭ، مەن گۇناھ قىلمىدىم، ھېچ ئەسكى ئىش قىلمىدىم. بىلمەيمەن ئۆزىچە مۇشۇنداق بولۇپ قالدى.

— داد، قىز باققانغا داد! — مۇھەممەتئىمىن سەيىدىن بىردىنلا ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

بوۋاي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن نۇسرەتنى تۈۋرۈكتىن يەشتى. بوۋاي

ۋە ئانا - بالا قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتى.

— ئوبدان قىزىم، راستىڭنى دە دېسە ئۇنىمايسەن. بۇ زادى نېمە سېھرى - ئەسنا، ئەسكى ئىش قىلمىدىم دەيسەن، بۇ زادى نېمە ئىش؟

— ئوبدان ئانا، جېنىم ئانا، مەن ھەرگىز ئەسكى ئىش قىلمىدىم. نەچچە قېتىم قەسەم قىلدىم، قەسەممگە ئىشىنىڭ، مەن ھېچ بىلمىدىم.

— بالام، ئۆلسەڭمۇ راست گەپ قىلە، جېنىم بالام.

— ئوبدان ئانا، قەسەممگە ئىشىنىڭ، مەن راست گەپ قىلدىم...

بىرقانچە كۈن جىمىمدە ئۆتۈپ كەتتى. ھەمشىرىخان كۈنلىرىنى تۇختىماي يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ھارۇن بوۋاي كىچىك نەۋرىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشەك بىلەن قوينىنى ئېلىپ ئەتىگەندە چىقىپ كېتىدۇ. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئىشىك ئالدىدىكى دۆڭگە چىقىۋېلىپ چىلىم تارتىدۇ. ھېچكىم - ھېچكىمگە گەپ قىلمايدۇ، نۇسرەت ئۆيىدىن تالاغا چىقمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىنكى جۈمە كۈنى ئەتىگەندە بوۋاي ئالا - تۇۋا سېلىپ يىغلاپ ھەممىنى ئويغاتتى. جىن چىراغ يېقىلدى. نۇسرەت ياتقان يېرىدە سۇرەتتەك قېتىپ قالغان. چىرايلىق لېۋىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ قالغان، ئۇنىڭدىن ئاللىقانداق بىر دورىنىڭ سېسىق پۇرىقى كەلدى.

ئانا قىزىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق ئىدى. بوۋاي ھەم كۆز يېشى قىلىپ، ھەم دۇرۇت ئوقۇپ ئۇنىڭ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يۇرۇپ تەستە يۇمدۇردى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن قىزىغا قاراپ ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ لېۋىنىڭ تىترىشىدىنلا تىرىك ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن ئىدى.

15

نۇسرەتنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ - ئاراپ بولغۇچە ئابدۇرشىتخان غوجىنىڭ: «ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەي زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان ئادەم ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا ئوبدان بولمايدۇ! ئۇنىڭ تاشايىندا، ھارام بالا بىلەن ئۆلدى، ئاخىرەتلىكى ئوبدان ئەمەس. ئۇلۇغ جۈمە كۈنىدە نامىزىنى چۈشۈرمەيمەن» دېگەن گېپى مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ ئائىلىسىگە يېتىپ كەلدى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن غوجىنىڭ ئالدىغا بارىمەن، دەپ ئەلپازىنى بۇزۇپ قوپۇۋىدى، ئۇرۇق - تۇغقانلار توسۇۋالدى. ھارۇن بوۋاي ھەمشىرىخانىنىڭ ئانىسىدىن قالغان تۆت مىسقاللىق تاۋەررۈك زىرىسىنى قوينىغا سالدى - دە، ئېشىكىنى مىنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇزۇنغا قالماي ئۇ قايتىپ كەلدى. نۇسرەتنىڭ نامىزى جۈمە نامىزىدىن كېيىن چۈشۈرۈلۈپ، يەرلىكىگە قويۇلدى.

مەھەللىدە سۆز - چۆچەكلەر كەڭرى تارقالدى. باپكارنىڭ كۆلىنىڭ بويى يەنە جانلىنىپ كەتتى.

— ئىسىت، ئوبدان بالىدى، رەھمەتلىك.

— شۇنداق چىرايلىق بالىنىمۇ ئاشۇنداق سازاڭغا بېرىدىكەن خۇدايىم. ناۋادا

AltunOq

ئابدۇرشىتخان غوجامغا بەرگەن بولسا، مۇشۇ بالا-قازامۇ يوق.

— راست، زادى غوجامدىن تەقسىرات كەتتى. بۇ بەدنىيەت بىكار تۇرماي غوجام بىلەن ئۈيتىشىدۇ، غوجامنىڭ كەينىدىن پىتنە-پاسات تېرىيدۇ، پەسەندە.

— بالدۇرراق ئەرگە بېرىۋەتكەن بولسا، ئەلۋەتتە كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەتتى. «بويىغا يەتكەن قىز بالىنى ئۆيدە ساقلىما، بىر تاۋاق سىركىنى بېشىڭغا قىزىۋالسەن» دەيدىغان گەپ بار.

نۇسرەتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھەمشىرىخانىنىڭ ئەس-ھوشى جايىدا بولماي قالدى. بىر قېتىم كۆلدىن سۇ ئەكىلىۋېتىپ ئۆيىگە كەلدىم دەپ، مازارلىققا كېتىپ قالدى. كۆزلىرىدىن تەلۋە ئۇچقۇن چاچراپ تۇرىدۇ. ئۇڭ گەپ قىلىۋېتىپ گېپى قېيىپ كېتىدۇ. باللار ئانىسىدىن ياتسىراپ قورقۇپ قاچىدىغان بولۇپ قالدى.

ھارۇن بوۋاينىڭ چىرايى تاتىرىپ كۈندىن-كۈنگە قۇرۇپ كەتتى. قورسىقى يوغىناپ يەپ تويمايدىغان بولۇپ كەتتى. قورسىقى كۆپۈپ تۇرىدۇ، ئەمما يەل يۇرۇشمەيدۇ، تولغاپ ئاغرىيدۇ.

بۈگۈن بوۋاينىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىدى. ئۇ ئېسىلىپ كەتكەن قورسىقىنى مۇجۇقلاپ: «ۋايجان، ۋاي ئاللا، بۇنداق قىيىنغىچە جېنىمنى ئالساڭ بولمامدۇ؟» دەپ داد-پەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ سۈپىدا خېلى ئۇزاق يۇمىلاپ تېپىرلىغاندىن كېيىن ھالسىزلىنىپ قالدى. چىرايى تاتىرىپ، پۇت-قوللىرىغىچە قانسىزلىنىپ ئاجىزلاپ كەتتى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئېشەكنى ھارۋىغا قوشۇپ ھارۇن بوۋاينى يېزا دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. يېزا دوختۇرلىرى ناھىيىگە بۇيرۇدى. ناھىيە دوختۇرخانىسى بوۋاينى خېلى ئۇزاق تەكشۈرگەندىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولدى. نىمجان بوۋاي: «مېنى ئۇ ئالەمگە يەتتە ئەزايىم ساق كەتكىلى قويۇڭلار» دەپ تۇردى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بىردەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن، ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلدى. ئوپېراتسىيە پىچىقى بوۋاينىڭ قورسىقىدىن بىر مۆجىزىنى سۆرەپ چىقتى. پىستاندەك يۇمىلاق بىر چەمبىرەك قىزىل سىزىق، ئاندىن چېقىر دۈگىلەكچە نېپىز بىر قەۋەت قىزىل پەردە ئاستىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرغان ھەممە يېرى قىپقىزىل گۆشلۈك بىر تىرىك پاقا خالتىلىشىپ قالغان قىزىل پەردىلىك بوغۇزىنى لىپىلدىتىپ كۈچلۈك يورۇقلۇققا قورقۇنچلۇق قارىماقتا ئىدى. ياشانغان دوختۇرنىڭ كۆزلىرى پاقىنىڭكىدىنمۇ بەك چەكچىيىپ، قوللىرى دىر-دىر تىترەپ كەتتى. مۆجىزە، ئاجايىپ مۆجىزە، قورقۇنچلۇق بىر مۆجىزە. پاقا ئاغزىنى ماكىلدىتىپ ئېچىپ تاپ يېگەن ئىتتەك ھاسىرىدى. ئاغزىدىن قىزىل سۇيۇقلۇق قۇيۇلۇپ تۇردى. ئەسۋاب تۇتۇپ تۇرغان سېستىرا قىز قورقۇپ چىرقىرىۋەتتى.

بۇ ئىش ناھىيە ئىچىدە ئەڭ قىزىق، ھەيران قالارلىق خەۋەرگە ئايلاندى. دوختۇرخانا ئىچى پاقىنى كۆرگۈچىلەر بىلەن قالايمىقانلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىدىكىلەر بۇ پاقىنى يوغان ئەينەك قاچىغا سېلىپ، ھەممە خەق كۆرەلەيدىغان يەرگە قويۇپ قويدى. خەقلەر بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ياقىسىنى چىشلىشەتتى. قاچى-

نىڭ يېنىغا كىچىككىنە تاختىچاق قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەنىدى: «ھارۇن ئارىپ، ئەر، 63 ياش، ئاياغقۇم يېزا ئاياغقۇم كەنتىدىن. ئۇنىڭ قورسىقىدىن چىققان بۇ پاقىنىڭ ئېغىرلىقى سەككىز يۈز يىگىرمە بىر گىرام. مۇتەخەسسىلەرنىڭ دەسلەپكى قىياس قىلىشىچە، بۇ پاقا بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى قۇمچاق ۋاقتىدا بوۋاينىڭ گېلىدىن خام سۇ بىلەن كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن...»

16

كەچكۈز كىرىپ كەلدى. ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ كەتتى. ئاياغقۇمنىڭ دەل-دەرەخلىرى ئاللىقاچان يالىڭاچلانغانىدى. ئېتىزلاردىكى شۇمشىيىپ قالغان سېرىق قوناقلار، پاختىسى ساڭگىلاپ كەتكەن كېۋەز تالالىرى بوز قىرودا نەمدىلىپ كەتتى. تەكلىماكاندىن كېلىۋاتقان كۈز شامىلى چىڭگىلىك بانامىلىرىنى لەيلىتىپ، يەردىكى غازاڭلارنى ئۇچۇرىدۇ، تېخى قېزىۋېلىنمىغان چامغۇر، كۆك تۇرۇپلارنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى بوز قىرو ئۇششۇكىدىن يەرگە كۆكسىنى يېقىپ چىڭ چاپلاشقانىدى.

ئۇپۇق قىزىرىش بىلەن تەڭ دائىملىق ئادەت بويىچە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ماڭغۇدەك مادارى بار ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىغا دۈمچەيگەن، بېشىنى تۆۋەن ئەگكەن، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان ھالدا قىرودىن نەمدەلگەن توپىلىق چىغىر-يوللاردىن كۆلەڭگۈدەك تىمىسقىلىشىپ مەسچىتكە ئېقىشقا باشلىدى.

ئاياللار، قىزلار ئۆيلىرىدە تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، دەرھال قاپاقلىرىنى يۇدۇپ، سوغىلىرىنى بالداققا ئېلىپ ئېشەك، قوي، كالا يېتىلەپ، ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا باپكارنىڭ كۆلىگە ئالدىراپ مېڭىشتى. مەھەللە كوچىلىرىدا، سارغايغان قۇمۇشلۇق ئارىسىدىكى چىغىر-يوللاردا خوتۇنلارنىڭ كېچكى چۈشلىرى توغرىسىدا ۋاتىلداشقان، چوكانلارنىڭ ئەرلىرىدىن زارلىنىپ قاقاقلاپ كۈلۈشكەن، كالىنىڭ مۆرىگەن، ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى يېزىنى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ھارۇن بوۋاينىڭ قورسىقىدىن چىققان پاقا ھەققىدىكى پاراڭ ئاللىقاچان كونىراپ كەتتى. ئاياغقۇملۇقلار ئۇنى خۇدانىڭ كارامىتىگە چىقىرىۋەتتى. ئەمما باپكارنىڭ كۆلىدىن سۇ ئالغاندا، نوگاي بىلەن ئالىدىغان، سۇ ئىچكەندە بۇرۇنقىدەك ئېغىزلىرىنى كەشتەك ئېچىپ ئىچمەي، چىشىنىڭ ئارىسىدىن سۈزۈپ ئىچىدىغان بولۇشتى. بوۋاي ساقايدى، ئەمما مۇھەممەتئىمىن سەيدىن تۆگىشىپ كەتتى. ئۇ، ھازىر مەسچىتتىن قالدى. ئادەملەردىن تېخىمۇ قاچىدىغان بولدى. پات-پات قۇمۇشلۇق ئارىسىدا ئۇنىڭ ۋارقىرىغان، تىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. مانا، ئاغىچىخان كالىنى تەستە سۆرىگەن پېتى چىغىر يولنىڭ دوقمۇشىدىن قوشۇلغان پەيزىخان بىلەن سالاملىشىپ، دېگىلى ئالدىراپ ئاران ئۈلگۈرگەن گېپىنى باشلىدى:

— ۋاي پەيزىخان، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خەق ساراڭ دەۋېرىپ ماۋۇ مەممەتەك ئەمدى رەسمىي ساراڭ بولغان ئوخشايدۇ، ئاڭلىدىڭىزما؟

— ياق، ھە، قانداق دەيسىز؟

— كېچىدىن بىر يېرىمنىڭ تېگىدىن، بىر ئاسماننىڭ قەھرىدىن كەلگەندەك بىر

كىمنى تووۋلاۋاتقان ئاۋاز كەلدى. بىزنىڭ ئادەم تالاغا چىقىپ كېتىپ بىر هازادىن كېيىن: «مەمىتەك قۇمنىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ ‹ۋاي قىزىم نۇسرەت نەدىسەن؟› دەپ تووۋلاپ يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ» دىپ كىرىپتۇ. بىر ئۈزۈنغىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. بۇ يىل كەلگۈلۈك كەلدى ئۇ بىچارىگە، مەنمۇ بەزىدە شۇ نۇسرەتنىڭ هارامدىن بويىدا قالغانلىقىغا گۇمان قىلىمەن. ئۇ ئۇنداق قىلىدىغان قىز ئەمەستەك دېگۈم كېلىدۇ. ئۇنىڭمۇ گېلىدىن قومچاق ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، چوڭ دادىسىدەك بولغانمىكىن دەيمەن.

— ئالەم-ئەمدى. ئەمما لېكىنزە زادى غوجا ئەۋلادى بىلەن ئېيتىشمىغان ئوبدانكەن دەپ قالدىم. مەمىتەك بىكار تۇرماي ئابدۇرىشىتخان غوجام بىلەن تىركىشىپ سورۇقچىلىق تارتىپ كەتتى. هەمشىرىخان ئاز-ماز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان، ئەمدى مەمىتەك ئۇنىڭدىن بەتەر بولدى...

باپكارنىڭ كۆلىنىڭ بويىغا ئاياللار، ئۇلاغلار، ئىتلار يىغىلدى. قېرى سۆگەتنىڭ قۇرۇغان غازاڭلىرى، قاغجىرىغان كۆلىنىڭ، كۆل ئىچىدىكى كۆلچەكنىڭ ئىچىدە پاتقاققا چاپلاشقان ئۇلاغنىڭ، ئىتنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەردىكى تېزەك، سۈيدۈكلىرىگە مىلەنگەن هالدا تۇرىدۇ. كۆلىنىڭ ئىچى كالا، ئېشەكلىرىنى تۇتۇپ ۋاتىلدىشىۋاتقان ئاياللارغا تولدى. قاشتا بولسا، كۆلىنىڭ ئىچىگە چۈشۈش نۆۋىتى كۈتۈۋاتقانلارنىڭ جاۋۇلدىشى ئاڭلىناتتى. جامىكا غازاڭلارنىڭ تېگىدە قالغان مۇزدەك سۇ توختىماي داۋالغۇپ تۇرىدۇ. كۆلىنىڭ قاش تەرىپىدە قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى. ئاياللار، قىزلار يۈزىنى تۇتۇپ، كالا-ئېشەكلىرىنى، سوغا-قاپاقلىرىنى تاشلاپ تەرەپ-تەرەپكە قاچتى. كۆلىنىڭ ئىچىدىكىلەر نېمە بالا بولغاندۇ دەپ بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، كۆلچەك بويىچە سۇ ئېلىشىۋاتقانلار چۆچۈشۈپ قاراپ بولغۇچە كۆلىنىڭ قىرىدا قىپيالىڭاچ مۇھەممەتئىمىن سەيدىن پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق تەلەتى ئۇنى ئادەم قىياپىتىدىن چىقارغان كۆزلىرى تەلۋىلەرچە چەكچەيگەن، قارا ساقاللىرى ئارىسىدىكى كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرى سىڭارىيان تارتىشىپ، ئاغزىنى هايماق قىلىپ قويغانىدى. كۆل ئىچىدىكىلەرمۇ: «ۋاي ئۆلەي هايۋان! ...» دېيىشىپ بىر-بىرىگە پۇتلىشىپ، تەرەپ-تەرەپكە قاچتى. قىزلار تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى. بىر قىز قاچىمەن دەپ تېيىلىپ كۆلچەككە يوتىسىغىچە كىرىپ كەتتى. ئەمما چىرقىرىغىنىچە ئۆمىلەپ قېچىپ چىقىپ كەتتى. بىر دەمدىلا كۆلىنىڭ بويى كالا، ئېشەك، قوي، ئىت بىلەنلا قالدى. هايۋانلار مۇھەممەتئىمىن سەيدىنگە هەيران بولغاندەك قاراشتى. بىر تەخەي ئاستا كېلىپ مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ تۈكلۈك بەدىنىنى پۇرىدى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن چەكچەيگىنىچە كۆلگە قاراپ تۇردى. چاتراقلىرىنى كەرگەن پېتى تۇرۇۋەردى. بىر كالا ئاستا كۆلچەككە يېقىنلاپ كېلىپ پۇشۇلداپ جامىكا ئارىسىدىن سۇنى سۈمۈرۈپ ئىچكىلى تۇردى. بىر سېھىرلىق موزاي ئەگىشىپ كېلىپ كۆلچەك بويىدا قۇيرۇقىنى سەل كۆتۈرۈپ شىرىلدىتىپ سىيىشكە باشلىدى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ قان قۇيغاندەك كۆزلىرى

ئېخىمۇ چەكچەيدى. «كۆل ... نۇسرەت ... قىزىم ...» ئۇ شۇنداق پىچىرلىغانچە ئاستا كۆلگە چۈشتى. مۇزدەك سۇ ئۇنىڭ مېڭىسىگە تەپتى. كۆكەرگەن كالپۇكى تىترەپ كەتتى. يۇمشاق لۆجىلەر ئۇنىڭ پاچاقلىرىغا يۆگەشتى. كۆلچەكنىڭ سۈيى ئۇنىڭ تىزىدىن سەل ئاشتى. بىرقانچە چوڭ ياشلىق ئايال كۆل بويىدا پەيدا بولدى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن سۇغا كىرىشىگىلا ئۇلار چۇرقىرىشىپ كەتتى:

— ۋاي جېنىم، ۋاي ماۋۇ ساراڭ بۇلغىدى سۇنى، بۇلغىدى!

— قانداق قىلارىمىز ئەمدى، نېمىنى ئىچىمىز؟

— چىقە مەينەت سۇدىن!

كۆل بويىغا بىرقانچە ئاياللار ئولاشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چۇرقىراشقىنىچە سەت گەپلەر بىلەن تىللاشقىلى تۇردى. ئۇلار ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى.

— ھۇ، سا مېڭىسىنى يېگەن ساراڭ، چىقە كۆلدىن!

— ۋاي ئۆلۈم تەككۈر توڭرۇلۇق، سۇنى بۇلغىدىڭ، ئەمدى نېمە ئىچىمىز، ھايۋان؟

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئاياللارغا بىردەم ھاڭقايغان پېتى قاراپ تۇردى. ئاندىن كۆلگە قاراپ شارقىرىتىپ قويۇۋەتتى. جىرغىپ چىققان سۈيدۈك سۇدا كوركىراپ كەڭرى بىر دائىرىدە گۆللۈك بۇژغۇن پەيدا قىلدى. ئاياللار ئېخىمۇ قىيا-چىيا قىلىشىپ چۇرقىراشتى.

— ۋاي توخۇ پوقى مەرەز، ۋاي ئىپلاس!

مۇھەممەتئىمىن ئىپىرلاپ چۇرقىرىشىۋاتقان ئاياللارغا بىردەم چەكچىيىپ قارىغاندىن كېيىن، ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلدى.

— ھا...ھا...ھا... ئىچىڭلار... ئىچىڭلار...

— ھا...ھا...ھەممىڭلار ئىچىڭلار...

ئاياللار ئېخىمۇ غەزەپلىنىپ ۋارقىراشتى:

— ۋايجان، قاراڭلار ماۋۇ ھايۋان ... ئادەم ئەمەس ھايۋاننى!...

ئاياللار غەزەپ بىلەن مۇھەممەتئىمىن سەيدىنگە چالما ئاتقىلى تۇردى. چالمىلار مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ باش-كۆزىگە ياققىلى تۇردى. ھەر بىر چالما ئۇنىڭ بەدىنىگە تەگسە دەرھال ئۇۋۇلۇپ توزۇپ كەتتى. ئۇ ئېخىمچە قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى. كۆل بويىدا كالتەك كۆتۈرگەن بىرقانچە ئەركەك پەيدا بولدى. ئۇلار مۇھەممەتئىمىن سەيدىننى ئۇرغان پېتى كۆلدىن سۆرەپ چىقتى. خەق كۆلدىن يەتتە چېلەك سۇنى ئېلىپ تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن: «كۆلدە شەك يوق» دېيىشىپ سۇنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ھالاللاپ ئىچىشنى داۋام ئەتكۈزدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئارسلان.

ئوسمانجان ساۋۇت

# شېئىرلار

## نۇر – مۇقەددەس

ماڭغانىدىم مەنزىللەر چىللاپ،
بۇرىيالار كۆتۈردى سادا.
چىرقىراشتى، قاغاشتى تىللاپ،
چالۋاقاشتى، بولۇشتى ئادا.

ناۋا ئەمەس بۇنداق سادالار،
كۆڭۈللەردە بالقىمايدۇ ھېچ.
ئىنساندىكى ھايۋان خاتالار،
پەرىشتىگە تەڭلەيدۇ قىلىچ.

ئالتاغىل قىقاسلار قالدى
يان ـ يېنىمدا داغلىنىپ ۋەيران.
بۇغداي ئۈنىسىز تاماقلار قالدى،
بوپتۇ دېدىم، بولمىدىم ھەيران.

قەدەملەر زىچ، قەدەملەر شالاڭ،
ئارتقا باقسام ياتار داغدام يول.
سادا تىنىپ، تارقاپ كەتتى چاڭ،
ئالدا قۇياش بۇلغىماقتا قول.

ماڭغىنىمغا شۇنچە تىپىرلاپ،
قارا تۇتتى ماڭالمىغانلار.
بۇلۇڭلاردا ھەدەپ پىچىرلاپ،
تۇتەپ كەتتى يانالمىغانلار.

يېڭىش قۇچتۇم، ئۆيدى كۆزىنى
ھېچنېمىنى قۇچالمىغانلار.
ماڭسام كۆيسە، ئۇچسام ئۆزىنى
نەگە قويار ئۇچالمىغانلار؟!

## تارىخقا

ھەربىر كۈنۈم بىر ۋاراق قەغەز،
سىناش بېرىپ تاپشۇرغان ساڭا.
توقۇغىنىم ئېپەكمۇ، سەگەز،
كېسىمىڭنى بېرىسەن ماڭا.

ئۇ قەغەزدە ھەممە نەرسە بار،
ئۇيات، ۋىجدان، ھەسرەت، مۇھەببەت.
ئەل سۆيگۈسى ئاچىدۇ دىدار،
مەڭگۈ قۇدرەت ئالەمدە پەقەت.

ھەر تۈنۈممۇ ئاشۇ تەخلىتتە
نەزىرىڭدىن ئۆتىدۇ جەزمەن.
ئۇنتۇلمايدۇ خورەكلىرىممۇ،
مەشۇقۇمنى ئۇخلاتماي ئەزگەن.

قاتتىق باسقان قەدەملىرىمنىڭ،
ئايدەك ئېنىق بولار ھېسابى؛
كۆپ كۆتۈرگەن قەدەھلىرىمنىڭ،
ھالال ـ ھارام، گۇناھ ـ ساۋابى.

AltunOq

يۈزۈم يورۇق ھەر كۈنۈم ئۈچۈن،
خىسلىتىمنىڭ سىرى كۆچمىدى.
ئەسىردىن سوڭ تاراشلا پۈتۈن،
ئادەملىكىم ياندى، ئۆچمىدى.

* *

تۆكۈلدى ئەسەبكە ئەينەك كۆكۈنى،
قاقشىدى يۈرىكىم، قاقشىدى يارام.
سۇ كۆلدى پالانى، يەنە پۈكۈنى،
(قارا دىل ئادەملەر نەقەدەر قارام).

كېسىشمەس سىزىقلار كېسىشتى دەرھال،
يەرىلماس ئېقىنلار تارام ۋە تارام.
بوپ ئېلىپ كۆپ داللار، كۆپ ئېلىپلار دال،
چېكىنى يوقاتتى ھالال ۋە ئارام.

قانداق دىل ئەمرىنى سۆزلەيدۇ بۇ تىل،
قانداق دىل مەيلىنى قىلماق بولۇپ رام؟
مەن بەرسەم نېمىنى، ئۇ بېرەر دېدىل
قۇلاقتا تىنچلىق قۇلاقتا ئارام.

## چۈمپەردە

يۈزدە چۈمپەردە كۆرۈنۈپ ئايال،
بىر يولنى ئەسلەتسە ئىسلامغا دائىر
غەزىپىڭنى تۇتىدۇ قىلماستىن ھايال،
بۇ قالاق ئەتمىشنى سۆككۈسەن شائىر.
«ئال ئۇنى!»
مىڭ ئۇندە قىلسەن خىتاب،
تاغلاردىن ياڭرىدۇ ئاۋازىڭ ئەينەن.
ھەق سەزگۈڭ ناھەقنى قىلىدۇ بىتاپ،
بۇ ھەقتە مەن سېنى يارايسەن دەيمەن.

چۈمپەردە بار لېكىن سەندىمۇ دەھشەت،
قېنىڭغا قان بولۇپ سىڭگەن ئۇ گويا.
ئاشۇنداق قان بىلەن ياشاش بىر ۋەھشەت،
شۇڭلاشقا ھۆسنىدىن ئايرىلدى دۇنيا.

چۈمپەردە بار لېكىن سەندىمۇ دەھشەت،
بار ھەتتا يوشۇرۇن سۆزلىرىڭدىمۇ.
بار ھەتتا سۆيگۈڭدە (ئالىي بىر مەقسەت)
ئاناڭغا قارىغان كۆزلىرىڭدىمۇ.

دولقۇنلاپ قالىسەن ئىلھام بولۇپ مەي،
يۈزدە چۈمپەردە، چاچرايدۇ قەترەڭ.
قالىسەن نۇقۇتنى نۇقتە دېيەلمەي،
ھىددىدىن ئايرىلار چاچقان
گۈل - ئەترەڭ.

تۆش مۇشتلاپ بېرىسەن ۋەدىلەرنىمۇ،
بىلمەن ۋەدىدىن دۆلىتىڭ ئارتقان!
سەن ھەتتا مۇقەددەس ۋەدىلەرگىمۇ
بەئەينى پەردىدەك چۈمپەردە ئارتقان.
ئال دېدىڭ ئايالغا،
ئالار يۈزىدىن،
دەقىقە ئىچىدە پۈتەر بۇ جەريان.
ئال دېدىم مەن ئۇنى قان ۋە جېنىڭدىن،
سەن قاچان ئالارسەن تولغانماي ھەر يان؟

## مېنىڭ دەرىجەم

تەلىيىممۇ، پەلىيىممۇ بىلمىدىم،
چىللانىدىمۇ، بىر سورۇنغا داخىلمەن.
كۈلۈپ قويدۇم، بىر ئېغىز سۆز قىلمىدىم،
چوڭ - كىچىكنى ئايرىيدىغان ئاقىلمەن.

ۋاقىت دېگەن مىڭ چىرقىراپ ئاقماقتا،
خېرىدارسىز ئۇنىڭ نالە - پەريادى.
مۇزلاتقۇدا سۇنايلىنىپ ياتماقتا،
ئادەملەرنىڭ ئۇنى سېزەر ئەس - يادى.

شاراب يەشتى مىجەزلەرنىڭ ئاغزىنى،
قەھ - قەھەلەر، مەدھىيىلەر يامراشتى.

چېقىپ باقساڭ ھەممە سۆزنىڭ مېغزىنى،
ياشاۋاتقان دۇنيامىزنى قامراشتى.

بىر زاماندا قەدەھ ئېلىپ ساھىبخان،
داستىخاننىڭ مەقسىتىنى سۆزلىدى:
«دوستلار ئۈچۈن بارلىقىمىز ئارمىغان،
رەھمەت ھەردەم دوستلار بىزنى كۆزلىدى.

تونۇشتۇرۇپ قوياي ئەمدى ئۆزئارا،
ياخشى ئىمىش ناتونۇشتىن تونۇش جىن.»
خەپشۈك بولدى سورۇنىمىز شۇئانلا،
تارتماي قويدى ھەتتا ھېچكىم يېنىك تىن.

بۇياق بولسا پالانچى جان پۇستانوۋ،
پالان دېگەن ئىداردە ئىشلەيدۇ.
دەرىجىسى باشقارمىغا تەئەللۇق،
چىشلىگەندە شۇ بويىچە چىشلەيدۇ.

بۇياق بولسا ئورۇنباسار سا نازىر،
پالان دېگەن نازارەتتە ئىشلەيدۇ.
دەرىجىسى ئېنىق، دېمەك دەل ھازىر
چىشلىگەندە شۇ بويىچە چىشلەيدۇ.

بۇياق بولسا پالانچى بەگ، پۇستان باي،
پالان دېگەن ئىداردە ئىشلەيدۇ.
دەرىجىسى ناھىيىگە باپمۇباپ،
چىشلىگەندە شۇ بويىچە چىشلەيدۇ.

تەڭقىسلىق بار ساھىبخاننىڭ تەققىدە،
نۆۋەت مېنىڭ...تەندىن ئاقتى قارا تەر،
تاشماقچىمەن دەرىجىلەر ھەققىدە،
قادىر ئىگەم! مەدەت بەرۇ-مەدەت بەر!

مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرسام پۇقرامەن،
تاجىممۇ يوق، يوقتۇر شاھى پەرىجەم.
يۈرەكلەرگە ئوت بېرىشتە بۇغرامەن،
بىلىڭلاركى، ئادەملىكتۇر دەرىجەم!

سۆزلىرىمگە ھەيران قالدى خالايىق،
ساھىبخانىم دېدى مېنى تەتۈرۈم!
دەرىجىلىك مېھمانلارغا نالايىق،
سۆزلەپ قويدۇم
ئەپۇ، ئەپۇ كەچۈرۈم!

## نۇر — مۇقەددەس

دۇنيا دېگەن بىر سەھنە، ئويناماقتا ئويۇنلار،
قامغاقلارنى ئېپ كەتتى موللاقلىتىپ قۇيۇنلار.
بىر تەرەپتە قىسىلسا تىزدىق-تىزدىق ئۈنچىدىن،
بىر تەرەپتە باغلاقلىق قارا قىلدا بويۇنلار.

تەبىرى بار تەمەچتەك ھەر نەرسىنىڭ، ھەر كىمنىڭ،
ئۆز ئېتى بار ئۆزىچە ھەر گىياھنىڭ، ھەر چىمنىڭ.
يۈرەكلەرنىڭ سۈرىتى جۈپ ئاياغتىن قالغان ئىز،
تىلى چىقار بىر كۈنى تۇغما گاچا تىلسىمنىڭ.

كۆلكە-يىغا قېرىنداش، ئايلار بىلەن لايلار ھەم،
ھېلى كۈلگەن تېلىقىپ، يىغىسىنى سايلار ھەم.

زەر چۈشمەيدۇ زەر ئاشىق زەرگەرلەرنىڭ قولىغا،
كەتمەننى «كەتمەنچى» ئالتۇن بىلەن ئايلار ھەم.

چىققار تېخى بىر پىلدىن تارتساڭ بىر تال قىل ئېغىر،
تارازىنىڭ ئىمانى شەيتان يۇتقان ماي بېغىر.
ئاتىلىدۇ كارۋان دەپ يول يۈرەلمەس پالەچلەر،
يۈرسە كارۋان ئۆرتىنىپ تاپان يېغىر، پۇت يېغىر.

بۇلبۇل تۆككەن كەۋسەر كۆي تورغايلارغا تەن بولۇپ،
بۇلبۇلنىڭ ـــ مەس تورغاينىڭ تىل تاڭلىيى قەنت بولۇپ،
مۆجىزىگە سانىلار زەھەر تامغان مىكىرلەر،
قارىغۇ ئامەت كېپ قونار ئاپەتلەرگە ئەن بولۇپ.

تۆگە تارتسا ئېشەكلەر ئار غېمىنى يېگەنتىم،
بۇ سۈرەتنى ئالەمنىڭ دەل سىيماسى دېگەنتىم.
يالغان تۇرار ھەممىشە باش بۇرنىدا قاتارنىڭ،
قاتار كەينى ھەقىقەت! بۇنى ياخشى بىلگەنتىم.

بۇ پەريادى زېمىننىڭ ئەلمىساقتىن ئۆزگەرمەس،
يۈرەك بىلەن ئاڭلىغان ئۇ پەريادنى زەبەردەس.
ئېرىغدالماس ياشلاردىن پانىي ئالەم داغلىرى،
نۇر بېرەيلى ئۇنىڭغا نۇر مۇقەددەس، مۇقەددەس!

ئەسقەرجان ياسىن

# يۇلتۇزلار سۆيگۈدىن تارقىتىدۇ نۇر

### ئىشەنمەيمەن

ئىشەنمەيمەن قاراشلىرىڭغا،
قاراشلىرىڭ ئازدۇرغان مېنى.
ئەركىلەيسەن كىملەر باغرىدا،
قاي، كەڭلىكتىن ئىزدەيمەن سېنى؟
نىگاھىڭغا جەم بولغان يۇلتۇز،
كۆچتى نەگە،
مەنزىلى قايان؟

سەلكىن بولۇپ تەۋرەنگەن قۇندۇز،
ئەسلىرىمگە يۆگەلگەن قاچان؟
تېرىتۋېلىپ تۈنلەرنى شامال،
ئۇرۇق قىلىپ چاچتى قۇياشقا.
ئاي يىغلايدۇ،
بىلمىدىم نە ھال؟
مەن بىلىمەن خىيالىڭ باشقا!
چىقسا قۇياش گۈل سەيلىسىگە،

رىۋايەت قىپ سۆزلەيمەن بىر - بىر.
بار سېنىڭدە ئېزىتقۇ كۆلكە،
بىراق، يوقتۇر ئاتەشلىك مېھىر!

## ئىترەپ تۇرار كىرپىكىمدە ياش

بۇلاق بويى سىرداش ماكانىم،
ئەسكە سالار ئۇتلۇق لېۋىڭنى.
خىياللىرىم شاماللىرىدا
سىلكىتىمەن قۇندۇز چېچىڭنى.

ئىترەپ تۇرار كىرپىكىمدە ياش،
ئىزدىك بويلاپ يۈرىمەن تېنەپ.
مۆكۈپ قەلبىڭ ئوكيانلىرىغا،
يەلكەن بولۇپ بارارمەن ئىزدەپ!

## ئۈنتۇلغان ناخشا

بارماقلىرىم چېكەلمەيدۇ تار،
ھېرىپ قالدىم
توختاي ئەمدى بەس!
لېكىن سازسىز بۇندا مەن ئۆچۈن،
ناخشا ئېيتىش تەستۇر، بەكمۇ تەس!

ئازاب بىلەن ھەر چەككەندە تار،
چىقار تاردىن، ئاھ، پەرياد ئۇچۇپ.
باغاشلايمەن تۈننى ئىزدىلەپ،
بىر يىگانە ناخشامنى قۇچۇپ.

يىراقلاردىن ئاڭلىنار غۇۋا،
تويى ناۋاسى،
مەن ئۈچۈن ئازاب.
بەلكىم ئۇندا يىگىت بىلەن قىز،
شاد كۆلكىدە ئىچىشەر شاراب.

ئاھ، بۈگۈنكى شۇ بەختىيار قىز،
يۈرىكىمدىن سوراپ كۆرەي،
كىم؟!
سەھەردىكى سەلكىن قوينىدا،
ھەسرەت چېكەر نېمىشقا قەلبىم؟
ساز تۆكمەيدۇ نېمىشقا شاد كۈي،
ئۈزۈلگەنمۇ ئۇنىڭ تارىسى؟
يىغانلىقتۇر كۆيۈممۇ مېنىڭ،
مۇندىن كەتكەچ يۈرەك پارىسى.

چالالمايمەن، ئەسلا ۋە ئەسلا،
ساز چېلىشتىن كەتتىم بەك چۆچۈپ
ۋە ناخشامنىڭ تېكستلىرىمۇ،
قار - يامغۇردا تۆگىدى ئۆچۈپ!

## توزىغان گۈل

خۇش، ئىپار ھىدىنى ئۇرۇپ دىماغقا،
يۈرەكنى سەگىتەر باغنىڭ ھاۋاسى.
مۇھەببەت ھەققىدە سۆزلەر تىنىمسىز،
ئورماندا قۇشلارنىڭ ئەركىن ناۋاسى،
يۈرەكنى سەگىتەر باغنىڭ ھاۋاسى.

مەن خىيال ئىلكىدە تۇرىمەن قاراپ،
يىغلايدۇ قولۇمدا توزۇپ كەتكەن گۈل.
ياپرىقى قىيسايغان، سارغىيىپ كەتكەن،
غولىمۇ قۇرۇغان ياپرىقى تۆگۈل،
يىغلايدۇ قولۇمدا توزۇپ كەتكەن گۈل.

بىر چاغلار، كېپىنەك ئەگىگەن ئۇنى،
ياش چېغى،
ئەتراپىقا خۇش بۇي تاراتقان.
قانچە تاك لېۋىنى سۆيۈپ ئۇ مەغرۇر،
گۈزەللىك ھەققىدە داستان ياراتقان،
ياش چېغى ئەتراپىقا خۇش بۇي تاراتقان.

ھە، بۈگۈن توزىغان بولسىمۇ ئۇ گۈل،
ساقلايمەن بىر ئۆمۈر ئەزىزلەپ ئۇنى.
ھەر قېتىم قارىسام قەلبىمدە مېنىڭ
ئۆركەشلەر ئىسيانكار سۆيگۈ دولقۇنى،
ساقلايمەن بىر ئۆمۈر ئەزىزلەپ ئۇنى.

### قىز يىغلىسا

نۇرغا تولار دۇنيا ئېھتىمال،
كىرپىكىدە تىترىگەندە ياش.
تۈن قوينىدا ئېسەدەر دۇنيا،
زىنىقىغا چۆككەندە قۇياش.

ئۆمەرجان كېرىم

## يۇرتىمدا سەنلا بار پەقەت

### ئېسىڭدىمۇ شۇ ئايدىڭ كېچە؟

ئېسىڭدىمۇ شۇ ئايدىڭ كېچە؟
كۆزلىرىمگە بېقىپ كۈلگىنىڭ؟
ئاي نۇرىغا چۆمۈپ تاڭغىچە،
لەۋلىرىمگە قانماي سۆيگىنىڭ؟

ئېسىڭدىمۇ كۆكسۈمدە بېشىڭ،
«مەن تائەبەت سېنىڭ» دېگىنىڭ؟
ئېسىڭدىمۇ ئاققۇزۇپ يېشىڭ،
ئەقىدەمدىن غەملەر يېگىنىڭ؟

بۈگۈن يەنە شۇنداق بىر كېچە،
سوغۇق باقار كۆزلىرىڭ ئەجەب.
«خوش» دېدىڭ ـ دە، پەيلىڭ ئۆزگىچە،
كېتىپ قالدىڭ كۈنپېتىش تەرەپ.

مۇڭلۇق كۈيدە چالىمەن گىتار،
شامال تىترەر كۆڭلۈمنى بەزلەپ.
«ۋاپاسىز» دەپ تىللىساممۇ يار،
يۇرتىمدا سەنلا بار ئەجەب.

### شەپەق قىزى

شەپەق رەڭدە نۇرلانغان ئۇپۇق،
شەپەق رەڭدىن چاقنىغان ئاسمان.
شەپەق رەڭدىن قىزارغان دېڭىز،
شەپەق رەڭدە پۈركەلگەن جاھان.
شەپەقلەرنىڭ باغرىنى يېرىپ،
چىقىپ كېلەر بىر گۈزەل جانان.
شەپەق رەڭلىك كۆركەم كۆڭلىكى،
داللاردا تەۋرىنەر لەرزان.
لەۋلىرىدىن تامغان كۈلكىسى،
يۇرتىمدا سالماقتا چۇقان.
كۆزلىرىدە سۆيگۈ جىلۋىسى،
قۇچىقىنى يايدى مەن تامان.
ئاھ، تۇيۇقسىز كەتتىم ئويغىنىپ،
يېگانىمەن، ئۈستۈمدە يوتقان.
شۇندىن بېرى كىردىڭ يۈرەككە،
شەپەق قىزى، ئەي گۈزەل جانان.
ئېيتقىنا سەن رېئال ھاياتتا
چۈشۈم كەبى كېلەرسەن قاچان؟

### ئاي يۈزىدە داغ بار نېمىشقا؟

رېئاللىقىم ئازدى شامالغا،
مەپتۇن بولۇپ شېرىن چۈشۈمگە.
ئاي يۈزىدە داغ بار نېمىشقا؟
كىم ھەمراھدۇر مىسكىن كۆيۈمگە؟

ئاي يۈزىدە داغ بار نېمىشقا؟
ئەتىر گۈلۈم قاقشاپتۇ سولۇپ.
گۈل بېغىمدىن يۈتكەن شامماللار،
كاككۇكلىرىم تۇرار مۈگلىنىپ.

## كۆزۈمدىكى سۈرەتلەر

كۆزلىرىمدە ـ ھەرخىل سۈرەتلەر،
بۇزۇۋەتتى زەڭگەر چۈشۈمنى.
تالاشماقتا ئاچكۆزلۈك بىلەن،
قۇياش سۆيگەن ئالتۇن قۇشۇمنى.

## قوشنام

تاڭ سەھەر
سۈپۈرگەمنى قولۇمغا ئېلىپ
چىقسام ئىشىك ئالدىغا،
پاك ـ پاكىز تۇرىدۇ ئەتراپ.
دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە،
ئاپئاق قارلار تۇرار يالتىراپ.
ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىن
كىچىككىنە بىر يول ئېچىلغان
يىراقتىكى قۇياشقا قاراپ.

## چۈش

قوللىرىڭدا يالتىراپ شەمشەر،
ئۆلتۈرمەكچى بولۇپسەن مېنى.
كۆزۈم ئاچسام، كۆكسۈڭدە بېشىم،
ئوماق قولۇڭ سۈرتسە يېشىمنى.

ئابدۇرشىت بارات

## سوئال

تۈنلەرنىڭ قويرۇقىنى كېسىپ،
ئۇلىسام تاڭغا،
ئويقىنىڭ خېرىدارلىرى
قىلارمۇ دەۋا؟

## پەرق

مەن يىغلىسام كېتىسەن كۈلۈپ،
سەن يىغلىساڭ قالىمەن ئۆلۈپ.

## جانانغا خەت

خىيالىمغا يەنە يۈك ئارتىپ،
چۈشلىرىمنى قىلىمىغىن قامال.
يۈرەكلىرىم بۇندا ئۇھ تارتىپ،
ۋىسال ئۈچۈن ئىزدەيدۇ ئامال.

قەلبىم تورى ئىشقىڭغا تالىق،
ساداقەتنى ئاسىمىغىن دارغا.
دىل نەۋكىرىم لەۋزىڭگە سادىق،
تۇتقۇن قىلىپ بەرمە دىشۋارغا.

ياشلىقىڭنى ئەسلىگۈك كەلسە،
يۈرىكىمدىن كۆرۈۋال ئېنىق.
باھارىڭغا شىۋىرغان كەلسە،
بىلگىن مەندىن توختايدۇ تىنىق.

جۈپ مۇنارغا باغرىم تەلپۈنەر،
جۈپ كۆزلىرىم كۆزۈڭ شەيداسى.
مېھرىڭ سەلكىن، يۈرەك يەلپۈنەر،
ھەر كۈنلىكى ئىشق غەۋغاسى.

قاناتلىرىم يېتىشەر بىر كۈن،
تەنھالىقتا بولماسمەن مىسال.
يېشىلگەندە ھىجرانلىق تۈگۈن،
سۆيگۈمىزگە سىردىشار ۋىسال.

ئوسمان قاۋۇل

## سەن باھارغا ئاشنا بولدۇڭمۇ؟

باھار بىلەن ئېچىلدى گۈللەر،
ئالەم كۆلۈپ گۈلدەك ياساندى.
كۆلگىنىڭدە سەنمۇ گۈل بولۇپ،
ھاياجاندىن كۆزۈم ياشلاندى،
سەن باھارغا ئاشنا بولدۇڭمۇ؟

ئۈنچە چېچىپ ئاققان سۇلاردىن،
كەلدى ياڭراق باھار ناخشىسى.
قۇشلار سايراپ سېنى كۈيلىدى،
دىللار تۆكتى باھار چاچقۇسى،
سەن باھارغا ئاشنا بولدۇڭمۇ؟

تېرىپ كەلدىم ساڭا تۇتۇشقا
قاپتاللاردىن نەۋرۇزى گۈللەر،
خۇش پۇراقلار بىلەن قاپلىنىپ،
كېلىنچەكتەك ياساندى چۆللەر،
سەن باھارغا ئاشنا بولدۇڭمۇ؟

كۈلدى دۇنيا، كۈلدۈم مەن بۈگۈن،
باھار گويا سېنىڭ بېقىشىڭ.
زەپەر قۇچسۇن ھەربىر قەدەمدە،
باھار بىلەن باشلانغان ئىشىڭ،
سەن باھارغا ئاشنا بولدۇڭمۇ؟!

## يارنى قۇچۇش

«شامال بىلەن خۇش كەتتى كولدۇرلىما ئاۋازى»①
كۆككە بېقىپ ئەركىلەپ تۈزگىنىڭدە چېچىڭنى.
ئاينىڭ ئەلۋەك نۇرىدا ئوتتەك ياندى كۆزلىرىڭ،
سەجدە قىلدىم شۇ ھامان مېھراب بىلىپ قېشىڭنى.
كۆلدەك تىنچ كۆڭلۈمگە ئاتتىڭ سۆيگۈ تېشىڭنى.

ئۇچۇپ كەلدى يىراقتىن نەينىڭ لەرزان ساداسى،
كۈلۈشكەندە بىز يۇلتۇز چاچقۇ بولۇپ چېچىلدى.
باغرىمدا سەن ناز قىلىپ ياتقىنىڭدا تولغىنىپ،
بۇلۇت كېلىپ ئۇپۇقتىن ئۇستىمىزگە يېپىلدى،
لەۋلىرىمدە لەۋلىرىڭ، بەختىڭ گۈلدەك ئېچىلدى.

ئەخمەتجان ياسىن

## ئايدىڭدىكى ناخشا ئاۋازى

ئايدىڭ كەچ، يېقىملىق كوچا ناخشىسى،
ئەجەبمۇ شوخ لەرزان ياڭراپ كېلىدۇ.
تارتىدۇ شۇنچە ئۇ كىشى مەيلىنى،
ياشلىقنىڭ ھېسلىرى قايناپ كېلىدۇ.

نەقەدەر جۇشقۇنلۇق نەينىڭ ئاۋازى،
ناخشىنىڭ ئەۋجىگە پاۋۇزى تەڭكەش.
تەمبۇرنىڭ تارىغا ئۇرۇلغان ناخۇل
گوياكى بۇلبۇلنىڭ كۈيىدەك دىلكەش.

① بۇ مىسرا مەشھۇر ھىندى شائىرى تاگورنىڭ.

شاد دىلتار˜ ھەم گىتار، داپ بىلەن راۋاب،
جور بولغان پەردىلەر شۇنچىلىك قايناق.
گوياكى پاختەكنىڭ سايرىشى دۇتار،
تارلارنىڭ ئۈستىدە بارماقلار ئويناق.

بىزمۇ ھەم ھويلىدا بىللە توۋلىدۇق،
ئۇلار چوڭ كوچىدا ئېيتقان ناخشىنى.
(تېپىشقان ئىدۇق بىز، ئىككىمىز ئاشۇ
شوخ ناخشا ياڭرىغان باھار ئاخشىمى.)

ئۇرغۇغان يۈرەكتىن لىرىك ناخشىلار،
قېتىلغان ياشلىقنىڭ گۈزەل ئوبرازى.
كۆيگەن بىز ھاياتقا، سۆيگۈگە شۇنداق،
سۆيگۈدىن كۆلگەن بۇ ئۆمۈر باھارى.

ھە، ئەنە يۆتكەلدى كوچىدا ناخشا،
مۇقاملار كۆيىدىن ئۇسسۇل پەيدىگە.
قىزلارنىڭ ئۇنلىرى قوچتى پەلەكنى،
چىقتى شوخ ناۋالار راسا ئەۋجىگە...

ناخشىلار ئاشۇنداق دولقۇنلاپ تېشىپ،
ئاستىلاپ يىراقلاپ كەتمەكتە ئىدى.
چىن سۆيگۈ كۆيلىرى قولاق تۈۋىدە،
دىللارنىڭ تارىنى چەكمەكتە ئىدى...

## پارچىلار

ئەل چەكسىز بىر دېڭىز، سەن پەقەت تامچە،
ئەل ئۇستاز، سەن ئالىم بولساڭمۇ قانچە.
ئەل ھامان يار - يۆلەك، پەخرىڭ - جېنىڭدۇر،
سەن ئەلدىن ئايرىلىپ كېرىلمە ئانچە.

* *

ئەقلىدىن بىشارەت ساڭا، ئەي قىزچاق:
گۈزەللىك قىسمىتى — پەزىلەت ئەخلاق.
ئازمىغىن قۇيۇندەك يولۇڭ تاپالماي،
ئۆگەنسەڭ مەرىپەت — ھاياتىڭ پارلاق.

* *

دەر ئىممىش چاشقانمۇ: «ھايات پۈشتىمەن،
نەدە بار خامانلىق، ئاڭا قوشنىمەن.»
تەييارغا ھەييارلار تۆگەيدۇ قاچان؟
دەيدىكەن مۇنداقلار: «ئىقبال دوستىمەن.»

* *

سېسىتار ئالمىنى ئىچىدىن قۇرۇت،
ئورنىغا كەلمەس ھېچ ئوقۇساڭ دۇرۇت.
ھە شۇنداق ئىچكىدىن دەز كەتسەڭ ئەگەر،
روھىڭنى قاپلايدۇ قاپقارا بۇلۇت.

* *

سەپ بولۇپ تۇرنىلار قىلىدۇ سەپەر،
توسالماس يولىنى مۇشكۈل ھەم خەتەر.
كىم ئەگەر ئايرىلىپ قالسا توپىدىن،
يىراقتۇر ئۇنىڭدىن غەلىبە، زەپەر.

ئىمىنجان تۇرسۇن

## پارچىلار

ئادەممەن دېسەڭ، ئادەمدەك ياشا،
مەردلەر ئۈچۈن بۇ ئالەم كەڭتاشا.
ئاسمانغا قاراپ شۈكرى قىلىپ ياتساڭ،
قېنىڭنى شورار ھەتتاكى پاشا.

* *

سۆيىمەيمەن بىر گۈزەل لەيلى بولسىمۇ،
ھەتتاكى پەرىنىڭ مەيلى بولسىمۇ،
بىلىمگە ئەڭ قەدىرلىك مەن ئۈچۈن ھازىر،
كۆڭلىدە مىڭ خۇشاللىق سەيلى بولسىمۇ.

* *

قۇشقاچلار ياشايدۇ ئۇزۇق - دان ئىزدەپ،
پاشىلار غىڭشىيدۇ ھەريان قان ئىزدەپ.
بەزىلەر قۇشقاچ ۋە پاشىغا ئوخشاش
يۈرىدۇ كۈن بويى بىكار نان ئىزدەپ.

* *

نان دېسەڭ بېرىمەن نەپسىمدىن كېچىپ،
سۇ دېسەڭ كەلتۈرەي تاغلاردىن ئېشىپ.
بىھۇدە چېقىلساڭ گەر غۇرۇرۇمغا،
تۆگىمەن مۇشتۇمنى غەزىپىم چېچىپ.

تەھرىرلىگۈچى: جاپپار ئەھمەت.

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

غۇلام ئەبەيدۇللا
پەيزۇللا ئوسمان

## «ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ ھەقىقىي مۇئەللىپى — مەھمۇد ھېكىمبەگ

يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «‹ھەمرايى غەزەللىرى› مۇئەللىپىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ «‹ھەمرايى غەزەللىرى› نىڭ ھەقىقىي مۇئەللىپى كىم؟» ناملىق ماقالىسى ئۈستىدە كەڭ ۋە سىستېمىلىق توختىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ ھەقىقىي مۇئەللىپى «مەن» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. بۇ، تەئەججۇپلىنەرلىك ئىش. مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ماقالىسىنى كۆرۈپ، «مۇنازىرىدىن خاتىرە» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئۆز پىكرىنى يازغان. ئەپسۇسكى، مەرھۇم 66 ياشتىن ھالقىپ، جىسمانىي جەھەتتىن كۆپ ئاجىزلاپ كەتكەچكە، ئۆز ماقالىسىنى روياپقا چىقىرىشقا ئۆمرى يار بەرمىدى. ئەسلىدە يېپىقلىق قازاننىڭ يېپىقلىق پېتى قالغىنى ياخشى ئىدى. ئەمدىلىكتە بىرپۈتۈن «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ «تىرىك ئىگىسى» چىققانىكەن، بۇ ھەقتە يەنە سۆزلەش زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇ ھەق - ناھەق مەسىلىسى، تارىخىي مىراسلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، قانداق ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى. شۇڭا بىز مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى يېزىپ قالدۇرغان پىكىرلەر ئاساسىدا، ئۆزىمىزنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى، ئىلمىي قاراشلىرى بويىچە بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتۇق.

### 1. «تەزىيە مەكتۇپى» ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە

ئىككى ماقالە ئاپتورى ئېتىراپ قىلغاندەك، «تەزىيە مەكتۇپى» مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ تارىخىنى ۋە «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ چىقىشتا يېڭى چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان بىردىنبىر تارىخىي ھۆججەت. مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى «تەزىيە مەكتۇپى» نىڭ ئۆز ئەينى كۆچۈرۈل-

گەن نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىرىنچى قول مەنبە تەلەپ قىلدى ياكى بۇ «مەكتۇپ» كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈلۈشى، پاكىتلار ئىسپاتلىنىشى لازىم، دەپ قارىدى. ئۇنداقتا، كۈتۈش كېرەكمۇ؟ ياق. بىزگە ۋاقىت كېرەك. گەرچە بىز تەتقىقاتچى بولمىساقمۇ، «تەزدىيە مەكتۇپى» نىڭ ئەينەن نۇسخىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەزمۇنى، تىلى ۋە ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى بىلگىنىمىزچە تەھلىل قىلىپ، بەزى يېڭى چۈشەنچىلىرىمىزنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇناسىپ كۆردۇق.

1. «تەزدىيە مەكتۇپى» دېگەن ئىسىم مەھمۇد ھېكىمبەگ تەرىپىدىن قويۇلمىغان، كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدىمۇ بۇنداق گەپ يوق. «مەكتۇپ» تىكى گەپنىڭ بېشى «بىسمىللا» دىن باشلانغان. قارىغاندا، «مەكتۇپ» — مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپ يازغان جاۋاب خەتتىن ئىبارەت. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ 130 يىل مابەينىدە «مەكتۇپ»، «تەزدىيە مەكتۇپى»، «ۋەسىيەتنامە» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ ئاتالغۇلار ئىچىدە «تەزدىيە مەكتۇپى» خېلى مۇۋاپىق.

2. «تەزدىيە مەكتۇپى» 50 - يىللاردا جۇڭگودا ئىشلەنگەن قەغەز، قېرىنداش قەلەم بىلەن چاغاتاي تىلى ئاساسىدىكى 50 - يىللار ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. بۇنى ئادەتتىكى كۆز بىلەنمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. چاغاتاي تىلىنىڭ فونېتىكىسى، گرامماتىكىسى، لېكسىكىسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. «ئۆز ئەينى نۇسخىسى» دېيىلگىنى شۇ بولسا كېرەك.

3. «تەزدىيە مەكتۇپى» نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى، شەكلى، تىلى ۋە مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر پارچە ئىلمىي ئەسەرگە ئوخشايدۇ. نەسرىي شەكىلدە يىغىنچاق يېزىلىپ، ئەدەبىي تۈسكە كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر پارچە پىششىق بەدىئىي ئەسەرگە ئوخشايدۇ. مەزمۇن جەھەتتە ئەينى زامان ۋە ماكان ئىچىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەتكە ئوخشايدۇ. بىز «تەزدىيە مەكتۇپى» نى قايتا - قايتا ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى پىكىرنىڭ رەتلىك، نۇقتىلارنىڭ ئېنىق قويۇلغانلىقىنى، تارىخىي ۋە كونكرېت ۋەقە، شەخسلەر توغرا، تەسىرلىك بايان قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «تەزدىيە مەكتۇپى» نىڭ ھەقىقەتەن تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى، داۋاملىق تەتقىق قىلىنسا تېخىمۇ نۇرغۇن ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى سېزىپ يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇق. «تەزدىيە مەكتۇپى» نىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە يېزىلغانلىقىغا، ئۇنىڭدىكى بەزى سۆز - جۈملىلەرنىڭ «ئىسيان»، «ئالتۇن كەمەر» قاتارلىق شېئىرلارغا ئوخشاشلىقىغا، شۇنداقلا «ھەمرايى» تەخەللۇسىدىكى باشقا شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى بىلەن تىل ۋە پىكىر بىرلىكى بار ئىكەنلىكىگە، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان «نەسەبنامە» سىدىكى ئىسىملارنىڭ تەكرارلانغانلىقىغا قاراپ، مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى ئىشەنگەندەك، بىزمۇ بۇ «مەكتۇپ» نىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇق. قوشۇمچە دەلىل - ئىسپاتلىرىمىز تۆۋەندىكىچە:

1) «تەزدىيە مەكتۇپى» دە ئىسمى چىققان «ئاكام جىلانخان»، «ئىبراھىم ئاكام»

AltunOq

دېگەن كىشىلەر مىرئەھمەت شەيخنىڭ 3 -، 4-ئوغۇللىرى بولۇپ، مەھمۇد ھېكىمبەگ ئۆز قەلىمىدە يازغان «نەسەبنامە»دە كۆرسىتىلگەن. «شەيخ ئاتام»، «ئاتام»، «دادام»، «شەيخ خوجام» دەپ تىلغا ئېلىنغان كىشى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئاتىسى مىرئەھمەت شەيخ ئىكەنلىكى، «ئاكام»، «ئەلەم ئاخۇنۇم» دەپ تىلغا ئېلىنغان كىشى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى ئابدۇرېھىم ئەلەم ئىكەنلىكى «نەسەبنامە» دە كۆرسىتىلگەن.

2) «تەزكىرە مەكتۇپى»دە «ئانام»، «ھەمرايى»، «ھەمرا بۇۋى» دەپ تىلغا ئېلىنغان ئايال مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئانىسى، «نۇرۇل، خالىق» لار بولسا، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ بىر تۇغقان شاگىرتلىرى. بۇنى ھازىرمۇ ئاتۇش مەشھەدتىكى كونا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

3) «تەزكىرە مەكتۇپى» دە چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجىخان تەرىپىدىن XII ئەسىردە قۇرۇلغان ۋە شەرق تارىخچىلىرى «قىپچاق خانلىقى» دەپ ئاتىغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئالتۇن ئوردا» تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا، بۇزرۇك خان تۆرەممۇ تىلغا ئېلىنغان. «بۇزرۇك خان تۆرەم بولسا جاھانگىر خان تۆرەمنىڭ ئوغلى، جاھانگىر خان تۆرەم بولسا سالىھخان تۆرەمنىڭ ئوغلى، بۇ بولسا بۇرھانىدىن خان خوجام پادىشاھنىڭ ئوغلى، بۇ ئەھمەتخان تۆرەمنىڭ ئوغلى، بۇ بولسا سەئىد ئاپپاق خوجامنىڭ ئوغلى ئىدى»①. مەھمۇد ھېكىمبەگ تارىخىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇنداق نەتىجىگە كېلىشكە بولىدۇ: «تارىخىي ھىجرىيە 1244 -يىل (مىلادى 1828 — 1829) خوجا جاھانگىرخان تۆرەم قوقەندتە قەشقەر ئەقىدەتمەنلىرىدىن بىرمۇنچە ئادەم توپلاپ، پەرغانە ۋىلايىتىدىن قېچىپ چىقىپ، موغۇلىستان شەھەرلىرىدىن قەشقەرگە كېلىپ»② ئاۋۋال «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلغىلى كەلدۇق» دەپ ئاتۇشقا چۈشكەن (1826 — 1827 -يىللاردا دەسلەپ كەلگەن). دېمەك، بۇ چاغدا مازارنىڭ ئەۋلادىي شەيخى بولغان مىرئەھمەت شەيخ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، مەھمۇد ھېكىمبەگ بىلەن بۇزرۇك خان تۆرەم بۇ چاغدا تېخى كىچىك بالا ئىكەنلىكى، كېيىن مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ھاياتى خەۋپ ۋە تەقىپ ئىچىدە قېلىپ، ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئاتا-ئانا ۋە تۇغقانلار بامەسلىھەت پەرغانىدا پاناھلىنىشنى توغرا تاپقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەقىلغا سىغدۇرۇشقا بولىدۇ. شۇنداقلا مىر ئەھمەت شەيخ بىلەن 2 -ئوغلى ئابدۇرېھىم ئەلەم قاتارلىقلارنىڭ مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ كەينىدىنرەك يولغا چىقىپ، ئاتۇشتىكى «تەڭگە تاغ» ئەتراپىدا مانجۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۆزلىرى شېھىت بولغانلىقى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە قالغان ئوغۇللىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، ئۆيدە قالغان ھەمرا بۇۋىنىڭ «شەيخ خوجام ۋە ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ كاللىسىنى جاڭ لويىدىن تالىشىپ، يا-

---

① مولla مۇسا سايرامى، «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 340 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 149 - بەت.

چاق ئېتىپ قارشى تۇرغانلىقى ۋە ئاخىردا ئۆزىمۇ شېھىت بولغانلىقى» نى يۇقىرىقى
ئەھۋاللارغا باغلاپ چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئۇنىداق ئىكەن، مۇسىبەت خەۋىرى مەھمۇد
ھېكىمبەگ پەرغانىغا چۈشۈپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا يېتىپ بارغانلىقى ئېنىق. دېمەك،
مەھمۇد ھېكىمبەگ «تەزدىيە مەكتۇپى» يېزىلغان تارىخىي ھىجىرىيە 1275 - يىلى رە-
جەپ ئېيىنىڭ بېشىدا ياكى ئالدىدا پەرغانىغا كەلگەن دېگەن، خۇلاسىگە كېلىمىز.

4) «تەزدىيە مەكتۇپى» دە: «قىرىق كېچە يازدىم يۈز نەچچە كۇپلېت شېئىر
دېيىلگەن. قارىغاندا، «تەزدىيە مەكتۇپى» مۇسىبەت خەۋىرى كېلىپ ئاز دېگەندە
40 كۈندىن كېيىن يېزىلغان. بۇ جەرياندا مەھمۇد ھېكىمبەگ بىر تەرەپتىن، «ئالتۇن
ئوردا» ئالدىدا ئاتا - ئانا ھەم ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم نەزىرىسىنى ۋە ئازنا ئاخشىمىنى
قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، قىرىق كېچە ئۇخلىماي خەتمە قۇرئان ئوقۇ-
غان ھەم يۈز نەچچە كۇپلېت شېئىر يېزىپ چىققان. ناھايىتى ئېنىقكى، مەھمۇد ھې-
كىمبەگنىڭ تۇنجى شېئىرى ئاشۇنداق زور مۇسىبەت ئالدىدا تەبىئىي يېزىلغان ۋە كې-
يىن تۈزۈلگەن دىۋانىنىڭمۇ بىرىنچى شېئىرى بولغان. ئادەتتە، كلاسسىك شائىرلار
ئۇيغۇر ئېلىپبە تەركىبىگە كىرىدىغان ھەرپلەر قاپىيە قىلىنغان ۋە رادىپلىق
يېزىلغان شېئىرلار ئاساسەن تەييار بولغاندا، يەنە كېلىپ ئۇلار
ئومۇمىي شېئىرلار ئىچىدىن تاللىنىپ تەييارلانغاندا، دىۋان تۈزۈشكە كىرىشكەن.
دىۋان تۈزۈشتە شېئىرلار قاپىيە رىتى بويىچە ئىلگىرى - كېيىن رەتلىنىدۇ. غەزەلنىڭ
قاپىيىسى ئەينى شارائىتتا شائىر قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان شېئىردىي ئىلھام ۋە تۇن-
جى مىسراغا باغلىق. شائىرلىق دەۋاسى ۋە بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئەجرى بار ھەر-
قانداق قەلەم ئىگىسى ئۇنىڭغا كۆز يۇممايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇزاق مۇددەتلىك بە-
دىئىي تەربىيىلىنىش، كۆپ يىللىق ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى قاتارلىقلار ئاساسىدا
پەيدا بولىدىغان مۇنداق تەبىئىي ئىلھامنى يالغۇز ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن
بىلەنمۇ بولمايدۇ، يەنە پسىخولوگىيە، ئېستېتىكا، ئېتىكا ۋە دىئالېكتىكا جەھەتلەردىمۇ
ئەتراپلىق كۆزىتىشكە ۋە ماركسىزملىق كۆز قاراشلارغا ئۇيغۇن يېڭى، نوپۇزلۇق ۋە
مۇقىم بولغان ئىلمىي يەكۈنلەرنى چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا يولداش ئاب-
دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بۇ نازۇك مەسى-
لىگە قىلچە ئىمكانىيەت قالدۇرمايلا «ئۇنداق ئىلھام بولمايدۇ» دېگىنى پەقەت بىر
تەرەپلىمە قاراشتىنلا ئىبارەت. دەرۋەقە، دىۋانغا تەييارلىغان شېئىرلار رەتلەنگەندە،
بەزى قاپىيە ياكى رادىپ بىلەن يېزىلغانلىرى يوق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن
1858 — 1859 - يىللىرى يېزىلغان «تەزدىيە مەكتۇپى» دە «‹قىل ئىنايەت ۋەسلىدىن
دىدار ماڭا ھاجەت خۇدا› دەپ شېئىردىنى باشلىدىم»، «مېھرىبان جانىم ئانا! شېئى-
رىمدە ئات قويدۇم ساڭا ‹ھەمرايى› دەپ مەھمۇد ھېكىم» دەپ ئېنىق تۇرسا، «ھەمرايى
غەزەللىرى› دىكى بىرىنچى شېئىرنى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنى
فۇزۇلى (ۋاپاتى 1563 - يىلى) نىڭ دىۋانىنى كۆرگەن يولداش ئابدۇشۇ-
كۇر مۇھەممەتئىمىن «ئىلھام ۋە تەسەۋۋۇر تۈپەيلى» «دىۋان ھەمرايى» نى تۈز-

گەن 1975 — 1976 - يىللار ئارىلىقىدا يازغان دېسەك، ھەرقانداق كىشىنىڭ تىلى كۆ-
يىدۇ. ئەقەللىسى، ئۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ فۇزۇ-
لى دىۋانىنى كۆرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

«ۋەتەندىن ئايرىلىپ بىرقانچە يىللار ئارقىدا ياتتىم،
كۆزۈمنىڭ ياشلىرىدىن ياشلاپ نېرىدىن دەرياسىغا قاتتىم.»

دېگەن مىسرالاردىن يەنە شۇ مەلۇمكى، مەھمۇد ھېكىمبەگ «ھەمرايى غەزەللىرى»
نى پەرغانىدا باشلىغان، ھەتتا كۆپ قىسمىنى شۇ يەردە يازغان، لېكىن دىۋان پەر-
غانىدا تۈزۈلگەن ئەمەس. ئىزاھلاشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، يۇقىرىقى شېئىرنىڭ
بىرىنچى مىسراسىدىكى «ئارقىدا» دېگەن سۆز ئاتۇش شىۋىسى بولۇپ، «تاغ ئارقىسى»
دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچى مىسراسىدىكى «نېرىدىن دەرياسى» ھازىرقى تاش-
كەنت ئوبلاستى ۋە پەرغانىغا يېقىن دەريا بولۇپ، نارىن دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ
دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمى يەتتە سۇ ۋادىسىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، شا-
ئىر بۇ شېئىرنى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەرغانىدا ئۆتكەن ئۆمرىنى ئەس-
لەپ يازغان.

5) «تەزدىيە مەكتۇپى» دە: «ئانام ھەمرايى ھەققىدە تۇچ قەلەم كۆپ يىغلىدى...»
دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا (يەتتەسۇ،
پەرغانە ئويمانلىقى) دائىرىسىدە، مىلادىدىن 300 يىللار ئىلگىرى تۇچ ئومۇملاشقان.
ھالبۇكى، پەرغانىدا تۇرۇۋاتقان مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ 1858 -، 1859 - يىللىرى تۇچ
قەلەمدە خەت يېزىشى، يەنە كېلىپ خەتتاتلىقتا ھېرىسمەن شائىرنىڭ («تەزدىيە مەكتۇ-
پى» دىمۇ «چوڭ خەت» تىلغا ئېلىنغان) تۇچ قەلەم ئىشلىتىشى ئەجەبلىنەرلىكمۇ؟
ئۇندىن قالسا، «تەزدىيە مەكتۇپى» دىكى «ۋەتەن، كۆپلىت، بايرام» دېگەندەك سۆز
لەر XIX ئەسىردىكى قەشقەردىن مەدەنىيەتتە خېلى ئىلگىرىلىگەن پەرغانىدىكى ئۇيغۇر-
ئوغۇز قەۋملىرىنىڭ تىلىدا يوقمىدۇ؟ ئەينى دەۋرلەردىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ
كۆرۈلمەسمۇ؟ «ئىنقىلابتا غەلىبە قىلمىغۇچە» دېگەن گەپكە كەلسەك، بۇ «تەزدىيە مەك-
تۇپى» دە يوق. بۇ گەپنى مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى ئۆز ماقالىسىدە مەھمۇد
ھېكىمبەگ تىلىدىن ئۆزلەشتۈرمە گەپ قىلىپ ئىشلەتكەن.

6) «تەزدىيە مەكتۇپى» دە: «شەيخ ئاتامىنىڭ نامازىنى چۈشۈرگەن
موللا شېرىپ خەلپىتىمگە ئازاقتىكى بىر تاش تۈگمەننى بېرىڭ» دەپ تاپىلانغان.
موللا شېرىپ خەلپىتىم كىم؟ موللا مۇسا سايرامى مۇنداق يازىدۇ: «يەنە پەزىلەتلىك
ئۆلىما ئۇستازلاردىن قەشقەرلىك موللا مۇھەممەد شېرىپ خەلپىتىم بار ئىدى. ئۇ 50
يىل، بەلكى 60 يىل مىقدارى دەرسكويلۇق مۇقامىدا ئولتۇرۇپ، تالىپلارغا ئىلىم ئۆ-
گىتىپ، ئۇلارغا پايدا يەتكۈزۈپ، پۈتۈن ئۆمرىدە ئەنە شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ
ھايات كەچۈردى. تولا ئىلمىي تالىپلار ئەنە شۇنىڭدىن يېتىشىپ چىقتى، ئۇ ئۇزۇن-
دىن بۇيان ئىلىمنى كەسىپ قىلغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يەنە 300 گە يېقىن تالى-
پى خەتمەگەردىلىك لايىقىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن دەرس بېرىشكە رۇخسەت ۋە

ئىرشات (گۇۋاھنامە) ئالدى دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرى 85 كە يېتىپ، تارىخىي ھىجرىيە 1310 - يىلى ماھى شېرىپ رامىزاننىڭ 17 - كۈنى (مىلادى 1894 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى) ئالەمدىن ئۆتتى».① مانا بۇنىڭدىن مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ موللا شېرىپ خەلپىتىمنى قەدىرلەپ، ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىشىنىڭ سەۋەبسىز ئەمەسلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. موللا شېرىپ خەلپىتىمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ياش جەھەتتە كۆپ پەرقلەنمەيدىغان مەھمۇد ھېكىمبەگنى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادىنى ياخشى بىلگەنلىكتىن، تەقىپ ئاستىدىكى ئۆلۈم نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۇچۇن ئالاھىدە ئاتۇشقا چىققان. قارىغاندا، ئۆلۈم نامىزى بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدىنمۇ كاتتا بولغان.

7) «تەزدىيە مەكتۇپى» دە: «مانجۇ لويىسى (جاڭ) دىن ئانامنىڭ جەسىتىنى تارتىپ ئېلىپ، تۆركۆل ‹قوشقار ئاتام› سەرھاكىدە قويغان تاغام ھاجى، قاسىملارگە تۆركۆلدىكى تۆت تاش تۇگمەننى بېرىڭ!» دەپ تاپىلانغان. «تاغام ھاجى» دېگەن كىشى ھاجى قازى ئاخۇنۇم ياكى قازى رەئىس ھاجىم بولۇپ، ھېكىمبەگنىڭ ئانىسى ھەمرا بۇۋى بۇ كىشىنىڭ ھامىمىسى. ئۇنىڭ ئاكىسى ياكى ھەمرا بۇۋىنىڭ دادىسى مۇسا بېگىم قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسمىنى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئوغلى مۇسا خوجىغا ئات قىلىپ قويغان. بۇ كىشى رىشات مۇسانىڭ دادىسى. «قاسىم» دېگىنى ھازىر تۆركۆلدە ھايات بار مامۇت ھاجىنىڭ دادىسى بولۇپ، مەھمۇد ھېكىمبەگ قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسمى مامۇت ھاجىغا ئات قىلىپ قويۇلغان. مامۇت ھاجى ھازىر 80 ياشتىن ئاشقان، ئۇنىڭ ئۆيى تۆركۆل ئازنامەسچىت ئالدىدا. ئەينى چاغدا مەھمۇد ھېكىمبەگ بەرگەن تۇگمەنلەر تۆركۆلدە ھازىرغىچە بار. شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قويۇش كېرەككى، بۇ يەردە دېيىلگەن تۆت تاش تۇگمەن بىر جايدىلا ئەمەس، بەلكى يەرسۇ شارائىتىغا بېقىپ، ئۆستەڭنىڭ بېشىدىن ئاخىرىنى بويلاپ بىر تاش، بىر تاشتىن چۆرۈلگەن. «تەزدىيە مەكتۇپى» دە ئىسمى چىققان «ھاجى، قاسىم» لار ھەمرا بۇۋىنىڭ جەسىتىنى ئۆز جەمەتىنىڭ زاراتگاھلىقىدا قويغان. «قوشقار ئاتام» مازىرى تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، بۇغراخان ئەۋلادىغا چېتىشلىق بولۇپ، ئاتۇشتىلا ئەمەس، بەلكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق، يەكەن، يوپۇرغا، توققۇزاق، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىمۇ بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بارلىق پادىشاھلىرى ئۆز نەسەبلىرىنى قەدىمكى تۇران پادىشاھى ئافراسىياپقا باغلايدۇ. «يەنە بىر رىۋايەتتە، ئافراسىياپ ئىرانىنىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى پەرىدۇننىڭ ئوغلى تۇرنىڭ نەۋرىسى دەپ بايان قىلىنىدۇ.»② مانا بۇنىڭدىن «قوشقار ئاتام» سەرخاكىنىڭ تارىخى ۋە نامىنىڭ نەقەدەر ئۇزاق جەريانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ دادا ۋە ئانا جەمەتلىرىنىڭ تۇغ-

① «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 568 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 737 - بەتتىكى ئىزاھاتقا قارالسۇن.

قان كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ.

8) «تەزكىرە مەكتۇپى» دە: «مەھمۇد خوجام»، «مەھمۇد ھېكىم»، «ھېكىم»، «غېرىب بىچارە مەھمۇد» دېيىلگەن. قارىغاندا، مەھمۇد ھېكىمبەگ ھاكىمبەگلىك ئۇنۋانىغا «چىيەنلۇڭ 1762 - يىلى يولغا قويغان ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى»① بويىچە ئېرىشكەن، ئۇنداق ئىكەن، مەھمۇدى ھېكىمبەگ ئۇ چاغدا «ئىككى، ئۈچ يېزا» نىڭلا ئىگىسى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادىسى مازارنىڭ باش شەيخى، ئانىسى قازىنىڭ ھەمشىرىسى، ئاكىسى ئەلەم ئاخۇنۇم بولغان. باشقا - باشقا ئائىلە دېيىلگەندىمۇ، ئۇلار كۆپ ئەۋلادلىق ۋە تېگىدىن قولۇق كىشىلەر. شۇڭا ئازاق ۋە تۆركۆلدىكى تۇغمەنلەر مەھمۇد ھېكىمبەگ ئۈچۈن ئۆلۈم نامىزىنىڭ ئىسقاتى قىلىنغان. بۇ تۇغمەنلەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشى — مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ دادىسى، ئانىسى ۋە ئىككىنچى ئاكىسىنى مانجۇلار قەتلى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مال - مۈلۈككە تېگەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ئۇندىن قالسا، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئۆز ئىسمىنى «ھېكىم» دەپ ئاتىشى «تەزكىرە مەكتۇپى» دىلا ئەمەس، بەلكى باشقا شېئىرلىرىدىمۇ بار. بۇ ئارقىلىق شېئىرىي تىلىنىڭ ساپ ۋە ساددىلىقى، قوش مەنىلىك ۋە بىشارەتلىكلىكى، ئوبرازلىقلىقىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن. ئەپسۇسكى، يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ مەھمۇد ھېكىمبەگ «ئۆزىنىڭ بۇ مىسرالىرىغا ھېكىم سۆپىتىنى قىستۇرۇپ ئۆتكەن» دېگەن بىر مەنىدىكى گېپىنىمۇ ئۆزگەرتىپ «‹ھېكىم› تەخەللۇسى قوشۇلغان، بۇ ھەمرايىنىڭ چوقۇم مەھمۇد ھېكىمبەگ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ› دېگەن تەلقىنلەر تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن قويۇلغان... ئۇ چاغدا بىر غەزەلدە ئىككى تەخەللۇس بولۇپ قالامدۇ؟... بۇلار ھەممىسى سۈنئىي ۋە زورمۇزور توقۇلما ئەمەسمۇ؟» دېگەن. «غېرىب بىچارە مەھمۇد» دېگىنىگە كەلسەك، بۇ مۇساپىرچىلىق ۋە ھىجران ئۈستىگە مۇسىبەتكە دۇچ كەلگەن مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئۆز-ئۆزىنى سۈپەتلىشى. كېيىنكى تارىخىي ئەسەرلىرىدە تەخەللۇس ئورنىدا قوللىنىپ «شەيخ مەھمۇد غېرىبى» دەپ ئاتالغانلىقىمۇ تارىخىي پاكىت.

9) «تەزكىرە مەكتۇپى» دە: «بۇ ۋەسىيەتنى سۇلتان سۇتۇق ئالدىدىكى ‹ساجى› مەدرىسىگە چاپلاڭ، دېدىم ھەم بۇ شېئىرنى بابامىز سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تېمىغا چاپلاڭ، دېدىم» دېيىلگەن. تىل ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىشىش قورالى، ئۇنى ئەينى شارائىتتا قانداق ئىشلىتىش ۋە ئىشلەتكەندىمۇ ئادەتلەنگەن تىل بويىچە چۈشىنەرلىك ئىشلىتىش — ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئىشى. گەرچە «مەدرىسىگە چاپلاڭ»، «بۇغراخان تېمىغا چاپلاڭ» دېگەن سۆزلەر غەلىتە تۇيۇلسىمۇ، لېكىن بۇ يەرلىكتە ئادەتلەنگەن سۆز. ھازىرمۇ بىزدە ئاڭلىماقتا غەلىتە، لېكىن توغرا چۈشەنچە بېرىدىغان سۆزلەر ئاز ئەمەس، شۇڭا «مەدرىس مازار ئالدىدىمۇ؟» دەپ تەكرار سوئال قويۇش ئورۇنسىز. «مەھمۇد ھېكىمبەگ زامانىدا ساجىيە مەدرىسى مەۋجۇدمىدى؟» دېگەن سو-

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «‹مەرايى غەزەللىرى› مۇئەللىپىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1988 - يىل، 5 - سان، 66 - بەت.

AltunOq

ئالغا كەلسەك، جاۋاب ئاددىي: ئاتۇشتا «ساجىيە» مەدرىسى بولغان ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىقمۇ ئېنىقلانغان. يەنە بىر تەرەپتىن، مەھمۇد ھېكىمبەگ دەۋرىدە بۇ مەدرىسىنىڭ خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ گەپ بىلەن «تەزدىيە مەكتۇپى» نى يوققا چىقارماي، ئۇنى ئايرىم مەسىلە قاتارىدا تەتقىق قىلىش كېرەك.

«تەزدىيە مەكتۇپى» دە ئايرىم - ئايرىم چاپلاش تەلەپ قىلىنغان نەرسە ئىككى بولۇپ، بىرسى «ۋەسىيەت»، يەنە بىرسى شېئىر. بىزنىڭچە، ئۇ «قىرىق كېچە يازغان يۈز نەچچە كۇپلېت شېئىر» ئەمەس، بەلكى «تەزدىيە مەكتۇپى» نىڭ ئاخىرىدىكى ئالتە مىسرا شېئىر. چۈنكى ئۇنىڭدا «تەزدىيە مەكتۇپى»نىڭ ئاساسىي روھى يىغىنچاقلانغان.

10) «تەزدىيە مەكتۇپى» دە: «نۇرۇلغا بۇ ۋەسىيەتنى مۇخلىس بىلەن تاشخانىغا تاپشۇر، دېدىم» دېيىلگەن. مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ يېزىشىدىن قارىغاندا، بۇ مەكتۇپ بالىدىن - بالىغا مىراس قېلىپ، ئاخىرىدا تاشخانىنىڭ نەۋرىسى شاش خېنىم (شېشە خېنىم) نىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋە 1953 - يىلى يازدا ئۇنى رىشات مۇسا ئاغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ بوۋىسى تاشخانىنىڭ: «تاغام مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ پەرغانىدىن ماڭا تەيىن قىلىپ ئەۋەتكەن ئۆز قەلىمىدىكى تەزدىيە مەكتۇپىنى چىڭ ساقلاڭلار. كېيىنكى چاغلاردا لازىم بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى يەتكۈزۈپ: «رىشات بالام، ساڭا بۇنى تاپشۇراي ... ۋاقتى كەلگىچە مەسئۇل بولۇپ ساقلىغىن!» دەپ جېكىلىگەن. ئەپسۇسكى، يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شۇنچە ئېنىق گەپنى ئۆز ماقالىسىگە قىستۇرغاندا، «‹تەزدىيە مەكتۇپى› خۇددى 120 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈننى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەندەكلا ‹كېيىنكى كۈنلەردە لازىم بولىدۇ›، ‹ۋاقتى - سائىتى كەلگۈچە ساقلا› دېگەن تەۋسىيەلەر بىلەن ئاتۇشقا كەلتۈرۈلگەن ۋە... چاپلاش تەلەپ قىلىنغان» دەپ ئۆزگەرتىۋەتكەن.

4. رىشات مۇسا ساقلاپ كەلگەن «تەزدىيە مەكتۇپى» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئېلىپ كەتكەن يۈسۈپبەگ مۇخلىس مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئەۋلادى، ئۇ ئەينى چاغدا مۇشۇنداق كونا قول يازمىلارنى يىغىۋېلىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. رىشات مۇسا ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ، «تەزدىيە مەكتۇپى» نى گۇۋاھ - شاھىد ئالدىدا «ھەمرايى شېئىرلىرى» بىلەن قوشۇپ ئىلاجىسىز بەرگەن. شۇنداقتىمۇ بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋالغان. ھازىر ئالمۇتىدا ئولتۇرۇشلۇق شائىر تۇرسۇن قاھارى 1987 - يىلى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەندە، مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدىگە ئۆزى قايتقاندىن كېيىن يۈسۈپبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، «تەزدىيە مەكتۇپى» ۋە «ھەمرايى غەزەللىرى» توغرىسىدا خەۋەر بېرىشنى ۋەدە قىلىپ كەتكەن. ئۇ 1988 - يىلى 4 - ئايدىكى خېتىدە سالام - سائەتتىن كېيىن مۇنداق يازغان: «بېگىمنى خېلى ئىزدەشكە توغرا كەلدى، شۇ تۈپەيلى ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. يېقىندا ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، سىلىنىڭ سالاملىرىنى يەتكۈزدۈم. ‹تارىم› غا سىلى يازغان ماتېرىيالدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سىلى سورىغان نەرسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا باشقا نەرسىلەر

بىلەن چېگرىدا ئېلىپ قالغان، ئېسىمدە قالغانلىرىنى ‹يېڭى هايات گېزىتى› گە يازغان ئىدىم. ئۇ گېزىتلەرنى ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ، دېگەن بولدى. ۋاقىپ بولغايلا... بۇ نەرسە سىلىنى قانائەتلەندۈرەمدۇ - يوق، بىلمەيمەن، ئەگەر سىلىگە زۆرۈر بولسا، مەن ئارخىپىمنى ئاختۇرۇپ ئۇ گېزىتلەرگە قاراپ بېقىشىم مۇمكىن». مەرھۇم هاجى هامۇت مەھمۇدى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بۇ جاۋاب خەت «تەزدىيە مەكتۇپى» نىڭ بارلىقىدىن تولۇق بىشارەت بېرەلمەيدۇ، لېكىن «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى «يېڭى هايات گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغانلىقىدەك پاكىتنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، بۇ خەت «ھەمرايى غەزەللىرى» بىلەن «تەزدىيە مەكتۇپى» نى ئىسپاتلايدىغان قوشۇمچە پاكىت.

5. تارىخىي ماتېرىياللارغا بىرلەشتۈرۈپ «تەزدىيە مەكتۇپى» دىكى ۋەقە ۋە شەخسلەرنى ئېنىقلىغىلى بولىدىغانلىقى ياكى «تەزدىيە مەكتۇپى» ئارقىلىقمۇ باشقا بەزەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئېنىقلىغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە يۇقىرىدا ئازراق توختالغان ئىدۇق. قارىغاندا، تازا يېتەرلىك بولمىغان. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ باقايلى:

1) «تەزدىيە مەكتۇپى» دە: «ئاتام ھەم ئاكام كاللىسىنى ھېيتكاردىكى داردىن ئېلىپ قاچقان بۇ ساداقەتلىك خادىملەرنىڭ چېكىسىگە گۈل قىستۇرۇپ، خەلق ئالدىدا ‹باتۇر› دېگەن ئۇنۋان بېرىڭ!» دېيىلگەن. تارىخىي مەنبەلەردىمۇ ئەينى شارائىتلاردا قەشقەر ھېيتكاردا دار بولغانلىقى مەلۇم. مانجۇ لويىسى «جاڭ» مىر ئەخمەت شەيخ ۋە ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇرېھىم ئەلەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ بېشىنى كېسىپ، دەسلەپ تۆركۆلدىكى ئازنامەسچىت ئالدىغا، كېيىن قەشقەرگە ياندۇرۇپ كېلىپ ھېيتكارغا ئاسقان. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان نورۇل، خالىق ۋە ئىسلامخان (ئايال) دېگەن تۇغقانلىرى كېچىلەپ قەشقەرگە كىرىپ، ئىككى باشنى باتۇرلۇق بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، ئاتۇشقا ئېلىپ چىققان. بۇ ۋەقە ھازىرغىچە كىشىلەر ئاغزىدا كاتتا داستان سۈپىتىدە ئەسلىنىدۇ.

2) «تەزدىيە مەكتۇپى» دىكى بەزى مەزمۇن ۋە بىرمۇنچە سۆز - ئىبارىلەر «ئالتۇن كەمەر»، «ئىسيان» قاتارلىق شېئىرلار بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. مەسىلەن، «ئالتۇن كەمەر» دىكى: «بىر تۇغقىنىم ئالتە نەپەر»، «جان ئانام ھەمرا بۇۋى»، «باشلىسا ھەمرايى يۇرتىغا بېرىپ ئىسيان ئەگەر»، «ھىجران ئازابى دەستىدە»، «ئىلھامى بىر شىنۇ شېكەر»، «كۆزۈمدىن قان ئاقۇر شامۇ سەھەر» دېگەندەك سۆزلەر ۋە «ئىسيان» دىكى: «ئۈمىدلىك بول ھېكىم»، «قېرىنداش ھېچقاچان دەۋا»، «يېرىم قىلما دىلىڭنى»، «ئاناڭنىڭ جەڭگىۋار روھى بولۇر ھەر ۋاقىتتا ھەمراھىڭ» دېگەندەك سۆزلەر مەيلى مەزمۇن ياكى سۆز قۇرۇلمىسى جەھەتتىن بولسۇن، پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. بۇ شېئىرلاردىكى قالغان سۆزلەرمۇ مەزمۇنەن ئوخشايدۇ. بۇ خىل ئوخشاشلىق «ھەمرايى غەزەللىرى» دىكى مۇنازىرە تېمىسى بولغان بىرىنچى شېئىرىدىمۇ ئەينەن ياكى مەزمۇنەن تەكرارلانغان. مەسىلەن، «قىل ئىنايەت ۋەسلىدىن دىدار ماڭا ھاجەت خۇدا»، «سەن ئايال مەزلۇمغا قىلدىڭ، ئۇنى يەپ - يەك ئىختىرا»، «ھىجرى ئوغلانلىق دېمەك،

مىڭ پارە بولغانلىق دېمەك»، «بارمىدۇ ھەمراھىدەك ئۆلمەي تىرىك بولغان جۇدا ...»

6. «تەزدىيە مەكتۇپى» نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن قارىغاندا، پۈتۈنلەي نۇقسان يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئالدىراشلا قېرىنداش بىلەن كۆچۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، قۇردىن قۇرغا ئۆلاپ يېزىش ياكى قۇرمۇ-قۇر يېزىش، چاغاتاي تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ئوخشايدىغان باغلىغۇچى سۆزلەرنى ئېلىش جەھەتتە ئىملادا كېتىپ قالغان بەزى جايلار بار. بىزنىڭچە، «تەزدىيە مەكتۇپى» نى ئىككىنچى بىر كىشى قۇراشتۇردى دېگەندىمۇ مەزمۇنىنى كېڭەيتەلمەسلىكى، بەلكى چۈشۈرۈپ قويۇشى، ھەتتا بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن. «يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەندەك، «تەزدىيە مەكتۇپى» نىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى كۆرگەنلەر ئەگەر مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىگە راست ئىشەنسىلا، مۇشۇنداق بىر «تەزدىيە مەكتۇپى» نىڭمۇ بولغانلىقىغا، جۈملىدىن، بۇ نۇسخىنىڭ يالغان ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىھۇدە گۇمان قىلغاندىن كۆرە تەتقىق قىلغان ياخشى.

## 2. «دىۋان ھەمرايى» ۋە ھەمرا خانىم

«ھەمرايى غەزەللىرى» قەشقەر «كونىشەھەر ئەدەبىياتى»، «ئاتۇش نەزمىلىرى»دە 1979 -، 1980 - يىللىرى قىسمەن ئېلان قىلىنغان. ئېسىمىزدە باركى، شۇ چاغدا بەزى يولداشلار «ھەمرايى» ناملىق ئايال شائىر توغرىسىدىكى ھېسسىي چۈشەنچىسى بىلەن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يەنە بىر يېڭى بەت ئېچىلدى ...» دەپ پەخىرلىنىشتى. «ھەمرايى» ھەقىقەتەن بىر ئايال شائىر بولسا، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش بولاتتى! ھالبۇكى، تارىخنى ساختىلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ھەمرايى» — يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئانىسى ئىكەن دېگەن مىش-مىش گەپ تارقالدى.

راست شۇنداقمۇ؟

بىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن ۋە يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ماقالىسىدىكى يەتتىنچى مەسىلىدىن مەلۇمكى، ھەمراخانىم سوۋېت قىرغىزىستانىنىڭ ئوش دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. 1930 - يىللارنىڭ بېشىدا ئاۋۋال چۆچەككە، كېيىن ئۈرۈمچىگە، ئاندىن قەشقەرگە كەلگەن. 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن.

ھەمراخانىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە كەلسەك، 1950 — 1955 - يىللىرى ئۇنىڭ بىرنەچچە پارچە شېئىرى «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئەمما بىز ئارخىپ ئاختۇرۇپ «ھەمراخان» نامى بىلەن بېسىلغان ئىككى پارچە شېئىرنىلا تېپىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. بۇنىڭ بىرىنچىسى 1950 - يىللىق 1 - ئۆكتەبىر سانىغا، ئىككىنچىسى شۇ يىللىق 21 - نويابىر سانىغا بېسىلغان. ھازىر بىر پارچە شېئىرنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

## خۇش كەلدىڭىز

(سوۋېتلار ئىتتىپاقى ئەدەبىي - سەنئەتچىلىرىگە بېغىشلايمەن)

بۈيۈك سوۋېت سەنئەتچىلىرى،
خۇش كەلدىڭىز شۇبۇ يەرگە.
ئۇزۇن يىلدىن سىزنى كۈتكەن،
خۇش كەلدىڭىز شۇبۇ يەرگە.
داھىي لېنىننىڭ يولىدا،
ستالىن يولىيورۇقىدا،
كەلدىڭىزلار ھال سورىغىلى،
خۇش كەلدىڭىز شۇبۇ يەرگە.

كەلدىڭىزلار سەنئەتچىلەر،
قارشى ئالۇر ئەمگەكچىلەر.
دوستلۇق گۈلى ياشناپ كۆلەر،
خۇش كەلدىڭىز شۇبۇ يەرگە.
جۇڭگودىكى بارلىق ياشلار،
مەدەنىيەتكە دائىم تەييار.
بىزنىڭ ئۆلكە سەنئەتچىلەر،
خۇش كەلدىڭىز شۇبۇ يەرگە.

مانا بۇ ھەمراخانىمنىڭ 50 - يىللاردىكى شېئىرىيەت سەۋىيىسى! مانا شۇ ھەمراخانىمنىڭ 50— 70 - يىللار (55 — 75 ياش) دا «ھەمرايى غەزەللىرى» نى يازغۇدەك تاكامۇللىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى ئۆز ماقالىسىدە «ھەمرايى غەزەللىرى» دىكى ئاياللارنىڭ ئېيتىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان مىسرالارنى پاكىت قىلىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، «ھەمرايى غەزەللىرى» نى ئانىسىنىڭ نامىغا باغلاپ قويۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن يولداش ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن: «مەن بۇنىڭدىن 12 يىل ئىلگىرى يېزىشقا باشلىغان ۋە ئەينى زاماندا مېنىڭ ناھەق ‹ئوغچى› قالپىقىم تۆپەيلى ھەقىقىي ئاپتورى ئىزاھلانمىغان بۇ بەش بېيىتلىق غەزەللىرىم ھەققىدە... ئوچۇق سۆزلەش ۋاقتى كەلدى» دېگەن. ئۇنىڭ «‹ھەمرايى غەزەللىرى›نى مەن يازغان» دېگەن گېپى ئۈستىدە ئايرىم توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، خەلقىمىزنىڭ نورمال ئەقىدىلىرىگە ماس ھالدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا يادلىنىپ كەلگەن ۋە مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان «ھەمرايى غەزەللىرى» يېزىلغان 130 يىلنىڭ ئالدىدا يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ ئانىسى ھەمراخانىم، دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىمۇ تېخى يورۇق دۇنياغا تۆرەلمىگەنلىكىنى ئىزاھلاپ قويۇش زۆرۈر. بۇ ھەقتە يەنە بىر - ئىككى مىسال ئالايلى:

1) مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ سىڭلىسى رابىيە خېنىمنىڭ كۈيۈسى ئابدۇقادىر قازى كالاننىڭ ئوغلى ھېممەت ھاجى ئوغلى ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم (1870 — 1954) ئۆزىگە مىراس قالغان «ھەمرايى غەزەللىرى» دىن بىرنەچچىسىنى ئەۋلادى ئابدۇقادىر ئەلەم ئاخۇنۇم (مەرھۇم ھامۇت مەھمۇدى ئۆز ماقالىسىدە «ئاخۇنۇم» دېگەن كىشى) گە بەرگەن. 1956 - يىلى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئىككى نەپەر ياش كادىر ئاخۇنۇمنىڭ قولىدىكى، جۈملىدىن، رىشات مۇسادىن كۆچۈرۈپ ئالغان «ھەمرايى غەزەللىرى» نى ئېلىپ كەتكەن. ئىگىلىشىمىزچە، شۇ يىلى سابىق شىنجاڭ شۆيۈەندىن كونا كىتابلارنى يىغىۋېلىشقا قەشقەرگە كەلگەن ۋە بۇ ئىشقا قاتناشقانلار ئىچىدە يولداش سادىر تۇرشا، ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئابلىمىت روزى، غەنىزات غەيۇرانى، ھاجى نۇرھاجى،

يۈسۈپبەگ مۇخلىس قاتارلىقلار بولغان. يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنمۇ شۇ يىلى قەشقەرگە كەلگەن.

2) «ھەمرايى غەزەللىرى» قەشقەر «كونىشەھەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاتۇشنىڭ سابىق ھاكىمى، قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ئابلىز نىياز 1955 - 1956 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، يىغىلغان تارىخىي ۋە دىنىي كونا كىتابلار قاتارىدا مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەنلىكىنىمۇ ئېيتقان.

## 3. «ھەمرايى غەزەللىرى» دىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرق

مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى 1983 - يىلى غۇلجىدىن تېپىلغان «دىۋان ھەمرايى» ئىچىدىكى غەزەللەرنى بىر - بىرلەپ سوراپ ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق «80 پىرسەنتى مەھمۇد ھېكىمبەگكە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، قالغانلىرى يېڭىدىن قوشۇلۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى» دەپ، «ھەمرايى غەزەللىرى» دىكى ئوخشاشلىقنى تەكىتلىگەن. يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن غۇلجىدىن تېپىلغان «دىۋان ھەمرايى» نى ئۆزى يېزىپ تۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنى «قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلار ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ شېئىرى قىلىپ مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن» دېگەن ۋە بۇ پىكىرنى ماقالىسىدىكى 1 -، 3 -، 5 - مەسىلىدە تەكرارلىغان. دېمەك، ئۇ «ھەمرايى غەزەللىرى» دىكى پەرقنى تەكىتلىگەن.

«ئوخشاشلىق ۋە پەرق» دېگەن سۆز پەلسەپىدە ھازىرغىچە كىتابتىن كىتابقا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان «ئىككى تال يوپۇرماقنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى» توغرىسىدىكى مەشھۇر مىسالنى يادىمىزغا سالىدۇ. پەلسەپىدە «ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى» ۋە «ئۆزگىچىلىك قانۇنىيىتى» نى ئىپادىلىگەن بۇ مىسالدىن پايدىلىنىپ يازغۇچى زوردۇن سابىر پېرسوناژ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى شەرھىلىگەن. پروفېسسور يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنمۇ ئۆز ماقالىسىدىكى 5 - مەسىلىدە مۇنداق دېگەن: «... ھەممە كىشى ئۆز دەۋرى بىلەن، ئۆز سەرگۈزەشتىسى بىلەن، ئۆزىنىڭ مەنىۋى قاتلىمى، تىل ۋە پىكىر ئۇسلۇبى بىلەن ئۆزگىچە خاس ۋە كۆپىيىسىز ئىندىۋىدۇئال - دە!» ئىلىم - پەن ساۋاتىغا دائىر بۇ ئۈچ مىسال پەلسەپىدىن ئەدەبىياتقىچە، پېرسوناژ ئىندىۋىدۇئاللىقىدىن شائىر پىسخىكىسىغىچە بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ. دېمەك، «ھەمرايى غەزەللىرى» نى ئەينى زامان ۋە ماكان ئىچىگە قويۇپ كونكرېت تەھلىل قىلساق، ئىككى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان، ئىدېئولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتە ناھايىتى زور پاسىل ئايرىپ تۇرغان ئىككى مۇئەللىپنىڭ «ھەمرايى غەزەللىرى» گە ئىگىدارچىلىق نىسبىتى ئۈستىدە ئىلمىي يەكۈن چىقىرالايمىز.

يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز ماقالىسىدىكى 6 - مەسىلىدە «ئۆز - ئۆزىنى ئىسپاتلىماق غەلىتە كۆرۈنسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى، ئۆزگىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىدەك غەلىتە بولماس» دەپ «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ تېماتىكىلىق مەزمۇنىنى ئارقا - ئارقىدىن ئالتە نۇقتىدا شەرھىلىگەن. 7 - مەسىلىدە «ھەمرايى» نىڭ يۇرتى توغرىسىدا مەخسۇس توختالغان. ئۇنىڭ پىكىرلىرىنىڭ ئېغىرلىق مەركى-

Altunoq

زى مۇشۇ ئىككى مەسىلىدە نۇقتىلىق ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، دىۋشۇ دائىرە ئىچىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋۋال شۇنى تەكىتلەيمىزكى، ئىككى ماقالە ئاپتورىنىڭ مۇنازىرە تېمىسى بولغان ۋە كىتابخانىلار تولۇق تېكىستى بىلەن كۆرگەن غەزەللەردىكى پىكىر، تىل، ئۇسلۇب قاتارلىقلار «تەزىيە مەكتۇپى»، «ئالتۇن كەمەر»، «ئېسىيان» دىن ئىبارەت ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. بىز مۇشۇنى قوشۇمچە ئۆلچەم قىلىپ، يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كۆرسەتكەن مىساللاردىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقنى ئىمكان قەدەر ئىزدەشكە تىرىشىمىز.

1) يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 6 - مەسىلىدىكى 1 - ، 3 - نۇقتىدا ئاساسەن ئائىلىۋى روشەنلىك ھاسىل قىلغان مىساللار ئۈچۈن ئالغان توققۇز غەزەلنىڭ ئىككى پارچىسى مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرسى «ھەمرايى غەزەللىرى» دىكى «قىل ئىنايەت ۋەسلىدىن دىدار ماڭا ھاجەت خۇدا» دېگەن غەزەل، يەنە بىرسى «بېلىق دەريادا ئۇسسۇزدۇر، چىراغقا تەشنا پەرۋانە» دېگەن غەزەل. «قىل ئىنايەت ۋەسلىدىن دىدار ماڭا ھاجەت خۇدا» دېگەن غەزەل توغرىسىدا مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى توختالغاندىن باشقا، بىزمۇ ماقالىمىزنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكەن. قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كەلسە شۇنى تەكرارلاش كېرەككى، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئانىسى ھەمرابۇۋى سەككىز پەرزەنت تەۋەللۇت قىلغان ۋە بەشىنچى بالىسى مەھمۇد ھېكىمبەگكە ئامراق بولغان. شائىر ئۆزىگە «ھەمرايى» دەپ ئات قويۇپ، بۇ مەرسىيەسىنى باشلىغاندا، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىنى تەمسىل قىلىپ، تار مەنىدە ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى روشەنلىكىنى ئىزھارلىغان. ئەگەر ئاتا - ئانا ۋە بىرلا ئوغۇل شۇكىرلىلاردىن ئىبارەت ئۈچ كىشىلىك ئائىلىۋى روشەنلىك ھاسىل قىلغان دېيىلسە، «بولسا گەر ئوغلانلىرى كەنئانىنىڭ ئۇندىن بۆلەك، سەن ئايال مەزلۇمغا قىلدىڭ ئۇنى يەپ - يەك ئىختىرا» دېگەن بېيىتنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

بۇ غەزەلنىڭ ئىككىنچى بېيىتىدىكى: «بىلىدىم مەپ - ھۇم يۈزۈڭنى كۆرسىتىشكە يى رەھىم، سالغىنىڭدۇر باشقا فۇرقەت، دىلغا ئوتلۇق ئىلتىجا» دېگەن ئىككى مەنبەچىلىك كۆز قارىشىدىكى سادىدا دېئالېكتىك ئامىلغا ئىگە پىكىرلەرنى ھازىرقى زامان ئېڭىغا ئىگە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مەنىۋى قاتلىمى دېيىشكە بولمايدۇ. مەلۇم مەنىدە، خۇددى باشتىلار ئېيتقاندەك، بىر پارچە ئەسەرنى نەزەرىيىۋى پرىنسىپلار بويىچە تەھلىل قىلىش ئوڭاي بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ كونكرېتلىقى ۋە ئۇسلۇبى بىلەن مۇئەللىپىنىڭ خاراكتېرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئانچە ئوڭايغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئىجادىيەت خاراكتېرى ئىجادىيەت پسىخىكىسى مەسىلىسىدۇر.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ دېگىنى بويىچە بولغاندا، مۇنازىرە تېمىسىدىكى «يېقىپ ئاۋارە بولماڭ شام تۇتانماس شامىدانىمىدا» دېگەن سەدىرە بىلەن باشلىنىدىغان غەزەلمۇ ئۇنىڭ ئىكەن. بۇ غەزەلمۇ، «بېلىق دەريادا ئۇسسۇزدۇر، چىراغقا تەشنا پەرۋانە» دېگەن غەزەلمۇ كلاسسىك ئۇسلۇب بويىچە «ئىشق» تېمىسىغا باغلاپ يېزىلغان. كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ ئۆز كۆڭلىگە يۈككەن ۋە پەرۋىش قىلىۋاتقان يۈكسەك غايىسىنى ئىپادىلىگەن بۇ

لىرىكىلار «تەزىيە مەكتۇپى» نىڭ تەپسىلىي تەسۋىرى. ئۇلاردا جۇلالىنىۋاتقان نۇر مەيلى قايسى تەرەپتىن ئەكس ئەتسۇن، «تەزىيە مەكتۇپى» دىن ئىبارەت مەركىزىي نۇقتىغا ئۇدۇل چۈشىدۇ ۋە بۇ نۇقتىنىڭ ۋەسلى تەسۋىرىنى يورۇتۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى كەڭ مەنىدە نوقۇل ئائىلىۋى روشەنلىك ھاسىل قىلغان پىكىرلەر دېگەندە، بۇ غەزەللەرنىڭ بىلىش قىممىتى، ئېستېتىك ئەھمىيىتى تۆۋەنلەيدۇ، مۇئەييەن تارىخىي دەۋر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەرمۇ تارىخىي ئوبيېكت بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى ۋە خاراكتېرىدىن مەھرۇم بولىدۇ. كونكرېت ماكان ۋە زامان بىرلىكى ئىچىدىكى تولۇق مەنىگە ئىگە لىرىك خۇسۇسىيەتمۇ يوقىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق پىكىرلەر ئىسيان تۈپەيلى ھىجران ئازابىدا باغرى كۆيگەن، ئەل، ۋەتەن ئىشقىدا ئۆتتەك يانغان مۇھەممۇد ھېكىمبەگدەك شائىرنىڭلا ئەقلىگە كېلىدۇ! يولداش ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن ئائىلىۋى روشەنلىك ھاسىل قىلىپ يازغان ۋە مىسال ئالغان غەزەللىرىدە: «بىر ئوغۇل كۆردۇم جاھاندا، بولدى ئالەم تار ماڭا»، «شۈكرىلىللا، بىر چىنار كۆكسۇم يېرىپ چىققان گويا»، «يېزىدىپسىز خۇش كەرەشمە نەزمىلەر ‹شەيدائىي› ئوغلانىم»، «شۈكۈرۈم ياخشى قال ئەلدە، سېنى قەلبىمگە تاپشۇردۇم»، «خېتىم ئېلىپ ئوقۇپ رەنا، ئوغلانىمغا سالام ئېيتىڭ»، «ئۆتۈپ تۇرغان چېغى ‹شەيدائىي› ئىشق ئىمتىھانىڭدىن» «تۆت ئوغۇلنىڭ سۈرىتىن كۆكسۇم تاقاپ شاشتى دىلىم». دېگەن مىسرالار بار. نوقۇل ئائىلە خاتىرىسى قىلىنغان بۇ شېئىرلارنى كلاسسىك شائىر مەھەمۇد ھېكىمبەگنىڭ غەزەللىرى بىلەن بىر قاتاردا قويغىلى بولمايدۇ.

2) يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «پەرزەنت غېمى ئىزچىل ئىپادىلەنگەن، بالا سۆيگۈسى ئاساسىي تېما قىلىنغان» دېيىلگەن 2 - نۇقتىدىكى مىساللار ئۈچۈن تۆت غەزەل كۆرسەتتى. لېكىن ئۇ شېئىرلاردىن بىرسىنىڭ «دىۋان ھەمرايى» دا:
«قاراكۆل ساھىلىن باستىم، قەدىم تەگرىتېغىن ئاشتىم» دېيىلگەن مىسراسىدىكى «قەدىم تەگرىتېغىن» دېگەن ئالتە بوغۇملۇق سۆز كېيىن «تيانشان ئۈستىدىن» دېگەن ئوخشاش بوغۇملۇق سۆزگە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ۋەزىن چاقامدۇ ياكى «تيانشان نامىنى ئىشۋانوۋ تيانشانسكى... قوللانغاندا، مەھمۇد ھېكىمبەگ ئالەمدە يوق ئىدى» دەۋېلىش ئۈچۈنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن مىساللار «دىۋان ھەمرايى» دىن ئەينەن ئېلىنمىدى ياكى مۇنازىرە تېمىسىدىكى غەزەللەردىن تاللاپ ئېلىنمىدى؟ «دىۋان ھەمرايى» دا «ياقۇپبەگدىن ئىلگىرىكى ۋەزىيەت بىلەن ئوخشاشلىقى بار» «سىياسىي ئىسيانكار پىكىرلەر» يوقمۇ؟ ئۇنداقتا بىز ئىككى ماقالە ئاپتورىنىڭ مۇنازىرە تېمىسىغا ھازىرچە مىسال بولۇپ چۈشمىگەن مىسرالارنى «دىۋان ھەمرايى» دىن ئىزدەپ باقايلى:

«تەۋەككۇل تاشىنى باغلاپ ئۆزۈمنى خاكىسار ئەيلەي،
چىدام تاغىغا سەكرەپ بۇ يۈرەكنى سەنگى سار ئەيلەي.»

«سەبزە مەخمەلدىن كىيىنگەن لالە تاغلارنى كۆرۈك،
ھىجرىدىن جىسمىدا ئاققان قانۇ - داغلارنى كۆرۈك.»

«كۆر، دىلىستانىم ئارا يۈزرەڭ ئېچىلغان قايسى ئوت؟
شەبنەمى قان، ئەترى ئەپقان، بەرگى ھىجران قايسى ئوت؟»

«ئۈمىدىم ۋەسلىنى كۆرسەم، قۇچاقىنى ئۈستىدە ئۆلسەم،
قولىدا قەبرىگە كىرسەم ئېچىلغاي گۈل مازارىمدىن.»
«نائۈمىد بولماي قەلەم ئەجدىھاغا مىنسەم بۈگۈن،
قۇسمىدى مەكتۇپكە گەر باقسام تامام قاندىن بۆلەك»
«پەلەكنى ئۆرتىسەم يانسا، چېقىلسا زەنجىرى ئالەم،
مېنىڭ پەريادۇ ئاھىمدىن يانا بىر كۆك بىنا بولدى.»
«قانسىراپ تۇرغان بۇ ئالەم ‹قان شارابى قۇي› دېدى،
مەستۇ غەرق جەللاد تېغى بولدى شۇ دەم قىنىمدىن جۇدا.»
«بولدى بەس ‹ھەمرايى› بىر كۈن يا ۋىسال ياكى ئۆلۈم،
كۆز يېشىڭنى توسقىلى ئالدىڭدا شەمشەر بولغۇسى.»
«ساڭا ‹ھەمرايى› بۇ فۇرقەت بولۇپتۇ بىر ئۆمۈر كۈلپەت،
بۇ ھىجران قانچىلىك مۆھلەت يېتەرگە ئۆز دىيارىمگە»
«لەھەت ئالدىدا ‹ھەمرايى› كېلىپ تەگكەندە ئۇقياسى،
جاھاندىن بەھس ئېچىپ ئەرۋاھى قاتىلغا سوراق ئەتتىم.»
«قەلەم زەرباپ، كۆزۈڭ خۇناب تۆكەر فۇرقەتتە ‹ھەمرايى›،
ئەلەمدۇر ھىجرى ماچىندىن ئۈرۈپ ئاھ ئۆلگۈنۈم سەنسىز.»

مانا بۇ مىسرالار يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزەرىگە نېمىشقا يولۇقمىغاندۇ؟ ياكى بۇلار «ئىككى بىسلىق» شېئىر تېماتىكىسىغا مەنسۇپمۇ؟ ئېنىقكى، يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كىلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، ئۆتكۈر بەدىئىي سەزگۈ ۋە قىزىقارلىق شەكىل بىلەن ئەينى دەۋر تۇرمۇش مەزمۇنىنى، چوڭقۇر ھەقىقەتنى ئەڭ ئىخچام، ئەڭ يارقىن ئىپادىلەش ئۈچۈن تەمەسسىز ھالدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، شام چىراغ ئاستىدا مىختەك ئولتۇرۇپ يېزىپ چىققان بۇ نادىر غەزەللەردىن مىسال ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

3) «ھازىرقى زامان مۇئەللىپىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىغا مەنسۇپ پىكىر ياكى دىنىي مەجازى ئىبارىلەر ئارقىلىق دىن ۋە تەسەۋۋۇپقا يات، ھازىرقى زامان كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان پىكىر ۋە ئىبارىلەر ئىپادىلەنگەن» دېيىلگەن 3 -، 5 - نۇقتىدىكى مىساللار ئۈچۈن، يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 12 پارچە غەزەل كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن يەتتە پارچىسى مۇنازىرە تېمىسىغا تەۋە بولۇپ، 3 - نۇقتا ئۈچۈن بەش غەزەل تاللانغان. غەزەللەردىكى «ھايۋانات بېغى»، «ئاينىڭ دېڭىزغا يېقىنلىشىشى دېڭىزدىكى ئۆركەشكە سەۋەب بولۇشى ھەققىدىكى بىلىم» ۋە «تەبىئەت نەغمىسى» نى «مەھمۇد ھېكىمبەگ زامانىغا ئائىت ئەمەس» دېگەن؛ «لەھەل لەب كاسەئى جامىڭدا شېرىن شەربىتىڭ يوقمۇ» دېگەن غەزەلنىڭ چۈشۈرگىسىدىكى ئىبارىلەرنى «ھازىرقى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك كاتېگورىيىلىرىگە مەنسۇپ» دېگەن؛ «ئىشىت دىلبەر، كۆڭۈلنىڭ قات - قېتى سۆيگۈڭدە قان بولدى» دېگەن غەزەلدىكى «سۇلايمان قۇمرىسىدىن قاچتىمۇ يا دىۋەئى ھىجران» ئىبارىسىنى «50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ‹باغدات ئوغرىسى› كىنوسىنىڭ كۆرۈنۈشى تەسىرىدە يازغان» دېگەن.
گەرچە بۇ ئاخىرقى سۆز دەل بىز ئىزدەۋاتقان جاۋاب بولسىمۇ، لېكىن بىزگە يەنىلا مۇنداق پاكىتسىز جاۋاب لازىم ئەمەس. چۈنكى 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا «تارىخ بىر

مەزگىل تاڭغا ‹شەيدائى› قىلغان» دا يازغان شېئىرىنى «بىر مەزگىل ‹ھەمرايى› قىلىپ قويغان» دا بۇ غەزەلگە لايىقلاشتۇرغانلىقى ھەققىدە ياكى بىز بىلمەيدىغان ئىچكى ئەھۋالدىن شېئىردى پاكىت كۆرسەتمىگەن.

ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، «بۇلۇتقا قول سېلىپ ئاچسام يوشۇرغان ماھى چولپانىنى» دېگەن غەزەلدىكى «ھايۋان بېغى» (7 - مىسرا) نى ماقالە ئاپتورى تۈز دۇرمايلا «ھايۋانات بېغى» دەپ ئۆزگەرتىپ مىسال قىلسا بولماس! «قاچانكىم بىر مۇبارەك نامىڭىز دىلگە ئايان بولدى» دېگەن غەزەلدىكى «چۈشەن ‹ھەمرايى› ئۆركەشلەر دېڭىز كۆرگەندە ئاي ھۆسنىن» دېگەن مىسرادىكى «بىلدىم» بىلەن ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «تۈمەنلەر ياشىدىن ئەنھار، سۆگەكلەردىن داۋان بولدى» دېگەن مىسرادىكى «بىلىم» گە قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟ شۇڭا كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگنى ئەينى شارائىتتىكى كونكرېت زامان - ماكان ئىچىگە قويۇپ ۋە بۇ غەزەللەرنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، «ھايۋان» بىلەن «باغ» دىن تۈزۈلگەن «ھايۋان بېغى» نى شائىر تەپەككۇرىدىن ھاسىل بولغان مەجازى ئىبارە دېسەك بولماسمۇ؟ بىز «ھەمرايى غەزەللىرى» دىكى:

«قاياقتىن سايرىدى بىلمەم، سەھەر پەرياد بىلەن كاككۇك،
چېچەك بەرگىگە تولدۇردى قۇسۇپ شەبنەم كەبى قانىنى.»
«قاچانكىم بىر مۇبارەك نامىڭىز دىلگە ئايان بولدى،
تۈتۈپ مەشئەل خىيالىم سىز تەرەپ شۇندىن راۋان بولدى.
.........
تاراملاپ ئاقسا كۆز ياشىم تەئەججۇپ بىۋاپا ئالەم،
مېنىڭ پەريادۇ نالەمدىن جىمى قىسمەت بايان بولدى.»

دېگەن مىسرالارنى «تەزىيە مەكتۇپى» گە سېلىشتۇرۇپ باقساق قانچىلىك پەرقلىنىدۇ؟ بۇ غەزەللەردىكى پەلسەپىۋى پىكىر، ئىجتىمائىي مەنزىرە ۋە تەبىئەت مەنزىرىسى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈپ، زامان ئېقىمىدىكى ماكان كۆرۈنۈشى، ماكان ئۆزگىرىشىدىكى زامان كۆرۈنۈشى، شەكىلنىڭ ئابستراكت يۈكسەكلىكى — تارىختىن، تارىخىي ئەينەنلىكتىن ئايرىلمىغان، بەلكى تارىخىي خۇسۇسىيەتنى، تارىخىي چىنلىقىنى شۇنچە يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن، بەدىئىي ئوبيېكتنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

5 - ئۇقتىغا ئىككى غەزەل مىسال قىلىنغان بولۇپ، «ھەبىبىم زىكرىتەي كۆرگىلى دىلىمنى ھىجرى قان ئەتتى» دېگەن غەزەلدىن كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ: «تاۋابى ھۆسنىدە بولماق رەسۇللۇق ئەرشچە ئەلا» دەپ يازغان، لېكىن يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ مىسرادىكى «ئەرشچە» دېگەن سۆزنى «ئەرشىدىن» دەپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. يەنە بىر غەزەلنى: «پىراقىڭ ئاھىدىن كۆيدى پەقىرنىڭ جىسمى شەمشادى، ئەجەل ئوقياسىنى بەتلەر ۋاپاسىز ئۆمرى جەللادى» دەپ باشلاپ، ئاخىرىنى «ئىچىپ فۇرقەت شارابىنى پۇغاندىن چىقتى ‹ھەمرايى›، گۇمانىم ساقى ئالەمۇ ئەمەستۇر ئۇنچە دىلشادى» دەپ چۈشۈرگەن مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئىسمانىغا شەك كەلتۈرگەن. شائىرنىڭ ئۆز ئىسيانىنى مەلۇم مەنىدە دىنىي ئېتىقاد بىلەن باغلىغان ۋە مۇنداق مەجازى ئىبارىلەر ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرىدىن يەنە بارغۇ؟

مەسىلەن:

«تەئەللۇق بارىنى كۈپارلىغا پۇل ئالمايىن ساتتىم،
خۇدانىڭ ئەمرى بۇ دەپ ئەمرىگە مەن بويسۇنۇپ ياتتىم.»

يۇقىرىقى مىسرالاردا تار مىللىي، دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي مەنبەلەر بولسىمۇ، گەرچە ئاددىي يوسۇندىكى مۇنداق سېلىشتۇرۇش مۇۋاپىق بولۇپ كەتمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇلار ئەيىنى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ نورمال ئېتىقادىغا ماس سادا. بۇ روشەن سېلىشتۇرما يۇقىرىقى مىسرالارنىڭ سوتسىيالىستىك دەۋرنى مەدھىيىلەيدىغان غەزەللەر ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بۇ خىل سېلىشتۇرۇشمۇ بولمىغاندا، «ھەمرايى غەزەللىرى» ئۆزئىچىگە ئالغان مەنىۋى ھادىسىلەرنى بىلىشكە ئامالسىز قالىمىز، نېمە ئۈچۈن ئىككى مۇئەللىپنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنى پەرقلەندۈرىمىز، دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمەيمىز. چۈنكى يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ قارىشىچە،«ھەمرايى غەزەللىرى»دە مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئۆز ئىچكى ماھىيىتىنى ئاشۇنداق تولۇق ئاشكارىلىشى مەنىسىز كۆرۈنىدۇ. «ھەمرايى غەزەللىرى» دە ئومۇمىي تۈس ئالغان جەريانمۇ گويا ياسالما، زورمۇزور، سۈنئىي توقۇلما بولۇپ كۆرۈنىدۇ ياكى ئۈنىڭدىن ۋەتەنگە باغلانغان ئىسيان روھى گويا مەلۇم شەخسىي مەنپەئەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ھەمرايى غەزەللىرى» نى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئېستېتىك ئالاھىدىلىكنىڭ ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىغان «ئالاھىدە شارائىتتا ھەمرايى تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان» دېگەنگە چىقىرىۋېتىشى ئاددىنى ئېغىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

گەپنى قىسقارتساق، يۇقىرىقى ھەرقايسى مىساللاردىكى پىكىر ئىزچىللىقىنى قوشقاندا، ئۇلارنى دىن ۋە تەسەۋۋۇپقا يات ھازىرقى پىكىرلەر دېگىلى، ھازىرقى زامان مۇئەللىپىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىغا مەنسۇپ مىسرالار دېگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بۇ مىسرالار «دىۋان ھەمرايى» ئىچىدە كۆرۈنمەيدۇ ياكى قەنتتەك ئېرىپ، ئۈنىڭدىكى باشقا مىسرالارغا مەزمۇنەن سىڭىپ كەتكەندۇ!

4) يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «مەن ئەينى يىللاردا قىزىققان تېما ۋە ئىزدىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئىپادىلەنگەن» دېيىلگەن 6 - نۇقتىدا ئۈچۈن «بۇ پەلەك ئاستىدا ئالەم شاد ھاۋالىق بولمىدى» دېگەن سەددىرىدىكى غەزەلنى تولۇق تېكىستى بىلەن كۆرسەتكەن ۋە ئەسلى ئۇرىگىنالىرىنىمۇ شاھىد قىلغان. شۇ قاتاردىكى شېئىرلاردىن يەنە مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى تىلىغا ئالغان: «ئوقۇپ ‹خەمسە›، كۆرۈپ ‹قانۇن› شىپا ئاختۇردى ھەمرايى، بۇ داستان ئۇشبۇ ئېھساندا ماڭا قاي بىرسى ئىمكاندۇر» دەپ ئاخىرلىشىدىغان غەزەلنىمۇ «تېماتىك مەزمۇنى ناتوغرا ئىزاھلانغان مېنىڭ غەزىلىم» دېگەن. بۇ راستچىل پوزىتسىيە ئەمەس. بۇ ھەقتە قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى شاۋكەت مىرئەھمەت مۇنداق ئىسپات بەرگەن: «دادام مىر ئەھمەتنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بوۋام كېرىم ئىسمام سەككىز ياشلىرىدا دادىسى باقى شەيخ ئەلەم ۋە ئانىسى بىلەن مەھمۇد ھېكىمبەگكە ئەگىشىپ قۇمۇلغا كەلگەن ئىكەن... مەھمۇد ھېكىمبەگ ئۆزۈمچىگە يۆتكىلىش ئالدىدا ئۆز بىساتىدىكى ئەسەرلەرنى بوۋامنىڭ ساقلىشىغا ئامانەت قويغان. 1940 - يىللاردا

AltunOq

ئۇنىڭ ئانا جەمەت تۇغقىنى مىر غىياس قەشقەردىن كەلگەندە، بوۋام: «مەن قېرىپ قالدىم، بۇ ئامانەتنى سەن ساقلا» دەپ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا مىر غىياس بۇ ئامانەتنى ئوغلى ئەلشىر ئارقىلىق ئاتۇشتىكى رىشات مۇساغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. بوۋامنىڭ ئوقۇپ بەرگىنىنى دادام كۆچۈرۈپ ئالغان. دادام ئوقۇپ بەرگىنىنى مەن يادلىۋالغان». ئۇنىڭدىن باشقا، 50 - يىللاردا قايتا قەلەمگە ئېلىنغان «ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ مۇشۇ قاتاردىكى نۇرغۇنلىرىنى رىشات مۇسا بىلەن ئاخۇنۇم ئايەت يادلىغاندەك يادا بىلىدۇ. بۇ ئىككى غەزەلنى تاللىشىش بىرەر كىشىگە ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيالىق بولۇپ كەتمەيدۇ ياكى بۇنىڭدىن مەھرۇم قېلىش بىلەن مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ «ھەمرايى غەزەللىرى» تۈگىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قەلىمىگە تەۋە غەزەللەرنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ كەلدۇق.

5) يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 7 - مەسىلىدە «ھەمرايى» نىڭ يۇرتى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ: «يۇرتقا ئائىت بىرقانچە غەزەلنى مەن ئانامنىڭ ئۆزبېك ئەمەسلىكى، ئۇ سۆزلەپ بەرگەن يۇرت ھېكايىتى بويىچە، يەنە ئاتا - ئانام بىلەن قەشقەر ۋە ئاتۇشتا بىللە بولغان كۈنلىرىمىز خاتىرىسى بويىچە يېزىپ چىققان» دېگەن ۋە مۇنازىرە تېمىسىدىكى «ئىستەرمەن» رادىپلىق غەزەلنى مىسالغا ئالغان. ئۇ: «تېۋۇپ ئېيتقان ئوشۇل ئارتۇش ماكانى مەشھەدى ئوغلان» دېگەن مىسرا «مەشھەدتە تۇغۇلغان ئوغۇل مېنى نەزەردە تۇتىدۇ» دېسە، يەنە: «ئاتام ئارتۇشىدۇر، تۈركۈل مەھەللەم ئازنە مەسچىتتۇر» دېگەندە ئانامنىڭ يۇرت تېگىنى نەزەردە تۇتۇلغان، دېگەن. بىزنىڭچە، يۇرت - مەھەللىنى سۈرۈشتە قىلىش شېئىرىيەتتىكى ئوبرازلىق پىكىر قىلىشتا زۆرۈرى شەرت ئەمەس. چۈنكى، شائىرنىڭ بىلىش ئالاھىدىلىكى شېئىرىي ھېسسىيات ۋە ئىلھام ئالدىدا كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ كونكرېتلىق بىلەن ئابستراكتلىقنىڭ بىرلىكى بولۇپ، تۇرمۇشتىن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن كونكرېت بولىدۇ. دەرۋەقە، يۇرتنى ئىپادىلىسىمۇ بولىدۇ. نۇرغۇن كلاسسىك شائىرلار يۇرتىنى ئۆز ئىسمىغا نىسبەت قىلىش بىلەن چەكلەنگەن. خەلقىمىزنىڭ، شۇنداقلا ئاتۇشنىڭ غۇرۇرى پەخرى بولغان «ھەزرەت سۇلتان» مازىرى جايلاشقان مەشھەدنى يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «تۇغۇلغان يېرىم» دېسىمۇ تامامەن مۇمكىن، لېكىن «تېگى تەرەپ» نىڭ گېپى بولغان ئىكەن، ئوچۇق ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلاردا «تېگى تەرەپ» — ئانا تەرەپنى ئەمەس، ئالدى بىلەن دادا تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ بۇ شېئىرى پەرغانىدىكى ھىجرەت مەزگىلىدە يېزىلغان بىر قاتار شېئىرلىرى بىلەن مەزمۇنەن ئورتاقلىقتا، تىل، ئۇسلۇب جەھەتتىكى بىردەكلىككە ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، «تەزىيە مەكتۇپى»گە ئوخشاشلا، بۇ شېئىردىمۇ ئارتۇش مەشھەد ئوغلانى، تۈركۈل ئازنە مەسچىتلىك «تېگى تەرەپ» توغرا قەيت قىلىنغان.

يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «تېماتىك مەزمۇنى ناتوغرا ئىزاھلانغان مېنىڭ غەزەللىرىم» دەپ كۆرسەتكەن: «سالامىمنى يەتكۈرگىل نازۇ چەشمەم گۈل دىيارىمغە»، «جاھاندا ھېچنېمە يەتمەس مېنىڭ پەريادۇ زارىمغە»

دېگەن غەزەللەردىمۇ كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ ئۆز يۇرتى ئەزىزانە قەشقەرنى، ئەنجۈر ماكانى ئاتۇشنى، شۇنداقلا يەتتە ئەجدادىنى مەجازى ئىبارىلەر ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلىگەن. «كاۋاپ، پەرمۇدىسى لەززەت، كى مەشھەدلىك بازارىمگە»، «نەدۇر بىلمەم گۇناھىم، يا گۇناھى يەتتە ئەجدادىم؟!» دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئۆز دىيارىنىڭ تارىختىكى جەھەتتىكى شان - شەرەپلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىپتىخارلىق ھېس قىلغان، ئىنسانىيەتكە ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئوغۇل -قىزلىرىنى تەقدىم قىلغان بۇ تۇپراقنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى پوئېتىك پىكىر، شېئىرىي مۇھەببەت ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ھۆرمەت ئېھتىرامىنى، سېغىنىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرگەن.

بۇ يەردە مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ يەتتە ئەجدادىنى تىلغا ئېلىشىمۇ «تەزكىرە مەكتۇپى» دىكىدەك بولۇپ، يۈكسەك پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئەسلىگەن. بۇ پىكىرنى شائىر: «يەتتە ئەجدادىم مېنىڭ سۇلتان سۇتۇقنىڭ خادىمى، بار ئىدى ئەتراپىدا بىرنەچچە يۈزلۈك ئادەمى» دېگەن مىسرالاردىمۇ تەكرارلىغان. مانا بۇلار يالغۇز ئەۋلاد سۈرۈشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئاشۇ دەۋرنىڭ سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخاننى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىختىكى ئورنىنى غۇرۇر ۋە ھۆرمەت بىلەن ئەسلەشتۇر.

6) يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «تېماتىك مەزمۇنى خاتا ئىزاھلانغان مېنىڭ غەزەللىرىم» دەپ كۆرسەتكەنلەردىن يەنە ئالتە غەزەل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە: «ئې، ھېكىم رەنجىم شىپاسى ئۇندىن ئۆزگە كار ئەمەس»، «تۆكسە قان گەر گۈل تىكەن چىققايمۇ شەپقەتلىك ھېكىم» دېگەن ئايرىم - ئايرىم ئىككى غەزەلدىن ئېلىنغان مىسرالار توغرىسىدىكى پىكىرىمىزنى «تەزكىرە مەكتۇپى» گە بىرلەشتۈرۈپ باشتا سۆزلەپ ئۆتتۇق. يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ ھەقتە «مۇھتاج سۇبيېكت بىلەن ئۇنىڭ مۇھتاجلىقىنى يەشكۈچى مەجازى ئوبيېكت بىر بولۇپ قېلىپ، شېئىرىيەتنىڭ نېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇشتەك لىرىك ئالاھىدىلىكى يوققا چىقمامدۇ؟» دېگەن. بىزنىڭچە، «ھېكىم» دىن ئىبارەت مەنىداش سۆز ھەر بىر شەكىلدە يېڭى بىر مەنىگە ئىگە بولۇپ، كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ پىسخىك مايىللىقىنى ئوخشاشمىغان پىكىر ئارقىلىق ئوخشاش مەقسەت ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرگەن. بۇ جەريان شائىر ھېس - تۇيغۇسىدا پەيدا بولغان تارىختىي قىياپەتنى ۋە ئۇنىڭغا ماس ئۆز خاراكتېرىنى ماكان - زامان شەكلىگە ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدۇر، ستىلىستىكا جەھەتتىن شائىر ھېسسىياتىنىڭ سەكرەتمىلىكىگە ماسلىشىش رولىنى ئوينىغان جەريانىدۇر. ھالبۇكى، مانا شۇنداق جۇشقۇن ھېسسىيات شېئىرنىڭ جېنى ۋە شائىرنىڭ ھاياتى.

بۇ مىسرالاردىكى سۆز مەنىلىرىنى كۆزىتىش جەھەتتىكى قىسقىچە بايانلىرىمىزدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوبيېكتىپ دۇنيا سۆز مەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل، ئوبيېكتىپ رېئاللىق بولسا سۆز مەنىسىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى ۋە بۇ ئاساستا سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بارلىققا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇلغان مەلۇم تۈس مەنىسى ئىدراكىي مەنىنى بېيىتىدىغان، تولۇقلايدىغان مەزمۇن. بۇ ئالاھىدىلىك سۆز مەنىسىنى كىشىلەرنىڭ ئورتاق چۈشىنىشى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ شەرت ھازىرلاپ بېرىدۇ، كىشىلەرنىڭ سۆز مەنىسىنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە

چۈشىنىۋېلىشىنى چەكلەيدۇ، سۆز مەنىسىنى ئېنىقلىق ۋە تۇتۇقلۇق جەھەتتە ئابستراكتسىيىلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىسرالاردىكى «ھېكىم» سۆزى كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، ئۇ — ھاكىم (مەنسەپ دەرىجىسى)، تېۋىپ، ئادەم ئىسمى قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە. ئۇ مەيلى قايسى مەنىنى ئەسلى مەنە قىلغاندا بولسۇن، قالغان كۆچمە مەنىلىرىمۇ ئۈستىگە يۈكلەپ، بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە باشقا مەنىلىرى ئەسلى مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپ مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىدۇ. كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ يۇقىرىقى مىسرالاردىكى ھېكىم سۆزىنى ئۆزىنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەنسەپ دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان ئەسلى مەنىسى بويىچە ئىشلىتىپ، پەقەت ئوخشىتىش يولى بىلەنلا تېۋىپ دېگەن مەنىگىمۇ ئېرىشتۈرگەن. ھالبۇكى، بۇ مەلۇم مەنىدە ئاشۇ سۆزنىڭ تۇراقلىق مەنىسى بولغان. ئۇنداقتا، كۆچمە مەنە بىزنىڭ ئاشۇ سۆزدىكى ئەسلى مەنىنى چۈشىنىشىمىزگە كاشىلا قىلامدۇ؟ ياق. چۈنكى، مەلۇم بىر سۆز باشقا سۆز بىلەن بىرىككەندە ئۇ ھامان بىرلا مەنىسى بىلەن بىرىكىدۇ، بۇ ئەسلى مەنە بولىدۇ. قوشۇمچە مەنىسى بولسا، ۋاقىتلىق ئوخشىتىلىپ ئىشلىتىلىش جەھەتتە سۆزنىڭ شۇ كونتېكستتا ئوينىغان ۋاقىتلىق رولىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە كونتېكستتا كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ مەنىسى كونكرېتلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، كونكرېت زامان، ماكان ۋە شەرت-شارائىتمۇ سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شەكلى ئاساسەن ئوخشايدىغان كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلىتىلىش دائىرىسى بولۇپ، تۈرلۈك كونتېكستتا تۈرلۈك مەنىدە كېلىشى مۇمكىن، لېكىن توغرا قوللىنىلمىسىلا، ھەرقايسى مەنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تىلىمىزدا ئوخشاش بولۇپ قالمايدۇ. مانا شۇنداق كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى ئىزاھلىغاندا ئۇنىڭ ئەسلى ۋە كۆچمە مەنىلىرى بويىچە تولۇق، ئىخچام ئىزاھلاش لازىم. مىسال كەلتۈرگەندىمۇ يەككە مەنىسىنى كونتېكستتىن ئايرىلغان ھالدا چۈشەندۈرمەي، بەلكى ئۇنىڭ كونتېكستىكى كونكرېت مەنىسى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەندە، سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنى توغرا ئىزاھلىغىلى بولىدۇ. مىساللار چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان سۆزنىڭ مەنىلىرىنى روشەنلەشتۈرەلىگەن بولۇشى، ستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىيەلىگەن بولۇشى، ئىخچام، ئاممىباپ بولۇشى ۋە ئىككى بىسلىق بولۇپ قالماسلىقى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە تىلشۇناسلىقتىكى ماركسىزم-لېنىنىزملىق نۇقتىئىنەزەرلەردە چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەسەر بىلەن ئوبيېكتىنىڭ، يەنى زوقلانغۇچى كىتابخاننىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا شۇنچە ئىشەنگەنۇ، لېكىن نەزەر دائىرىسىنى شېئىردىكى مەقسەتكە، ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىغا تولۇق قارىتالمىغان. شۇڭا مەھمۇد ھېكىمبەگدەك تارىخىي شەخسنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا، جۈملىدىن، كىتابخاننىڭ تەسەۋۋۇر ئالىمىدە ياشاۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالمىغان. «مەنتىقىي نەرسىلەر بىلەن تارىخىي نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىكى» دېگەن ئىبارەت ئىلمىي مېتودولوگىيە

يېڭە سەل قارىغان. بىلىش قورالى بولغان مېتود تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئىلمىي جەھەتتە بىردەك بولغاندا، نەزەرىيە بىلەن مېتود بىردەك بولالايدۇ. ھالبۇكى، كونكرېت ئەدەبىي ھادىسىنى مېخانىك ھالدا ئىزاھلاش ئىلمىي مېتود ئەمەس.

«تېماتىك مەزمۇنى ناتوغرا ئىزاھلانغان مېنىڭ غەزەللىرىم» دېيىلگەن يەنە تۆت غەزەل بولۇپ، ئەگەر كىتابخان «ئىشق» تېمىسىدا يېزىلغان بۇ غەزەللەرنىڭ ماكان-زامان قەۋەتلىرىنى چۈشەنسە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ شائىر تەپەككۇرى ۋە ئىنكاسى بولۇپ ئىپادىلەنگەن بۇ لىرىكىلار كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ تەبىئىتىگە خاسلىقىنى ھەم ماكرولۇق، ھەم مىكرولۇق جەھەتتىن تۈپكى سىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنەلەيدۇ. مەسىلەن، بۇ غەزەللەردىكى «دىلبەر»، «لەيلى»، «شېرىن»، «نىگارىم»، «ماكان»، «بېلىقىم» دېگەن سىمۋوللۇق ئىبارىلەر تار مەنىدە لىرىكىلىق قەھرىمان — «مەن» («ھەمرايى»)نىڭ سۆيگىنى بولسا، كەڭ مەنىدە شائىر قەلبىدىكى ۋەتەن، خەلق، ئارزۇ-ئۈمىد ۋە ئىلھام ئىكەنلىكى ئەقەللىي ساۋات. «لەيلىنى ئىزدەپ چىقار بولسام ئەگەر مەجنۇن بولۇپ» دېگەن غەزەلنىڭ ئاخىرىدىكى: «كۆكلە ‹ھەمرايى› لەھەدتىن ھەر باھار يۇلغۇن بولۇپ» دېگەن مىسرامۇ مەھمۇد ھېكىمبەگدەك ئانىسى شېھىت بولغان شائىرغىلا مەنسۇپ بولىدىغانلىقى سىر ئەمەس. شۇڭا، بىز بۇ غەزەللەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ناتوغرا ئىزاھلانمىغان، ئۇلارنى كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگدىن قاچۇرۇپ، يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە ھەرقانچە تېڭىپ باقسىمۇ يېقىن كەلمەيدۇ، دەپ قارايمىز. لېكىن مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ ماقالىسىدىكى 6-مەسىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار مىساللارنى تەكرارلاشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ۋە «بۇ غەزەللەرنى مەن يازغان» دەپ جاۋاب بېرىپ تۈگەتكەن، ھەتتا «تېماتىك مەزمۇنى ناتوغرا ئىزاھلانغان»، «ئۇنى ئىزاھلاش مەجبۇرىيىتىم بار» دەپ تەكىتلىگەن يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئى، قەلەم دەرياسى دىل دەستانۇ دىۋان دەپتىرى» دېگەن غەزەلدىكى «شاھىدى دىل، زاھىرى تىل بەخش ئارامىم كەۋسەرى» دېگەن مىسرانى نېمە ئۈچۈن «شائىرە دىل، زاھىرە تىل، بەخش ئارامىم كەۋسەرى» دەپ ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ ئېنىق جاۋابىنى قايتۇرمىغان. ھالبۇكى، بۇلاردىكى سۆز شەكلى ھەرقانچە ئۆزگەرسىمۇ، لېكىن ئەسلى مەنبەنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمىگەن.

دېمەك، «تەزىيە مەكتۇپى»، «ئالتۇن كەمەر» ۋە «ئىسيان» قاتارلىق شېئىردى ئەسەرلەرنى بىر گەۋدە دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇلار بىلەن مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ «ھەمرايى غەزەللىرى»نى ھەقلىق يوسۇندا ئوخشاشلىق كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزىمىز. بۇ جەرياندا بىز فرانسىيىلىك فلوبېرنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆردۇق. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «شەيئىلەرنى ئىپادىلەشتە بىردىنبىر بولغان بىر ئىسىم، ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە بىردىنبىر بولغان بىر پېئىل، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بېرىشتە بىردىنبىر بولغان بىر سۈپەت بولۇشى كېرەك. بىز ئۈزۈل-كېسىل تۈردە قېتىرقىنىپ ئويلاپ مۇشۇ بىردىنبىر ئىسىم، بىردىنبىر پېئىل ۋە سۈپەتنى تاپمىغۇچە قويماسلىقىمىز كېرەك. ئاشۇ ئى-

سىم، ئاشۇ پېئىل ۋە ئاشۇ سۈپەت سۆزى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىبارىلەرنى تاپقان بىلەنمۇ بولمايدۇ. پىكىر قىلىشنى تەس كۆرۈپ، شۇنىڭغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان ئىپادىلەر بىلەن ئەپلەپ-سەپلەپ بولدى قىلىش ھەرگىز يارىمايدۇ».

يۇقىرىدا ئوخشاشلىق ئۈستىدە كۆپرەك سۆزلەپ، پەرقىنى ئاز سۆزلىدۇق، يەنى «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلىپ، دەۋر روھى جەھەتتىكى ئالاھىدە ماھىيىتىگە دىققەت قىلىپ كېتەلمىدۇق. بۇ مەسىلە ئۈستىدىمۇ ئازراق توختالمىغاندا گېپىمىز چالا بولۇپ قالىدۇ. مەلۇمكى، ئىجتىمائىي تارىخىي ئۆزگىرىش ئەدەبىياتتىمۇ تارىخىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئاشۇنداق زور تارىخىي ئۆزگىرىش دەۋرلىرىدە ياشىغان كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ ئۆز ئىجادىيىتىدە بۇ يېڭىلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلغان ۋە شېئىرلىرىدا يارقىن ئىپادىلىگەن. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىشىنىڭ تارىخىي كونكرېتلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، پەرغانىدا يېزىلغان «ھەمرايى غەزەللىرى» مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە، شەكلى خىلمۇخىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا 1851 — 1864 - يىللاردىكى تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئىبارەت تارىخىي مۇھىتنىڭ تېپىك روھى سىڭگەن. پەرغانىدىن كېلىپ يازغان غەزەللىرى ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئاساسىدا يېزىلغان ۋە ئۇنىڭ قەلىمىدىن تامغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پەرغانىدا يېزىلغان غەزەللەردەك ئەركىن، تېتىك، نەپىس، كۆپ خاراكتېر ۋە قىسقا بولۇشتەك ئالاھىدىلىكتىن سۇسلىشىپ، دىن - ئېتىقاد جەھەتكە مايىل بولۇشتەك ئايرىم ھالەتنى ئىپادىلىگەن. دېمەك، قىسمەن «ھەمرايى غەزەللىرى» دىكى بەدىئىي چىنلىق يۈكسەك شېئىرىي ئوبرازغا ئايلىنالماي، ئاددىي چىقىپ قالغانلىقتىن، ئۇلار پەرغانىدا يېزىلغان غەزەللەر بىلەن پاراللېل تۇرغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەس. ئەمما 1879 - يىلدىن كېيىنكى شېئىرلار يېڭى تارىخىي ئۆزگىرىش ئىچىدىكى رېئال تۇرمۇش تەسىرىدە يېزىلغان ۋە ئەمەلىي ھېسسىياتقا تېخىمۇ ئورۇن بەرگەن، خىيالدىن كۆپرەك رېئاللىقتا، يېڭى چۈشەنچىلەرگە يۈزلەنگەن. بۇ، ھەر خىل تۇرمۇش شارائىتى شائىرنى ئوخشىمىغان ئىجادىيەت ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى، شائىرنىڭ ئوخشىمىغان تۇرمۇش شارائىتىدىن ئالغان ماتېرىيال، تىل ۋە ئوبراز بىلەن دەۋر روھى، خەلق ھېسسىياتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوخشاشمىغان ھالدا ئىجاد قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. خەلق ھېسسىياتى ھەرگىز مەۋھۇم نەرسە ئەمەس، ئۇ ھەربىر دەۋردە يېڭى مەنىگە ئىگە. ئوخشاشلا يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئالاھىدە ئەھۋالدا ھەمرايى تەخەللۇسىدا يازغان» دېگەنىدىمۇ، بۇ غەزەللەرنىڭ سولچىللىق ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر، ھەتتا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋاقىتلىرىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بىلەن ھېچقانداق تارىخىي باغلىنىشى يوق ياكى بۇ ھالەت «ھەمرايى» تەخەللۇسىدا ئۆزى يازغان قىسمەن غەزەللەردىلا ئاز - تولا ئىپادىسىنى تاپقان. بىز مەسىلىنى مانا شۇنداق كۆزەتمىسەك «ھەمرايى غەزەللىرى» دىكى ئوخشاشلىق بىلەن

پەرقىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەي قالىمىز. «ئالاھىدە ئەھۋالدىكى بەدىئىي چىنلىق» — تۇرمۇش چىنلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى سەنئەتكارنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيە، غايە قىزغىنلىقىنىڭ چىنلىقى ئىكەنلىكىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرالمايمىز.

«دىۋان ھەمرايى» غا تەپسىلىي قاراپ چىقىپ تېخىمۇ ئەتراپلىق باھا بېرىش ئەلۋەتتە كىچىك ئىش ئەمەس. ئۇنىڭدىكى «ھەمرايى غەزەللىرى» بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىجتىمائىي تارىخ تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىن تونۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز «دىۋان ھەمرايى» دىكى بەزى پاكىتلارغا قاراپ، يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغان غەزەللەردىكى خېلى پاساھەتلىك سەترە - مىسرالارنىڭ كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ قەلىمىگە ئوخشاشلىقىنى، لېكىن تەكرار سېلىشتۇرۇلسا پەرقلىنىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدۇق. يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ھەمرايى غەزەللىرى» دىن بېشى، ئوتتۇرىسى ياكى ئاخىرى بولۇشىمۇ تاشلىۋەتمەي، كەم جايلىرىنى «تولۇقلاپ»، ئىچكى قۇرۇلمىسىنى مۇددىئاسىغا لايىق ئىشلەپ، يېڭى - يېڭى غەزەللەرگە ئايلاندۇرغان. مەسىلەن، 1 - غەزەلدىكى 2 -، 9 - مىسرالارغا كىرگۈزۈلگەن «قەشقەر»، «گۈزەل ئاتۇش» دېگەن خاس ئىسىملار ئېنىقكى، كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ شېئىرىي تىلى ياكى ئەينى دەۋرگە لايىق ئېيتىلىشى ئەمەس. قايسىسى تۈزۈلمىسىمۇ ئۇنىڭ غەزەلچىلىك ئۇسلۇبىغا ماس كەلمەيدۇ. بىرىنچە، يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ غەزەلنى ئەسلى تېكىستە ساقلىنىپ قالغان مەزمۇن (جۈملىدىن، كەمتۈك مىسرالار ۋە قاپىيىلەر) ئاساسىدا تولۇقلىغان ياكى ئۆزگەرتكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ غەزەل يەنىلا ئەسلى سىياقىنى ئاساسەن ساقلاپ قالغانلىقتىن، بۇ غەزەلنى يادا بىلىدىغان پېشقەدەملەر «ياۋا سۆزلەر كىرىپ قاپتۇ، بۇ ئەسلى بوۋىمىزنىڭ شېئىرى» دەپ تەستىقلاشتى. مۇنداق ئەھۋال باشقا غەزەللەردىمۇ ئاز - تولا ئۇچرايدۇ. بايقاش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن كىتابخان مۇنداق شېئىرلار ئارىلاشقان «دىۋان ھەمرايى» نى كۆرگەندە، قايمۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، مەلۇماتلىق ۋە ئەدەبىي جەھەتتىن تەربىيىلەنگەن ياكى ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي دىت، ئۇسلۇب خاسلىقى، تىل ئالاھىدىلىكى، ئىجادىيەت ئۆزگىچىلىكىگە توغرا تەبىر بېرەلىگەن ۋە ئۇنى شائىرنىڭ غايە سىستېمىسى بىلەن باغلاپ چۈشىنىدىغان كىتابخان «دىۋان ھەمرايى» دىكى كلاسسىك ئەدەبىياتتىن بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزغىچە چېتىلغان بۇنداق زور ئەدەبىي ھادىسە ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى دەسلەپتە سوراپ سېلىشتۇرغان «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە بۇلغىنىپ كەتكەنلىكىنى، تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ھېس قىلغانىدى، ئۆزىنىڭ قولىدىكى ۋە باشقىلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىكى «ھەمرايى غەزەللىرى» بىلەن سېلىشتۇرۇپ، پەرقىنى تېپىشقا باشلىغان. ئۇ ماقالىسىنى يازغان (ياكى ئېلان قىلغان) دىن تاكى كۆزى يۇمۇلغىچە ئىنچىكە ئىزدىنىپ، ئىلگىرى تاللاپ چىققان «ھەمرايى غەزەللىرى» دىن بەزىلىرىنى شاللىۋەت-

كەن. دېمەك، بىرقەدەر ساغلام بولغان «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ «دىۋان ھەمرايى» بىلەن ئوخشاشلىقى ھازىر 80 پىرسەنتكە يەتمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى كۆزدە تۇتقان نىسبەت پەرقى ئىنكار قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كەسكىنلىك بىلەن: «بۇ شېئىرلار بىردەك بەش بېيىتلىق غەزەل شەكلىدە، ھەمرايى تەخەللۇسىدا بىردەك دەۋر، پىكىر، تېماتىكا، تىل ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، ھەممىسى بىر گەۋدە!» دەپ جاكارلاشقا جۈرئەت قىلغان. ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى، ھەرقايسى مۇھىم ئىچكى ھالقىلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى، تۇراقلىق قۇرۇلما شەكلى قاتارلىق ئىجادىيەتتىكى ئىچكى قانۇنىيەتكە، ئىجادىيەتچىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئىجادىيەت مېتودى توغرىسىدىكى پائالىيەتكە دىققەت قىلىپ تەتقىق قىلىش يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىندىن باشلانغان يېڭى ئىش ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ ئەسلى سىياقىغا زادىلا مەنسۇپ بولمىغان خىلمۇ خىل چۈشەندۇرۇشلەرنى بېرىپ، ئەمەلىيەتتە بۇ غەزەللەرنىڭ كلاسسىك مەزمۇنىنى بۇرمىلىشى، ھەجۋىيلەشتۈرۈشى ياكى چاكىنىلاشتۇرۇشى ۋە ئاخىرىدا مانا شۇنداق يەكۈننى چىقىرىشى تېخى كۆرۈلمىگەن ئەھۋال.

دەرۋەقە، كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ يازغان «ھەمراي غەزەللىرى» نىڭ ئەسلى قول يازمىسى ھازىرغىچە تولۇق تېپىلغىنى يوق. كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىمۇ قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرۈپ ناھايىتى ئاز قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «سوغۇق قول» تېگىپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەسلىنى يوقاتقان. مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى ئاخىرقى نەپەسكىچە ئىزدىشىغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كەڭ، ھەتتا چېگرا ئاتلاپ تارقالغان «ھەمرايى غەزەللىرى» نى تولۇق سېلىشتۇرۇشقا ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن. ئەمما، ئاخىرقى ھېسابتا «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ بىرقەدەر ساغلام بولغان تارىخىي ئاساسىنى پاكىتلار بويىچە تۇرغۇزۇپ چىققان.

### 4. «‹ھەمرايى غەزەللىرى› مۇئەللىپىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىنىڭ تەتقىقات نۇقتىلىرىدىكى بەزى خاتا قاراشلار ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى

كونا قول يازمىلارنىڭ يوقىلىپ كېتىشى بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال، لېكىن «ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ يوقىلىشى ۋە تېپىلىشى ئالاھىدىرەك. مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى بۇ تېما ئۈستىدە 1979 - يىلىدىن بۇيان ھارماي ئىزدەندى، ئاخىر دەسلەپكى تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ «ھەمرايى غەزەللىرى»دىكى ھەقىقەتنىڭ

يۈزىنى ئاچتى. «تەزكىرە مەكتۇپى»، «ئالتۇن كەمەر»، «ئىسيان» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇ ھەقىقەتنىڭ ساھىبجامالى بولدى. «ئالتۇن كەمەر» ۋە باشقا تارىخىي ۋەسىقىلەر — «ھەمرايى غەزەللىرى» ئاپتورىنىڭ تارىخىي ھاياتىغا پاكىت بولدى. بۇلار بىر-بىرىگە باغلانغان ھالدا «ھەمرايى غەزەللىرى» مەھمۇد ھېكىمبەگكە مەنسۇپ بولۇپ، ئۆز ئىگىسىنى تاپتى، بۇ ھەقىقەتنى تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئىشەنگەن كىتابخانىنىڭ قەلبى سۆيۈندى ۋە كۆڭلى جايىغا چۈشتى. يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ ھەقىقەتكە قايىل بولمىدى. ئۇ ماقالە ئېلان قىلىپ، «ھەمرايى غەزەللىرى» گە ئائىت تۆت مەسىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىغان بەزى مەسىلىلەردە، ھەقىقەتنىڭ يۈزىگە شۇ قەدەر ھىم تۇۋاق ياپقانىكى، ھەم «نەزەرىيىدىن»، ھەم «ئەمەلىيەت»تىن سۆزلەپ باشقىلارنى ئېغىز ئاچالمايدىغان ھالەتكە يەتكۈزمەكچى بولغان. بىز بۇ ماقالىنى تەكرار ئوقۇپ، كىتابخانلارنى توقۇلما تەتقىقاتلار تۇمانلىقىغا باشلىۋەتكەن سىرنى تونۇپ يەتتۇق. شۇڭا، ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى بەزى پرىنسىپلىق خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز.

1. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر:

1) «ھامۇت مەھمۇدى مەھمۇد ھېكىمبەگنى ياقۇپ بەگ دەۋرىدە ‹شاغاۋۇل›، ‹ھۆددىچى› قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان، دەيدۇ. ۋەھالەنكى، ياقۇپ بەگ ھىجرىيىنىڭ 1282 - 1294 - يىللىرى (1866—1877) ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ‹تەزكىرە مەكتۇپى› ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرگە كىرىشىدىن 13 يىل ئىلگىرى يېزىلغان بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىت دەل ئاپپاق خوجىنىڭ ئوغلى ئەھمەتخان تۆرە، ئۇنىڭ ئوغلى بۇرھانىددىن خوجا، ئۇنىڭ ئوغلى سالىھخان تۆرە، ئۇنىڭ ئوغلى ۋەلىخان (بۇزرۇك خان) تۆرە زامانىغا، قوقەن خانلىقىغا خۇدايارخان (1842—1876) ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ... ئەگەر مۇنداق بولغىنىدا مەھمۇد ھېكىمبەگ قوقەن خېنى خۇدايارخان ۋاقتىدا ۋەلىخان تۆرىگە ئەگەشكەن ۋە ياقۇپ بەگ قەشقەرگە سەپەر قىلغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن بولۇپ چىقىدۇ، بۇ ھامۇت مەھمۇدىنىڭ مەھمۇد ھېكىمبەگ تەيپىڭ تيەنگو (1851 - 1864) ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشقان دېگەن ھۆكۈمگە زىت بولۇپ چىقىدۇ... مەھمۇد ھېكىمبەگ تەيپىڭ تيەنگو تەسىرىدە «ئىنقىلاب» قىلغانمۇ ياكى ‹يەتتە خوجا توپىلىڭى› تەركىبىدىكى ۋەلىخان (بۇزرۇك خان) تۆرە تەسىرىدە، خۇدايارخان تەسىرىدە ئىسيان قىلغانمۇ؟ بۇ مەسىلىلەر مەھمۇد ھېكىمبەگ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان-بولمىغان غەزەللەرنى پەرقلەندۈرۈشتە مۇھىم نۇقتا»

يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ يەكۈندە ئۈچ نۇقتىنى خاتا ئىزاھلىغان: (1) ئېنىقكى، «تەزكىرە مەكتۇپى» 1858 -، 1859 - يىللىرى يېزىلغان. ياقۇپ بەگ 1864 -، 1865 - يىللىرى قەشقەرگە كىرگەن. بۇ ئارىدا 13 يىل ئەمەس، بەلكى ئالتە يىل پەرق بار. (2) يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ۋەلىخان (بۇزرۇك خان) تۆرە» دەپ ئىككى يەردە تەكىتلىگەن. «يەتتە خوجا» سىستېمىسىدىكى ۋەلىخان تۆرىگە دائىر

ئەك ئاددىي ۋە ئېنىق يىلنامىلەر تۈرسىمۇ، يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۈزرۈك خان تۆرە بىلەن ئۇنىڭ تاغىسى ۋەلىخان تۆرىنى بىر ئادەم قىلىپ قويغان. (3) ۋەلىخان تۆرە قەشقەر قىزىل ۋادىسىغا ئادەم كاللىسىدىن ھەر بىرى 12 گەز ئې-
گىزلىكتە تۆت مۇنار ياساپ (ھەتتا قىلىچ سوۋغا قىلغان نومۇرچىنىڭ ئوغلىنىمۇ شۇ قىلىچتا چېپىپ تاشلاپ)، قەشقەردە بار - يوقى بىر نەچچە ئاي ھۆكۈم سۈ-
رۈپ، ئاخىر بۇلاپ - تالىغان ئالتۇن - كۈمۈشنى ئېلىپ قوقەنگە قېچىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن مەھمۇد ھېكىمبەگ پەرغانىگە ھىجرەت قىلغان. شۇنداقلا، مەنچىڭ ھۆ-
كۈمىتى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىچكىرىدىن قوزغىلىپ كېلىۋاتقان تەيپىن تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرگەن سىدىق بەگنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ يۇرتىغا قايتقان، ھەتتا خوجىلارنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلماسلىق توغرىسىدا ئۇنىڭغا مەسلىھەت كۆرسەتكەن. دېمەك، مەھمۇد ھېكى-
مبەگنىڭ قەشقەرگە قايتىشى ياقۇپ بەگنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇن.

2) «مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇ باشلىنىش ئەزىلى قانداق قىلىپ ‹تەزدىيە مەكتۇپى›
نىڭ ‹ئەينەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى›غا كىرىپ قالدى؟مەن ھىيلە ئىشلىتىۋاتامدىم
ياكى بىرەر نىلىسىم كۈچ مەھمۇد ھېكىمبەگكە ماڭا ئوخشاش بېيىت يېزىشنى ئورۇن-
لاشتۇرۇپ قويغانمۇ؟»

يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ پىكرىدە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىككى خاتا نۇقتا بولۇپ، ئاشكارا مەزمۇنى پاسسىپ، يوشۇرۇن مەزمۇنى ئاكتىپ بولغان. (1) ماقالە ئاپ-
تورى XX ئەسىردە ياشاۋاتقان «مەن» نى ئالدىغا، XIX ئەسىردە ئۆتكەن مەھمۇد ھېكىمبەگنى كەينىگە قويغان، مەھمۇد ھېكىمبەگ بىلەن ماقالە ئاپتورى ئارىلىقىدا بىر ئەسىر مۇساپە ياتقانلىقىدىن ئىبارەت روشەن ۋاقىت چېكىنى نەزەرگە ئالمىغان. (2) ئۆزىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ تارىخىي ۋە ئىجادىي ئورنىنى تۆۋەن چاغلىغان. مۇنداق خاھىش ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى كۆپ جايلاردا ئىپادىلەنگەن.

2. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئەسەرلىرىگە دائىر مەسىلىلەر:

بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئايلىنىپ كېلىپ يەنە مەھمۇد ھېكىم-
بەگنىڭ تارىخىغا چېتىلىدۇ. مەسىلەن:

1) «‹تەزدىيە مەكتۇپى› خۇددى 120 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەندەكلا، ‹كېيىنكى كۈنلەردە لازىم بولىدۇ›، ‹ۋاقتى سائىتى كەلگۈچە ساقلا› دېگەن تەۋسىيىلەر بىلەن ئاتۇشقا كەلتۈرۈلگەن ... ۋە چاپلاش تەلەپ قىلىنغان»

بىز بۇ ھەقتە باشتىلا توختالغان. ئەمدى شۇنى سوراپ باقايلىكى، بۇ سۆزلەرنى «تەزدىيە مەكتۇپى»دىكى سۆز دەپ چۈشەندۈرۈش يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ئۇنىڭ«مەن جۇدۇن - چاپقۇن ئىچىدە ئۆتكەن ھايات تەجرىبەم بويىچە ئىزچىل تۈردە ئارخىپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن» دېگەن سۆزى بويىچە ئالغاندىمۇ، «تەزدىيە مەكتۇپى» نى ساقلاشقا بولمىدىكەنغۇ؟ «ئەمما مەن بۇنىڭ خۇددى ‹تەزدىيە مەكتۇپى›دە تىلغا ئېلىنغاندەك لازىم بولمىدىغانلىقىنى خىيال قىلمايتىكەن-

مەن» دېگەن گېپىنى يەنە قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ناھايىتى ئېنىقكى، «تەزىيە مەكتۇپى» دىن ئىبارەت بۇ ماددىي پاكىت يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى ئەندىشىگە سالغان.

2) «ھامۇت مەھمۇدىنىڭ ماقالىسىگە قارىغاندا، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئائىلىسىدە بىر ئاتا (مىرئەھمەد شەيخ ئاخۇنۇم)، بىر ئانا (ھەمراھ بۇۋى)، چوڭ ئوغۇل ئابدۇرېھىم ئەلەم ۋە مەھمۇد ھېكىمبەگدىن ئىبارەت تۆت كىشى بولغان»

مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ ماقالىسىدە «چوڭ ئوغۇل» دېيىلمىگەن. ئۇندىن قالسا، «تەزىيە مەكتۇپى» دىكى «ئاكام جالالىخان»، «ئىبراھىم ئاكام» دېيىلگەن سۆزلەرنىمۇ يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن نەزەرگە ئالمىغان. بۇ تەتقىقاتتىكى بىپەرۋالىق ئەمەس، بەلكى «تەزىيە مەكتۇپى» دىن گۇمانلىنىش ۋە گۇمانغا سېلىش ئارقىلىق، ئۇنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇش.

3) يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «تەزىيە مەكتۇپى»، «ئالتۇن كەمەر»، «ئىسيان»، «مۇزلىدى»، «چېچەك بولدى» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەرنى چالا - پۇچۇق ئېتىراپ قىلغانۇ، لېكىن مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ «ھەمرايى غەزەللىرى» ئۈستىدە گويا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان قىياپەتتە سۆزلىگەن ياكى ئەسلى مەنبەنى ئۆز ئەينى بويىچە مىسال قىلماي، ئۆزگەرتىپ ئېلىپ، ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنغان.

3. تەتقىقات ئىستىلى ۋە ئۇسۇلىغا دائىر مەسىلىلەر:

يۇقىرىدىكى ئىككى مەسىلىمۇ تەتقىقات ئىستىلى ۋە ئۇسۇلىغا دائىر بولۇپ، ئۇندىن باشقا كونكرېت پاكىتلار تۆۋەندىكىچە:

1) «ماقالە ئاپتورى ‹تەزىيە مەكتۇپى› نىڭ ‹ھەمرايى› تەخەللۇسىدا يېزىلغانلىقى (ۋەھالەنكى ئۇ چاغدا ‹ھەمرائى› دېيىلىشى كېرەك ئىدى)نى، بولۇپمۇ بۇ شېئىرنىڭ ‹قىل ئىنايەت ۋەسلىدىن دىدار ماڭا ھاجەت خۇدا› دېگەن بىرىنچى مىسراسىنى بىر ئىلمەك قىلىپ، ‹كونىشەھەر ئەدەبىياتى› دا ئېلان قىلىنغان ‹ھەمرايى غەزەللىرى› نى مۇتلەق ۋە شەرتسىز ھالدا مەھمۇد ھېكىمبەگكە تەۋە قىلىپ قويماقچى بولغان. ھەتتا بۇنى ئاز كۆرۈپ، بۇ شېئىرنى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ پەۋرىسى ياكى چەۋرىلىرىدىن بىرى دەپ تونۇشتۇرۇلغان رىشاد مۇساغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنى ئەقلىي ‹مۇھاپىزىتى› ئاجىزلاپ، ‹مېڭىسىدىن كۆپى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن› بۇ ‹مىراسخور› غا مەھكەم باغلاپ قويماقچى بولغان!»

يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ يەكۈندە ئۈچ نۇقتىنى خاتا ئىزاھلىغان. (1) «كونىشەھەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر قولىدا بار «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ قول يازمىلىرى ئىنكار قىلىنغان. (2) «دىۋان ھەمرايى» نى «مۇتلەق ۋە شەرتسىز ھالدا مەھمۇد ھېكىمبەگكە تەۋە قىلىپ قويغان» دەپ، مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ «80 پىرسەنت ئوخشايدۇ» دېگەن گېپىدىكى نىسبەتنى پەرقلەندۈرمىگەن. (3) رىشاد مۇسانىڭ «بوۋامنىڭ شېئىرلىرى ماڭا ياد بولۇپ كەتـ

AltunOq

كەن ... ئەقلىي مۇھاپىزىتىم ئاجىزلاپ، بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپى مېگەمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى» دېگەن گېپىنى «مېگىسىدىن كۆپى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن» دەپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇ ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس.

2) ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىگە خۇشتار كىتابخانغا مەلۇمكى، غەزەلنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى بېيىتلىرى قوشۇلسا، بىر پۈتۈن غەزەلنىڭ شەكلى پۈتۈنلۈكىدە مەزمۇن روشەنلىكىنى ئاساسەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئەنئەنە ھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق. ھالبۇكى، يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەيلى مۇنازىرە تېمىسىدىكى ياكى ئۆزى يازغان «ھەمرايى غەزەللىرى» دىن مىسال ئالغاندا، يۇقىرىقى نۇقتىغا ھۆرمەت قىلماي، خالىغان جايىدىن ئۈزۈپ - ئۈزۈپ مىسال ئالغان. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ مىساللار خۇددى ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇغىنىدەك ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلى مەنبەگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان، ھەتتا ناھايىتى دىققەت قىلمىسا، خاتا جاۋاب بېرىلمىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. ئۇندىن قالسا، مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ بەزى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ياندىپ ئۆتكەن ياكى ئوخشاش مەسىلىدە قويۇلغان سوئالغا ئالدى بىلەن ئۆزى جاۋاب بەرمەي تۇرۇپلا يەنە ياندۇرۇپ سوئال قويغان ۋە غەيرىي سوئاللارنى قىستۇرۇپ، مۇھاكىمە تېمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرغان. بىزنىڭچە، بۇنداق سۇيىئىستېمالچىلىق يازغۇچىلىق كەسپىي ئەخلاقىغا يات.

3) يولداش ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ بۇ تەتقىقاتىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقىدىن ئاغرىنغان، ئەيىبلىگەن، ھەتتا ئاچچىقى كېلىپ، ئۆز ماقالىسىدىكى ھەر دوقمۇشتا دېگۈدەك «ئىزدىنىش يولىدىن چەتنىگەن»، «بولمىسا بۇ قانداق تاسادىپ سىر؟»، «بۇلار ھەممىسى سۈنئىي ۋە زورمۇ زور توقۇلما ئەمەسمۇ؟»، «ئۇنىڭ ھەقىقىي مۇئەللىپى ياكى تەھرىر - تولۇقلىغۇچىسى زادى كىم؟» دېگەندەك زەردىلىك سوئاللارنى قويغان. ھەتتا: «مەن ھامۇت مەھمۇدىنىڭ جاسارىتىگە قايىلمەن. ئۇ كىشى ‹يەتتە خوجا توپىلىڭى› دىكى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ... دەك مۇھىم تارىخىي مەسىلىنى يۈرەكلىك ھالدا ‹ئىنقىلاب› دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چىقالىغان» دېگەن ياكى مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنى «سۈنئىي ۋاستىلەر ۋە ياسالما تەلقىن» بىلەن بىر پۈتۈن قىلىپ «مەھمۇد ھېكىمبەگ ياكى شۇ كىشىنى نەزەردە تۇتقان ‹ھەمرايى ئەسەرلىرى› نى ياساپ چىققان» دەپ ئەيىبلىگەن. گەپكە گەپ كەلگەندە ئوچۇق ئېيتىش كېرەككى، مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى توغرا نىيەت بىلەن ئۆز تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ھاياتى، ئىجادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتىگە توغرا باھا بەرگەن. ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا بىر يېڭى تېما قوشۇپ خىزمەت كۆرسەتكەن، ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، پاك ۋىجدانى بىلەن كەتكەن. دەرۋەقە، ئىلىم - پەن تەتقىقاتى خاتالىق، تەكرارلىنىش ياكى ئىلمىي پەرەزدىن خالىي ئەمەس. ھالبۇكى، مەھمۇد ھېكىمبەگ تارىخىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەردىكى ياكى «ھەمرايى غەزەللىرى» نى سېلىشتۇرۇپ رەت-

لەش جەريانىدىكى قىسمەن سەۋەنلىكلەرنىڭ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق. ئەگەر يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەينى شارائىتتا مەھمۇد ھېكىمبەگ ئەسەرلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ ۋە ئۆزى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان بولسا، گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرگەن بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۆزى ئۇنداق قىلمىغاننىڭ ئۈستىگە ھازىر «ئۆزۈم دېمىسەم خەق ماڭا ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ» دېگەندەك قىلىپ، بۇ يېڭى تەتقىقات تېمىسىنى قوچۇپ «ئاتنى ئايلىخانغا، يولنى سارىخانغا» قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ئەمەس. دەل ئۆزى ئېيتقاندەك: «ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى تىرىكلەر تېنىگە باغلاپ قويۇش ھادىسىسىدىن، مەيلى نىيەت ياكى ئۇسۇل، مەيلى ئاتايىن ياكى ئۇقۇشماسلىق بىلەن بولىدىغان بۇنداق بولمىغۇر ھادىسىدىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. بۇ، ئەرۋاھلىق شەرىپىگىمۇ، تىرىكلىك ۋىجدانىغىمۇ يات». تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە سەممىي ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئىلمىي يول بىلەن ئېلىپ بېرىلمىسا، تەتقىقاتىمىزنىڭ ئوبيېكتى بولغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە قارىتا تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ.

مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدنىڭ توغرا بايانى بويىچە ئېيتقاندا، «ھەمرايى غەزەللىرى» خەلقىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۆزىگە خاس تارىخىي ئىمدىيە بىلەن ئۆزىنى بېيىتىپ، ئىلمىي قىممەتكە ئېرىشكەن. بۇ مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئىجادىيەت تەرەققىياتىدىكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت بولغان. بۇنداق قاراش ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمنىڭ ئىنكاس نەزەرىيىسىگە ئۇيغۇن. ئەپسۇسكى، يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ھەمرايى غەزەللىرى»نى كۆپ نۇقتىلىق، كۆپ قاتلاملىق كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشتە مۇناسىۋەتلىك ئامىللارغا دېگۈدەك سەل قارىغان ياكى نەزەرگە ئالمىغان. ئۇ باشقىلارنىڭ تەتقىقاتىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرگەندە ياكى ئۇنى تەتقىقلاپ چۈشەندۈرگەندە ئىلمىي مېتودولوگىيىگە ئەمەل قىلمىغان. بۇ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىدىن خەۋەرسىز تۇرۇپمۇ كىشىنى مەسخىرە قىلىدىغان ياكى «شۇنداق بولۇشى ئېھتىمال» دەپ قارايدىغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، بەلكى پەلسەپە، ئېستېتىكا، تارىخ، ئەدەبىيات - سەنئەت ... پەنلىرىنى كۆپ يىل مەخسۇس تەتقىق قىلغان يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ سەۋەنلىكى. ئەگەر كېيىنمىزدىن شۇبھىلەنگۈچىلەر بولسا، يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ھەمرايى غەزەللىرى» توغرىسىدىكى ماقالىسىنى قايتا ئوقۇپ كۆرگىنى تۈزۈك.

### 5. مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ ۋەسىقىلىرى توغرىسىدا ئۇچۇر

يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ھەمرايى غەزەللىرى»گە ئائىت ماددىي ئۇچۇرلارنى تەلەپ قىلغان. بىز ئەمدى شۇ ھەقتە سۆزلەيمىز:

1) ئالتۇن كەمەر. ئۇ كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، زەردىن ھەل بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئەركەك توقىسى تەرەپ ئۈزۈلگەن، ھازىر 11 توقىسى قالغان. كەمەرگە ئورنى-

تىلغان بىرىللىيانت كۆزدىن يەتتىسى بار. قالغانلىرى يۇتكەن، ھەربىر توقمنى ئۈچ تال كۆمۈش سىملىق زەنجىر چېتىپ تۇرىدۇ. كەمەر تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا تەكشۈرۈلمىدى، لېكىن ئاددىي كۆز بىلەن سىنچىلاپ قارىغاندا، كەمەرنىڭ ھەربىر توقمىسىدا بىر ھەرپ (ياكى رەقەم) شەكلى كۆرۈنىدۇ. شۇنداقلا، ھازىرقى ھالىتىدىن ئەينى دەۋرنىڭ ناھايىتى يۇقىرى، نەپىس مىللىي ھۈنەر - سەنئىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ كەمەرنىڭ مەللەرەڭ بۆز قاپچۇقى بار. ئالتۇن كەمەرنى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئوغلى مۇسا خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى ھارۇن ھاجىم ساقلىغان. ئۇ 1944 - يىلى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئىلى سۈيدۈڭدىن مىر ئەھمەت خوجام (تاش خوجام ئوغلى) ئارقىلىق ئاتۇشتىكى ئىنىسى رىشاد مۇساغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. رىشاد مۇسانىڭ ئېيتىشىچە، كەمەرنىڭ ئەركەك توقمىسىدا رەقەم بولۇپ، «341» ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكەن، لېكىن كەمەرنىڭ بۇ توقمىسى 1948 - يىلى ئامانەت قويغان يەردە يوقىلىپ كەتكەن. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ھازىرقى ھايات ئەۋلادلىرى: «بۇ كەمەرنى بابامىز سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بېلىگە باغلىغان ئىكەن» دەيدۇ. 1970 - يىلى سوۋېت ئارخېئولوگلىرى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە يېقىن جايدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قازغاندا چىققان بىر قىسىم ئاخىرەتلىك بۇيۇملار قاتارىدىكى ئالتۇن كەمەردە قەدىمكى تۈركچە ھەرپلەرنىڭ بارلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بىزنىڭچە، بۇ ئالتۇن كەمەرنىڭمۇ تەتقىقات قىممىتى ۋە ئاسارەئەتىقە ئەھمىيىتى بار.

2) بىر پارچە بەش مۆھۈرلۈك ۋەخپە خەت بار. مەزمۇنى مەھمۇد ھېكىمبەگ نامىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ زاراتگاھلىقىغا ۋەخپە قىلىنغان ئۆي - زېمىن توغرىسىدا بولۇپ، ھىجرى 1316 - يىلى يېزىلغان.

3) بىر پارچە ئىككى مۆھۈرلۈك يەر خېتى بار. ھىجرى 1266 - يىلى يېزىلغان.

4) بىر پارچە شەجەرە بار. بۇنىڭدا مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئۈچ ئەجدادى ۋە بىر قورساقتىن چۈشكەن تۇغقانلىرى تونۇشتۇرۇلغان. يېزىلغان ۋاقتى چۈشۈرۈلمىگەن، لېكىن قەغەز، قەلەم، يېزىقلار پۈتۈنلەي كونا.

5) «تەزىيە مەكتۇپى» بار. بۇ 1956 - يىلى قىرتىنداش قەلەمدە تىترەت قەغىزنىڭ ئالدى - كەينى تۆت بەتكە كۆچۈرۈلگەن. كۆچۈرگۈچى رىشاد مۇسا، گۇۋاھ، شاھىد، ۋاقتى، كۆچۈرۈش سەۋەبى ئېنىق يېزىلغان.

6) «مۇزلىدى» ناملىق شېئىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانغان بولۇپ، كۆرگەن ۋە كۆچۈرۈپ ئالغانلار قاتارىدا يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنمۇ بار.

7) 1960 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئىشلەنگەن «كلاسسىك ئەدەبىيات قول يازمىلىرى كاتالوگى» دا قەشقەرلىق مەھمۇد غېرىبى يازغان «يۈسۈپ - زۇلەيخا» داستانى تىزىملانغان. قول يازما ئابدۇراخمان جامىنىڭ شۇ ناملىق پارسچە نۇسخىسىغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغانلىقى، 1955 - يىلى كۆچۈرۈلگەنلىكى، 236 بەت بولۇپ، شىنجاڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى تونۇشتۇرۇلغان.

7) 1947 - يىلى غۇلجىدا نەشر قىلىنغان «كۈرەش» ژۇرنىلىنىڭ 6 - ، 7 - سا-

ندا ق. ئوسمانوپ ئېلان قىلغان «1864 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا بولغان قوزغى- لاڭلار» دېگەن ماقالىدا مۇنداق يېزىلغان: «مەھمۇد مىرزىھەمەت شەيخ ئاردىپ ئوغلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. تارىخ توغرىسىدا ئۇنىڭ بىرنەچچە قول يازمىلىرى بولۇشى قىياس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قول يازمىسى ماۋزۇسىز بولۇپ، ك. زالمان تەرىپىدىن شەرتلىك رەۋىشتە ‹تارىخ نامەئى ياقۇپ خان› دەپ ئاتالدى. بۇ ئەسەر 1898 - يىلى يېزىلىپ چىققان. ئەسەرنىڭ بىر قىسمىدا كۇچار ۋە قەشقەر- دىكى قوزغىلاڭلار توغرىسىدا رەتلىك يېزىلغان، قالغان قىسمى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يىقىلىشى توغرىسىدا بارىدۇ ... بۇ يەردە مۇندىن باشقا يەنە بىر قول ياز- مىنى ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ قول يازما 32 بەتلىك بولۇپ، يېزىش ئۇسۇلى، ماتېرىياللارنىڭ ئورۇنلىشى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئەسىرىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ. شۇ- نىڭغا قاراپ بۇ ئېگىسىز قول يازمىمۇ ھېكىمبەگنىڭ ئەسىرى دېگەن پىكىر تۇغۇلىدۇ».

قوشۇمچە: 1986 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تارىخىي ھەمىدى» نى نەشرگە تەييارلىغان يولداش ئەنۋەر بايتۇرنىڭ بۇ كىتابقا يازغان «موللا مۇسا سايرامى ۋە تارىخىي ھەمىدى» ناملىق تەتقىقات ماقالىسىدە مەھمۇد شەيخ غېرىبىي تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخنامە ياقۇپ خان» دېگەن ئەسەرنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلگەن. يولداش ئەنۋەر بايتۇر بىلەن ئالاقىلاشقاندا، ئۇ: «تارىخنامە ياقۇپ خان» 1911 - يىلى لېنىنگراد (پېتىربورگ) دا ئېلان قىلىنغان «ئاسىيا مۇزېيىدىكى مۇسۇلمانچە قول يازمىلار (590) 8772» ناملىق كاتولوگىنىڭ 14 - بېتىدە كۆرۈلىدۇ، ئەسلى قول يازما لېنىنگراد ئېرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا» دېگەن جاۋابنى بەرگەن. يولداش ئەنۋەر بايتۇر بۇ خېتىدە يەنە: «سوۋېت ئالىمى م. ف. گاۋرىلوۋنىڭ 1927 - يىلى ئېلان قىل- غان ‹قەشقەر ھۆكۈمرانى ياقۇپبەگ ــ بەدۆۋلەت تارىخى› (رۇسچە) ناملىق ئەسەرنىڭ 125 - بېتىدە بۇ كىتاب ھەققىدە توختىلىپ، ئاپتور مەھمۇد شەيخ غېرىبىنىڭ قەشقەر- لىق مىر ئەھمەت ناملىق كىشىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان» دېگەن خەۋەرنى بەرگەن.

9) مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى 1979 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئابلىز مەخسۇم (ئابدۇقادىر داموللام ئوغلى) نىڭ ئۆيىدە مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ بىر قىسىم «ھەمرايى غەزەللىرى» نى كۆرگەندە كۆچۈرۈپ ئالغان نۇسخىسى بار.

10) 1982 - يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىدا يولداش نىزامى- ددىن ھۈسەيىن «‹زەپەرنامە› داستانى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىپ، بۇ تارىخىي داستاننىڭ ئاپتورى مەھمۇد ھېكىمبەگ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بەزى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، «زەپەرنامە» نى يولداش نىزامىددىن ھۈسەيىن قاغىلىقتىكى راشىدىن ئەلەم ئوغلى راشىدىن مۇپتىنىڭ ئوغلى ئابلىمىت مەخسۇمدىن ئال- غانلىقىنى ۋە ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ: «دادام راشىدىن مۇپتى: ‹بۇ كىتابنى چىڭ ۋە ئېھتىيات بىلەن بەلگىلىك، مۇھىم جايدا ياخشى ساقلاڭ!› دەپ ۋەسىيەت قىلغان. دادامدىن ماڭا يەنە 300 دەك رىسالە قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممىسى

قولۇمدىن كېتىپ 13 رىسالە قاپتۇ. خۇدايىم ھەممە گۇناھىمدىن ئۆتسىمۇ، لېكىن دادامنىڭ ئاشۇ ئامانىتىنى يوقىتىۋەتكەنلىكىمنى كەچۈرمەس» دېگەنلىكىنى تونۇشتۇرغان. دېمەك، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئەينى چاغدىكى كاتىپى موللا ئابدۇللا ئىشان (ياكى موللا ئابدۇللا داموللام) دېگەن كىشى ئەسلى ئاتۇشلۇق بولۇپ، كېيىنكى سورۇقچىلىقلاردا قاغىلىقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. «زەپەرنامە»نى ساقلىغان كىشىلەر ئاشۇ كىشىنىڭ ئەۋلادلىرى.

12) يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرى ھەققىدە ئۇچۇر بار، لېكىن ھازىرچە تېپىلمىدى.

### 6. بىرنەچچە ئېغىز ئىزاھات

كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ «ھەمرايى غەزەللىرى» توغرىسىدىكى بۇ ماقالىنى تەييارلاش جەريانىدا يەنە بىر «ھەمرايى» ناملىق شائىرنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بۇ «ھەمرايى» ئاتۇشلۇق چوڭ باي ئەنۋەر خوجىنىڭ ئايالى بولۇپ، مەلۇماتلىق شائىر بولغان. بىراق، بۇ ھەقتە ئاشۇ گەپتىن باشقا يېڭى مەلۇمات ياكى ئىجادىيەت پاكىتلىرىغا ئېرىشەلمىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى ئىزاھلاپ قويۇشنى ۋىجدانىي بۇرچ دەپ قارايمىز. بۇ مەسىلىدە بىزنىڭ پىكرىمىز مۇنداق: (1) بىزنىڭ ماقالىمىز ئىككى ماقالە ئاپتورىنىڭ مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە تېمىسى بولغان «ھەمرايى» ئۈستىدە بولۇپ، تەتقىقات تېمىمىز ئېنىق. ئەگەر يۇقىرىدا دېيىلگەن «ھەمرايى» كېيىنكى تەتقىقاتلار جەريانىدا ئېنىقلانسا تېخىمۇ ياخشى. ھېچ بولمىغاندا، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلايدۇ ۋە دەلىللەيدۇ. مەسىلەن، «ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىپ قېلىش ئەھۋالى بار-يوقلۇقى، ئۇنىڭغىمۇ «سوغۇق قول» تەگكەن-تەگمىگەنلىكى جەھەتلەر روشەنلىشىدۇ. (2) يەنە بەزىلەر 3-ھەمرايى باشقا بىرسى ئەمەس، بەلكى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئانىسى ھەمراھ بۈۋى شۇ، دەيدۇ. ھەتتا بەزى پېشقەدەملەر «مەھمۇد ھېكىمبەگدىن قالغان شېئىرلار ‹ھەمرايى› نامىدا ئىككى توپلام بولۇپ، بىرسى ھەمراھ بۈۋىنىڭ يازغىنى» دەپ ئىسپاتلايدۇ. تەكشۈرۈشىمىزچە، ھەمراھ بۈۋى مەلۇماتلىق شائىر ئىكەن. «تەزىيە مەكتۇپى» دىمۇ: «مېھرىبان جانىم ئانا! شېئىرىمدا ئات قويدۇم ساڭا، ‹ھەمرايى› دەپ مەھمۇد ھېكىم» دەپ يېزىلغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ سۆز ھەمراھ بۈۋى شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىش ۋە ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن مەھمۇد ھېكىمبەگ ئانىسى «ھەمرايى»نىڭ تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ھەتتا نېمە ئۈچۈن قوللانغانلىقىمۇ تەزىيە مەكتۇپىدا ئېنىق. لېكىن ئۇ ئانىسىنى شائىر دەپ ئېنىق ئېيتمىغان، ھەمراھ بۈۋىنىڭ قول يازما ئاساسلىرى بولمىغان ياكى مەھمۇد ھېكىمبەگ نامىغىلا باغلانغان ھازىرقى ئەھۋالدا بۇ مەسىلىنى ماقالىمىزدە ئالاھىدە ئىسپاتلاش تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، ھەتتا ھازىرچە ھاجەتسىز. چۈنكى، ھازىرقى تەتقىقات تېمىمىز ئىككى ماقالىدە ئوتتۇرىغا چىققان «ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ تەۋەلىكىنىلا ئېنىقلاش بولغاچقا، پەقەت ئىزاھلاش بىلەن كۇپايىلەندۇق. بۇ مەسىلىلەر ئەلۋەتتە، كېيىنكى تەتقىقاتلار داۋامىدا ئايدىڭلىشىدۇ ۋە ئۇ چاغدىمۇ كېچىككەن بولمايدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ماخمۇتجان ئىسلام

AltunOq

ئەلھامجان ئابلىز

# خەلقىم مېھرى دېڭىزدىن چەكسىز

## كارۋان

مەنزىل قوغلاپ يۈرىدۇ كارۋان،
يول - يوللاردا ئۈمىدى گۈلخان.
ھەر نىگاھى سۆبھىدىن دېرەك،
تىنىقلىرى نۇر پۈركەر ھەريان.

دولقۇن ياسار قۇملار دېڭىزى،
سۆبات بېرىپ كارۋانغا ھەردەم.
مەنزىل قۇچار كارۋان كۆلكىسى،
ئۇپۇق سايان تاشلانسا قەدەم.

بارخانلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە
سادا بېرەر كۆمۈش قوڭغۇراق.
كارۋان يۈرەر ئۈمىدىن يۇدۇپ،
كۆلەر ئەنە، مەنزىلى پارلاق.

## تۇپراق مېھرى

كېزىپ يۈرەر چىلان تۇپراق باغرىدا
مانان قوغلاپ ھېسلىرىمنىڭ سەلكىنى.
ئارمانلىرىم سادا بېرەر يىراقتا،
مەنزىل قۇچسا كۆيلىرىمنىڭ يەلكىنى.

تاقىر يەرلەر مەرۋايىتتەك چاقنايدۇ،
ھەر چاقناشتىن جانلىنىدۇ دەقىقەم.
ئارمانلىرىم كۆيى چەكسىز تارايدۇ،
چەكسىزلىكنى ئارمان قىلغان ئەقىدەم.

كەڭ داللار ئۇپۇق بولۇپ قالسىمىگە،
يوللىرىمغا سۆبھى بەردى، نۇر بەردى.
مەنزىل ئىشقى گۈلخان بولسا جىسمىمدە،
روھىم قۇچار ئېزگۈ سادا ئەبەدىي.

تۇپراق بەرگەچ ئەقىدەمگە ئۆلمەس روھ،
پەرۋاز قىلسام ئالقىشلايدۇ كەڭ دالا.
تۇپراق ئىشقى ئەبەدىيلىك سۆيگۈم ئۇ،
كۆيلىرىمدە باغاشلايمەن دائىما.

## دەريا

تاغ ئېتىكى قارايغان شۇدەم،
جىلۋىلىنەر ئاخىرقى چاقناش.
شاۋقۇنلىنار دەريا دەممۇدەم،
سادا بېرىپ كەڭلىككە تۇتاش.

شوخ ۋە ئويناق دولقۇنلار ئارا
يالتىرايدۇ ئاينىڭ شولىسى.
«سىرداشلىق، كەل ...» دەيدۇ گويا،
ئالتۇن رەڭلىك يۇلتۇز جىلۋىسى.

يۈزلىرىمگە سۆيۈدۇ قېنىپ
جىرا بويلاپ كەلگەن شوخ شامال.

ئاق بۇژغۇنلار ئۇنچە چاچرىتىپ،
ھېسلىرىمنى قىلىدۇ قامال.

دەريا تامان كۆز تىكسەم شۇدەم،
گىرۋەكلىرى تۇرار يالتىراپ.
تولۇپ ئېزگۇ ھېسلارغا سىنەم،
خىيال قىلادىم دەرياغا قاراپ...

قاي ئۈمىدتە ئاقىدۇ دەريا
شاۋقۇنلىنىپ كېچە يۇ - سەھەر،
بىر يوشۇرۇن ئارماندەك گويا،
بوي سوزۇپ ئۇ ئۇپۇققا قەدەر.

توختاپ قالماس شىۋىرغان - جۇتتا،
شادلىق بەرگەچ باھار سەلكىنى.
ئىشقى بولغاچ بۇ ئانا يۇرتقا،
ئۆزەر ئۇندا ئۈمىد يەلكىنى.

ۋادىلارنى قىلىپ چىمەنزار،
ھەر باھاردا كۆيلەيدۇ قوشاق.
سەپ تۈزگەندەك پەرىلەر قاتار،
گۈزەل ساھىل سوزۇلغان ئۇزاق.

سوقۇپ شۇدەم تاغ شامالىرى
ئۆتتى دولقۇن ئۇنچە چاچرىتىپ.
بۆسۈپ كىرىپ ۋۇجۇدۇم سىرى،
خىيالىمنى قويدى سەگىتىپ...

دەريا ئوخشار خەلقىمگە شەكسىز،
ھايات سۆيۈپ ياشايدۇ ئەبەت.
خەلقىم مېھرى دېڭىزدىن چەكسىز،
زېمىن ئۇچۇن ئۇلۇغ سەلتەنەت.

ئاقىن دەريا، ئاقىن توختىماي،
مېھنەت سۆيەر خەلقىمگە ئوخشاش.
بولۇتلاردىن ساڭا يول ئاچاي،
بولغاچ غايەم ساڭا مەنزىلداش.

## ئانا تەبەسسۇمى

تەبەسسۇمسىز باقمايدۇ ئانا،
ئانا مېھرى قۇياشتەك ئەزىم.
پەرزەنت ئۇچۇن بولۇپ باش پاناھ
بېرەر ھەرچاغ تاڭلاردەك سېزىم.

تەبەسسۇمسىز باقمايدۇ ئانا،
نىگاھىدىن تۇغۇلار باھار.
ۋۇجۇتلاردا ئۇيغىتىپ سادا،
تومۇرلاردا قان بولۇپ ئاقار.

تەبەسسۇمسىز باقمايدۇ ئانا،
قۇياش ئۇندىن ئۆگەنگەن كۈلكە.
نۇرلۇق مېھرى قۇياشتۇر گويا،
تىنىقلىرى سىڭگەن كەڭلىككە.

تەبەسسۇمسىز باقمايدۇ ئانا،
نىگاھىدا پارلىغاچ قۇياش.
شۇ تەبەسسۇم بېغىشلار ماڭا
يېڭى ئۈمىد، يېڭىچە ياشاش!

## تاڭ نۇرلىرى ئەقىدەم گۈلى

قالدى يىراق بالىلىق ھەۋەس،
قىرائىلىققا تاشلىدىم قەدەم.
چەكسىز ھايات ئۇپۇقلىرىدا
قۇياش بولۇپ ياندى ئەقىدەم.
روھىمدا بار غالىب بىر چۇقان،
ئەقىدەمگە سادىق گۈلدۈرى.
ئەقىدەمنى قۇياش ئويغاتقان،
تاڭ نۇرلىرى ئەقىدەم گۈلى.
مەن سۆيىمەن ئاشۇ گۈللەرنى،
سۆيگۈم ئۇچۇن ياشايمەن مەغرۇر.
شادلاندۇرۇپ پاك كۆڭۈللەرنى،

ئەقىدەمدىن تامدۇرىمەن نۇر.
گۈل دېگەنگە ھەركىم باقىدۇ،
لېكىن ئاشىق سۆيەر ئۆلگىچە.
تومۇرۇمدا نۇرلار ئاقىدۇ،
نۇرلۇق دىلدا بولمايدۇ كېچە.
ۋىسال ئۈچۈن ئاتەش يۈرىكىم،
ئەقىدەمگە بېرەر ئوتلۇق تىن.
ئاھ تىلەكلەر، ئېزگۈ تىلىكىم،
يۇلتۇز بولۇپ چاقناڭلار يارقىن!

## سۆيگۈنىڭ چۈشى

كۆزلىرىدىن سوزۇلغان بىر يول،
كېلەر ئۇندا سۆيگۈ خىرامان.
بىر ھېس بىلەن سوزسام ئاستا قول،
سۆيگۈ ئۆزرە تاشلاندى مانان.

سۈكۈناتتا كۆز تىكتىم ئاڭا،
تۇمان ئىچرە كۆرۈنسە غىل - پال.
ئاشۇ نىگاھ سۆيگۈدۇر ماڭا،
قۇچىقىمدا سۈرىمەن خىيال.

سۆيگۈم ئۇچتى كۆكتە سىلكىپ پەر،
نىگاھلارنى ئارمانغا ئوراپ.
ئۇ نېگىرقاپ يۈرمەس ئۇ قەدەر،
مەن يولۇققان سۆيگۈنى دوراپ.

ئۇيقۇسىدىن كۈلۈپ كۆز ئېچىپ،
مەنزىلىمنى كۆزدىتەر پىنھان.
ھەم تەبەسسۇم قىلىدۇ قېچىپ،
ئاشۇ نىگاھ،
مۇھەببەتسىمان.

## كېچە كۈيى

ئاي تۆكىدۇ دەستە - دەستە نۇر،
داللاردا يۇلتۇز جىلۋىسى.
يۈرىكىمگە بېرىدۇ ھۇزۇر
ئايدىڭدىكى خۇشاللىق ھېسسى.

شىلدىرلايدۇ ياپراقلار پات - پات،
ئاق تەڭگىدەك تاشلىنىپ كۆزگە.
كۈز شامىلى قاققانچە قانات،
پەرىلەردەك سۆيىدۇ يۈزگە...

يۈرىكىمگە پىچىرلار تىنماي
ئارمىنىنى ئويناق تاغ سۈيى.
ئاق دالىغا ئەسىرمەن، ئاي - ھاي،
سۆيۈندۈرگەچ كېچىنىڭ كۈيى.

## مەن بىر تامچە...

مەن بىر تامچە، كەڭ دېڭىزدىن يۇلقۇنغان،
تاقىر يەردە چاڭقاپ، تىنەپ يۈرىمەن.
خۇشاللىقىم، تەنتەكلىكىم ئۇنتۇلغان،
ئاھ، سەكراتتا زەڭگەر رەڭ چۈش كۆرىمەن.

ئىدىم بىر چاغ كەڭ دېڭىزنىڭ ئەركىسى،
ئۇلۇغ ئېقىن كۈچ بېغىشلاپ كۈلدۈرگەن.
ئارمانلىرىم ئۇپۇق تامان ئېتىلسا،
ئاي، يۇلتۇزلار تويماي بېقىپ ئىنتىلگەن.

پەيدا بولدى شۇ چاغ غىل - پال بىر ھەۋەس،
شۆھرەت تىلەپ كەڭ دېڭىزدىن ئايرىلدىم.
ئايرىلدىمۇ، دىلدا پۈتمەس پۇشايمان،
ئۆرتەپ مېنى، ئېچىنىشتىن قايرىلدىم.

كەڭ دېڭىزنىڭ شاۋقۇنلىرى كۆك قۇچسا،
كۆز تىكىمەن مەن خورسىنىپ يېنىشلاپ.
ئارمانلىرىم مېنگەشكەندە دولقۇنغا،
ئۆتەر دىلغا ئاچچىق ئۈمىد بېغىشلاپ...

ئابدۇللا سۇلايمان

# ئۆمۈر يازمىلىرى

## سەھرا گۈزەللىرى

قىياقلار كۆكەرگەندە كۈنگەيلەردە،
چېچەككە پۈركىنىدۇ چەكسىز دالا.
سۆگەتلەر كىيىپ يېشىل چاپىنىنى،
تاشلايدۇ ئەتراپىغا چىۋىق - جالا.

دالىلار گۈزەللىكى رەڭدار سۈرەت،
قىلمايدۇ ھۆسنىگە ھېچ بوياق - پەرداز.
تەبىئەت ئىشلىگەن بۇ ئۇستىكارلىق
بولىدۇ ھەتتا جەننەت ئۈچۈن ئەنداز.

تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ بۇ كەڭ قوينى
ئوردىدىن ئارتۇق دېھقان قىزلىرىغا.
كېلىدۇ زوقى ئانا تەبىئەتنىڭ
ئۇلارنىڭ بۇندا باسقان ئىزلىرىغا.

شاماللار تەڭكەشلىگەن مۇزىكىغا
ئوينايدۇ ئۇلار ئۇسسۇل، شۇنچە نەپىس.
ئايرىماق قىيىن سۆيگۈ باغلىرىدا
قايسى قىز، قايسى ئەترە، قايسى نەرگىس.

ئۇرۇقنىڭ تۇپراق يېرىپ ئۆسۈشىدە
ئۇلارنىڭ قەيسەرلىكى، جۈرئىتى بار.
چۆنەكلەر ئارا ئاققان سۇ بېتىدە
شۇ گۈزەل پەرىشتىلەر سۈرىتى بار.

تەبىئەت ياراتقان بۇ ساددا ئۇزلۇق
سەھراغا، سەھرادىكى قىزلارغا خاس.
چالىدۇ بۇ يارالمىش ئارا ھەتتا
گۈزەللىك ئىلاھى شۇ مەغرۇر ۋېناس.

## قەلبىڭگە يول سالدىم

كۆزلىرىڭدىن ئاختۇرۇپ شاد كۈلكىنى
نەچچە يىللار باقتىم ساڭا تەلمۈرۈپ.
كۈيگە قاتتىم ئاشۇ گۈزەل چېھرىڭنى
كۈندۈزى كۈن، تۈنى ئايغا تەڭ كۆرۈپ.

باش باھاردا بىخ سۈرگەندە نوتا - تال،
قامىتىڭنى ئاڭا قانچە ئوخشاتتىم.
شىۋىرلىغان سۆزلىرىڭنى تىڭشاي دەپ،
بۇلبۇللارنىڭ سايرىشىنى توختاتتىم.

قانۇ - تەرىم بەدىلىگە بىر ساڭا
زەردىن ئۈزۈك، ھالقىلارنى ياساتتىم.
گەر خالىساڭ، يۇلۇپ كۆكتىن يۇلتۇزنى،
بوينۇڭغا دەل مارجان قىلىپ ئاساتتىم!؟

شۇنچە چوڭقۇر ئىشتىياقىم بىلەنمۇ
تاپالمىدىم چىن سۆيگۈنى سېنىڭدىن.
ئوقۇپ كۆرسەم تۇرمۇش ئاتلىق كىتابنى،
ئۆتۈپتۇ زور سەھۋەن باشتا مېنىڭدىن.

چۈشەنمەستىن نازۇك قەلبىڭ سىرىنى،
كۆزۈڭگىلا قاراپتىمەن سائىلدەك.
قوبۇل كۆرسەڭ گاھ ئەستىلىك - سوۋغامنى،
ئويلاپتىمەن سېنى ماڭا مايىل دەپ.

«تارىم مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئەمدى ماختاش، تىل چايناشنى توختىتىپ،
ئىزتىراپلىق يۈرىكىمگە قول سالدىم.
تېپىش ئۈچۈن سېنىڭدىن ئۆز بەختىمنى،
قەلبىمدىنلا ساپ قەلبىڭگە يول سالدىم.

## ھاياتنىڭ بايانى

مۇھەببەتنىڭ داۋام ئويغاق چەشمىسىمەن،
بۇ زېمىننىڭ كەڭ باغرىدا ئېقىپ تۇرغان.
ۋاپالىق دىل ناخشىسىنىڭ يەشمىسىمەن،
ئىشقى بارلار بىلەن خۇشۋاق سۆھبەت قۇرغان.

قۇياش بولۇپ ئۇلارغا نۇر چاچماقلىقىم،
ھۇجەيرىلەر قېتىغىچە سىڭىپ كىرىدىش.
بولۇپ چۆلدە ئۆتەڭ، قۇچاق ئاچماقلىقىم،
مەجنۇنلارغا باغرىمدىن جاي - ئورۇن بېرىش.

ۋۇجۇدۇمنىڭ يامغۇرىنى تۆكىنىمدە،
مۇھەببەتنىڭ يۇمران بىخى نوتا سۈرەر.
گۈل-گىياھنى ئىللىق يەلپۈپ ئۆتكىنىمدە،
ھاراەتلىك دىللار سەگىپ، راھەت كۆرەر.

كۆڭۈللەرنى مېھمان قىلىپ شۇ تەقلىدتە،
قويىمەن دەل ئۈمىد بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ.
سۆيگۈ، ئۈمىد ئىجىل-ئىناق جۈپ پەرىشتە،
سۆزلىشىدۇ ئەتە ئۈچۈن زوقىقا تولۇپ.

جۈپ پەرىشتە مېنىڭ روھىي تىمسالىمدۇر،
بىردە بار قايغۇ، شادلىق، باھار، ئاياز.
بىرى بوشلۇق، موھتاجلىققا ئامالىمدۇر،
ئارمانلارغا دەرمان بېرىپ چېلىنغان ساز.

سۆيگۈ ئۈچۈن ھازىرلايمەن زەپەر قەسرى،
تام-توساقلار بىلەن ئەمەس، دىلدىن پۈتكەن.
باشلىنىدۇ ئۇندا ۋىسال يېڭي ئەسرى،
قىسمەتلەرنىڭ سىنىقىدىن دادىل ئۆتكەن.

قىلسا يوقلۇق گەر ئۇلارنى نابۇت - ھالاك،
ئۇلار جەزمەن قىسمەتىمنىمۇ قۇل قىلىدۇ.
تۇغۇلغاندا نەسىل گۈلگۈن گاھى غەمناك،
بېقىپ ئۈمىد پەرزەنتلەرنى گۈل قىلىدۇ.

ئەمەس شۇڭا قونالغۇ بۇ دۇنيا ماڭا،
ئەلەملەرنى قېرىتىمەن ئۆز يولۇمدا.
مىليون ئەسىر بىر دەقىقە گويا ماڭا،
بولغاچ سۆيگۈ، ئۈمىد مەڭگۈ جۈپ قولۇمدا.

## جانانىمغا

قەلبىم گويا سۇلتانلىقتۇر سەن ئۈچۈن،
ئۇندا ئۆزۈڭ سۆيگۈمنىڭ ياش خانىشى.
يوقتۇر سەندىن پىنھان چەككەن سىر-تۈگۈن،
بىر ساڭىلا باقار كۆڭلۈم خاھىشى.

بىلىمەنكى، بۇ ئەقىدەم ئالدىدا
ئويلىمايسەن مېنى چاكار، قۇلۇم دەپ.
(تۇرغاچ ھىجران-پىراق بۇلبۇل يادىدا،
سايرايدۇ ھەر تاڭدا شۇڭا گۈلۈم دەپ.)

مۇھەببەتنىڭ ئالدىدا بىز تەپمۇ-تەڭ،
تەڭلىك چەككەن رىشتىمىزنى چىڭ قىلىپ.
قىلىمەن چىن ئارزۇ يولى بويلاپ جەڭ،
ئەي جانانىم، سەندىن ئىلھام، كۈچ ئېلىپ.

ئېزىتقۇلار بىراق بىزنى ئايرىشقا
ھىيلە-مىكىر قارمىقىنى تاشلايدۇ.
سۆيگۈ گۈلى شېخىمىزنى قايرىشقا
ساڭا شېرىن گەپ-سۆزىنى باشلايدۇ.

قەدىرلەيمەن سېنى يۈرەك قېتىمىدىن،
بۇنى پەقەت تىل ئەمەس دىل ئايرىسۇن.
ئىشەن، ئىشقىم ساڭا مەلۇم ئەزەلدىن،
سۆيگۈمىزدىن سۆيۈشكەن دىل يايرىسۇن.

AltunOq

كېرىمجان سۇلايمان

## يالغۇز توغراق

يالغۇز توغراق، ئەي يالغۇز توغراق،
ماكان تۇتتۇڭ نېچۈن خىلۋەتتە؟
سېنى كۆرگەن كىشىدە سوراق
تۇغۇلۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە.

ياشىغانسەن قانداقمۇ تەنھا،
يوق نېمىشقا سېنىڭ ھەمراھىڭ؟
تىلىسەڭمۇ ۋە ياكى ھەمراھ،
يەتمىدىمۇ تەڭرىگە ئاھىڭ!

ئەتراپىڭدا بارخان - قۇم سېپىل،
قىلغانمىكىن بىراۋلار تىلسىم؟
لېكىن، قەددىڭ ھەيۋەت، ياپيېشىل،
شۇنىڭ ئۈچۈن لال بولدى تىلىم.

سىرىڭ نېمە؟ ياشاپسەن مەغرۇر،
ئاھ، تەقدىرىڭ بولسىمۇ بەك كاج.
ياپىرقىڭنى يۇيۇپتۇ يامغۇر،
بولغۇدەك ئۇ يېشىللىققا تاج.

## ئالداندىم كۆپ

ئالداندىم كۆپ، تېخى ساڭا ئالدىنارمەن،
بىلىپ تۇرۇپ، ئەي بىۋاپا، كۆڭلۈڭنى دەپ.
مەيلى سەنلا تاپساڭ بەخت شادلىنارمەن،
ئويلاپ قالما، يىغلىماسمەن پۇشايمان يەپ.

لېكىن، مېنى ئالداپ كېيىن دەردكە قالما،
ئۆزۈڭ ئوخشاش بىۋاپادىن ئالدىنىپ سەن.
يىغلاپ - قاقشاپ مېنىمۇ ھەم دەردكە سالما،
كۆز ئالدىمدا ھەسرەت بىلەن دادلىنىپ سەن.

مۇسا ئەھەت

## شېئىر

سەن ئۈچقۇنمۇ ياكى ئوت، لاۋا،
ياكى دەھشەت بىر گۈلدۈرماما؟
چاقماقمۇ سەن كۆكنى تىترەتكەن،
ياكى تاغدىن ئېتىلغان ماگما؟

سەن سەلكىنمۇ ياكى سوغ شامال،
ئاياز پەسلى چاكىلداتقان يەر؟
سەن دولقۇنمۇ چاپچىشىڭ دۇلدۇل،
ياكى شاھلار بېشىدىكى زەر؟

سەن باھارمۇ ۋە ياكى كەچكۈز،
داللارغا يايغان زەر لىباس؟ ،
ياقۇت كەبىي ساپ قېنىق جىلۋەڭ،
بولار رەڭدار گۈللەرگە نەققاس.

سەن بۇلاقسەن، بىر كۆي، بىر ئاھاڭ،
ياڭراپ تۇرار بۇلدۇقلىشىڭدىن.
شادلىق ئۈچۈن بولسەن كۆرەك،
ئەل بەختىگە زوقلىنىشىڭدىن.

سەن ئايازسەن، ناپاك ئالەمنىڭ
ھىدلىرىنى قىلغان سۈر - توقاي.
سەن باھارسەن شاد كۆڭلەر ئۈچۈن،
شادلىقىڭدىن ئاچقان گۈل چىراي.

## يول

كىلىۋاتىمەن،
ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ،
بەلكى
ئەۋلادلارمۇ كىلەر ئارقامدىن.
ئوخشاشلا بىر يول،
ئوخشىمايدۇ بىسىپ ئۆتكەن ئىز.
قەدەملەر ۋەزنى،
ماڭىمۇ،
ئەجدادلارغىمۇ،
ئەۋلادلارغىمۇ
زاھىر ئەمەس
ئەڭ ئاداققى چەك،
ئاداققى نۇقتا....

مۇختەر داۋۇت

## مۇھەببەت

قىز كۆكسىدەك تەۋرەنگەن دولقۇن،
ئارمىنىمنى كىتەر يىتىلەپ.
غۇلاچ تاشلاپ ئۈزىمەن تەمكىن،
كۆكرىكىمنى دولقۇندا بىلەپ.

دولقۇنلارنى باردۇ سۈرۈپ،
تىنىقىمدىن تىرىلىپ بوران.
تاشلىنىمەن قىزغۇچ ئۇپۇققا،
كۆرۈپ قۇتلۇق نۇرلارنى ھامان.

مۇھەممەتقاسىم تۇرسۇن

## غەزەپ

گىلاس كەبى قىزارغان ئۇپۇق،
نۇرلىرىنى پۈرقۈيدۇ ئاستا.
ئوخلار دىڭىز يىشىنىپ تولۇق،
چۆش پەيزىنى سۈرگەنچە گويا.

رەنجىپ يۈرەر غالىب چوققىلار
ئۆز ئەكسىنى دىڭىزدا كۆرۈپ.
يۇلتۇزلارنى ئۈزۈشۈپ ئاتار
غەزەپ بىلەن قوشۇما تۈرۈپ.

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

بۇغداينىڭ دانلىرى ئايرىلغان ھامان،
قالاركەن تىگىدە بىر دۆۋە سامان.
ھاياتمۇ، چۈشەنسەڭ، بۇنىڭغا مىسال،
بەزىلەر دان بولسا، بەزىلەر سامان.

* *

قاغىنى ئاق دىسە، سەنمۇ ئاق دىمە،
خورازنى توز دىسە، سەنمۇ توز دىمە.
ھەقىقەت ئالدىڭدا نۇر چىچىپ تۇرسا،
ساختىلىق تونىنى كىمخابىم دىمە.

* *

توغراقلار مىڭ يىللاپ ياشنىسا چۆلدە،
سۆگەتلەر شۇنچە تىز قۇرۇيدۇ كۆلدە.
ئوت ئىچرە تاۋلىنار ھەقىقىي ئالتۇن،
باتۇرلار سىنىلار ھەقىقىي جەڭدە.

* *

تاشنى تاش يارالماس قانچە ئۇرساڭمۇ،
باشنى تاش ياردۇ بىرنى ئۇرساڭمۇ.
تاش كۆڭۈل ئادەملەر باردۇر ھاياتتا،
ياردۇ بىشىڭنى سەن جىم تۇرساڭمۇ.

* *

ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقى شۇ يەردە:
ياردىتار گۈزەللىك قان بىلەن تەردە.
مەنمۇ شۇ ئىنساننىڭ ئۇلۇغ ئەۋلادى،
ئەجدادىم ئۆمىدىن قويمايمەن يەردە.

مۇھەممەترېھىم تۇرسۇن

# يۇرت كۆيى

ھاياتلىق ئۇپۇقىدا كۆزۈم ئاچتىم،
رەڭگارەڭ يورۇق دۇنيا زاھىر بولدى.
يۈرىكىم رىشتىسىدىن سۆيگۈ چاچتىم،
يۇرت دېدىم، قەلبىمگە يۇرت مېھرى تولدى.

يۇرت دېدىم قاش تېشىدەك كۆككە قاراپ،
زوقلىنىپ ھەم كۈمۈشتەك تاغلىرىغا.
يۇرت دېدىم چەكسىز پەخرىم تەنگە تاراپ،
كۆڭلۈمنى بېرىپ گۈلزار باغلىرىغا.

يۇرت دېدىم، ئانام دېدىم، ئاتام دېدىم،
قېرىنداش تۇغقۇنۇم، يار - دوستلىرىم دەپ.
يۇرت چوڭ گەپ، يۇرت مۇقەددەس بىر نام
دېدىم،
ھاياجان ۋە ئىلھامىم ئېتى سەكرەپ.

يۇرت دېدىم، ھالقىدىم مەن نەچچە تاغنى،
كۆيۈمگە جۆر بولۇشتى دەريا - ئۆستەڭ.
ئاق كېچە، قارا كېچە، مۇشكۈل چاغنى
بىلدىم مەن ئەل ئىشقىدا خۇشاللىق ئەڭ.

ئىزدىمنى يۇرت بىلىدۇ، قەلبىمنى ھەم،
ئىزدىم بار ئېگىز - پەستە ماڭا تونۇش.
ماڭلىيىم ئاسمىنىدىن تۆكۈپ زەمزەم،
ياراتتىم يېڭى ھايات، يېڭى تۇرمۇش.

خۇشۋاقمەن نەگە بارسام تۇغقان كەبى،
مېھرىبان، ئىناقلىقنىڭ ئۆيى ئەتراپ.
قەلبىمدە سۆيۈنۈشۈم جۇشقۇن سەبى،
سەيلىدە بولسام ھامان ھەريان قاراپ.

زوقۇمنى تار - تار يىشىل گىلەم ئېتىز،
كۆك سۆيگەن دەرەخلەر ۋە قوشاقچى قۇش.
يالتىراق سۇ ئامبىرى گويا دېڭىز،
ئۆستەڭ ۋە ئېرىق ئاقار يۇرتۇمدا خۇش.

يۇرت مېھرى بولدى مېنىڭ سۆيگۈمگە كۈچ،
بەستىمگە مەڭگۈ تالماس قانات بېرىپ.
ئۇ دەيدۇ مېنى ئۈندەپ «يۈكسەككە ئۈچ،
شاماللار ئەۋجىدە سەن كۆكرەك كېرىپ».

ئانا يۇرت يۈرىكىمدە تەختىم ئۆزۈك،
سۆيىمەن سېنى سۆيگۈم يالقۇنلىنىپ.
بۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق بەختىم ئۆزۈك،
تارىخنى سۆيەر پەخرىم دولقۇنلىنىپ.

تەھرىرلىگۈچى: مەمتىمىن بارى.



ئىمام مەھەممەت

# كېپەك سەزىن

(ھېكايە)

يېزىمىز بازىرىنىڭ ئاۋات كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا چوڭ بىر جامە قەد كۆتۈردى. ئاسمان - پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆركەم پەشتاق ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي قويمايتتى. شۇنداق قىلىپ جامەنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش پەيتى كېلىپ قالدى. بۇ ئىشقا ئۇشتۇمتۇت مەھەللىدىن كېپەك سالجا ئارىلىشىۋالدى.

كېپەك ئاخۇن بەستلىك كەلگەن، 60 ياشلاردىكى چار ساقال، سەل پاناق، ئورا كۆز، سول قۇلىقىدىن ئۇچتىن بىر قىسمى كەم ئادەم بولۇپ، گەپتان، ھەر قانداق گەپ بولغان يەردە ئېغىز غېرىدچلاپ، باشقىلارغا گەپ بەرمەيدىغان كىشى ئىدى.

ئىمام ئاخۇنۇملارنىڭ مۇشۇ بىر مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، خۇددى كېپەك سالجىدەك بىرەر ئادەممۇ لازىم ئىدى، ئەلۋەتتە! ئىمام ئاخۇنۇم ئۆز سۈپىتىنى ساقلاش يۈزىسىدىن، ئەمرى مەرۇپ قىلىشتىن ئۆزگە ئوشۇق سۆزلىمەيدۇدە، مۇتىۋەللى ئاخۇنۇم دەپتەر - قەلەم تۇتۇپ، كىم نېمە بەردى، قانچىلىك، شۇنىلا يېزىشى كېرەك. كېپەك ئاخۇنچۇ؟ جامەنىڭ ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقتى - دە، گۈرۈچنى بىر تاغارغا، بۇغدايىنى يەنە بىر تاغارغا، ياغنى تۇرغۇتقا قاچىلاپ مېڭىۋەردى. بەزى ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، سودىگەرلەر نەق پۇل ئىئانە قىلىۋاتقاندا، كېپەك ئاخۇن يانچۇقلىرىنى سىلاپ ئۆلگۈرگەندى. قېرىشقاندەك پۇل بىرەيلەننىڭ قولىدا سانىلىپ، يەنە بىرەيلەننىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. كېپەك ئاخۇن راسا بىر ئۇلۇغ تىنىپ، يەنە چاندۇرماي مېڭىۋەردى - يۇ، ئۇنىڭدا ھەسەت ئوتى لاۋۇلداپ، ئۆز قورسىقىدا ھېساب - چوت سوقۇشقا باشلىدى. دەسلەپتە كىم نېمە بەردى، قانچىلىك بەردى...ھەممىنى دىلىغا خاتىرىلەپ، «خۇدا رەھمەت قىلسۇن»، «ئۇلۇغ پەرۋەردىگار مەدەت بەرگەي»، «بىرى مىڭ بولسۇن...» دېگەن

دەك سۆز ـ ئىبارىلەرنى تەكرارلاپ كېلىـ
ۋاتقان بولسىمۇ، ئـەمـدى ئۇ بـىردىنـلا
جىـمـىـپ قالدى. شـۇنـداق ھـېسـابـلاپ
«ئۇچيۈز يەتتە كوي قىرىق پۇڭ» دېدى-
يۇ، ئېزىپ كەتتى.
كېپەك ئاخۇن ساۋاتسىز ئىدى. ئۇ
ھۇشۇ يېزىدىكى بىر كالتا كۆسەي پاشـ
شاپ بېگىنىڭ يالغۇز ئوغـلى ئىـدى. بۇ
پاششاپ قول ـ ئىلكىدە يوق، نەپـسى ياـ
مان، بىۋاك ئادەم بولغاچقـا، چوڭ كىـ
چىك ئوغرى، قىمارۋازلار ئىچىـدە «گال
ئىـڭـراق»، ئەل ئىچىدە «ياغاچ پـىـچـاق،
لاتا غىلاپ بېگىم» دېگەن نامغا ئېرىشىپ،
يۇقىرىدقى ئىككى خىل «ئۇنـۋان» بىلـەن
ئۇ دەرگاھقا كەتكەنىدى. كېپەك ئاخۇنـ
غا ئەنە شۇ بەگ دادىسىدىن ئۈچ ئېـغىزـ
لىق كونا ئۆي بىلەن بىر نوگاي چىلىم،
پەگادىكى تاۋكا مىراس قالغانىـدى. داـ
دىسى ئۇنى قەيەرگە بارسا بىرگە ئـېلىپ
باراتتى، قىمارۋازلار بـېگىمنىڭ بالىسى،
دەپ يانچۇقلىرىنى چوتاغا تولدۇرۇۋېتەتـ
تى. دادىسى مەست بولۇپ قالغاندا، 12
ياشلىق كېپەكجان ئۇنى يېتىلەپ ئـۆيگە
ئەكېلەتتى. كېپەكجان ئەمدىلا 15 ياشقا
تولغاندا دادىسى باقىيغا سەپەر قىلدى.
15 ياشلىق كېپەكجانمۇ دادىسىنىڭ مەنـ
سىپىدىن باشقا ھەمـمـە خۇيىنى قېـلىپتا
قۇيغاندەك ئۆز پېتى داۋاملاشتۇرۇپ كۇـ
نىنى ئالدى. 17 يـاشقـا كىرگەن مەزـ
گىلدە، ئۆز ئـۆيىدىكى تاۋكـادا جـېدەل
چىقىرىپ، شۇ مەيداندىكى رەقىبلىرىنىـڭ
بىرىگە تىغ ئۇرۇپ ياردار قىلىـپ قويـ
دى ـ دە، تۈرمىگە تاشلاندى، شۇ ئـاردا
ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدىمۇ بولالمىدى. تـۈرـ
مىدىن چىقىپ قارىغۇدەك بولسا ئاتىسىدىن
قالغان ئۆي ـ زېمىنىنىڭ ئىزناسىمۇ قالماپتۇ،
ئۇ ئەمدى بازارنىڭ چېكىسىدىكى بىر يېزىدا
ماكانلاشتى. كەتمەن بىلەن تونـۇشمايـ
دىغان بۇ بەندە يەنىلا كونا چۆپقەتلىرى
بىلەن چىللىشىپ كونا ئادىتىنى داۋاملاشـ
تۇردى. توشقان دەرياسىنىڭ شىمالىي تەـ
رىپىگە ئاتلاپ ئۆتكەن كېپەكجان دادىـ
سىنىڭ كونا چۆپقەتلىرىدىن بولغـان كاـ
داڭ قىمارۋازلار جەم بولغان چوڭ تاۋـ
كاغا دۈچ كەلدى ـ دە، تاڭ ئاتقۇچە مەيـ
دىسىگە مۇشتلاپ، بىرمۇنچـە قەرزگە بوـ
غۇلدى. بېرەي دېسە ھـېچـنـېمـە يـوق.
سالا ـ سۆلھىگە كۆنۈدىغان كىـشى يوق.
كېپەكجان ئاخىرى قىمارۋازلارنىـڭ بوـ
ۋىلىرىدىن قالغان ئەنئەنىگـە ۋارىسـلىـق
قىلىپ، پىچىقىنى قىنىدىن چىقاردى ـ دە،
سول قۇلىقىنىڭ قاسقىنىدىن بىر چىشلەم
كېسىپ، ئۇتتۇۋالغۇچىلارنىڭ ئالدىغا تاشـ
لاپ قەرزدىن قۇتۇلـدى. مەنىسـى: «بۇـ
نىڭدىن كېيىن بۇ ئىشتىـن مەڭـگۈ قول
ئۈزىمەن» دېگەنىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ
بايقۇش ئەمدى «كېپەك چولاق» دېگەن
لەقەم بىلەن كوپىراتسىيىگە كىرىۋالدى.
كېپەك سالجىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنـ
كى ھاياتى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بەكـ
مۇ ئۇزۇن، بىر ـ بىرلەپ سۆزلـەيدىغـان
بولساق كىتابخانلارنى زېرىكتـۈرۈپ قوـ
يىمىز. قىسقىسى، ئۇنىـڭ ھاياتـى ئەنـ
ئەنىۋى كەسـپى بىلەن بىللە قىزىلكۆزـ
لۈك، ساختىلـىق تۆشۈكلىرىگـە قـىستىلىپ
كىرىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولـ
دى. ئەمدىلىكتە ئىسلاھات دولقۇنى كۆـ
تۈرۈلۈپ، يەرلەر ئەمگەكچىلەرنىڭ قولـ
غا ھۆددىگە بېرىلىپ، راست بىلـەن يالـ
غاننى ئايرىيدىغان پەيت يېـتىـپ كېلەـ

AltunOq

ۋىدى، بىزنىڭ كىپپەكجاننىڭ بېشىغا كۈن
چۈشتى.
«خوش كىپپەك ئاخۇن، — دەيتتى
ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — داداڭ ئىنـ
كى قوللاپ دۇئا قىلغاچقا، قولـۇڭ كەتـ
مەنگە، دىلىڭ دەردكە يولۇقماي بۈگۈنـ
گىچە كەلدىڭ. ئەمدى ئىش پـاساتقـا،
بازىرىڭ كاساتقا ئايلاندى. يەر تـۇتۇپ
جېنىڭنى قىينامسەن قـانـداق؟...» ئۇ،
شۇنداق چىگىش خىيال يىپلىرىنىڭ تۈ-
گۈنلىرىنى يېشەلمەي، ئاخـىر: «تـوختا،
ھەمدۇل قارىي ئاخۇنـۇم بار ئەمەسمۇ!
ئۆز ۋاقتىدىكى بۇلۇڭ ئىلپەتلىكىمىزدىن
تېنىپ كەتمەس، ياخشى مەسلىھەت بەر-
سە ئەجەب ئەمەس» دېدى - دە، ئەتىسى
قارىي ئاخۇنۇمنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بول-
دى. ھەمـدۇل قارىي ئاخۇنـۇم ئۇنى ئو-
چۇق چىراي قارشى ئالغاندىن كـېيىن،
دەردى ئەھۋالىنى ئاڭلاپ بولـۇپ، كۆز-
لىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرۇپ:
— كىپپەك ئاخۇن، ھازىر ۋىلـلىـدە
ئاپتاپ چىققاندەك قىلغان بىلەن، ئىـ
شەنگىلى بولمايـدۇ. ئـۆزلـىرى بـىـلـەن
بـۇرادەرچـىـلىكىمىز بـار. راست گەپنى
قىلسام، ئۆزلىرى تەنھا، ئۇنىڭ ئۈستىگە،
شۇكەمگىچە چېكىلىرى تـەرلـەپ باقـقان
بەندە ئەمەس. يېشىمىزنىڭ تېگـىدىن
تولىسىنى ياشاپ، غورىگۆل بولسىمۇ ئىـ
شىمىزنى ئاشاپ بۇ يەرگە كەلـدۇق. خۇ-
داغا مىڭ قەتـرە شۈكـرى - سانا ئېيتـ
قايمىز. ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن ھۆ-
كۈمىتىمىزگە ئىنساپ بېرىپ، مۇنچىلىك
كۈن بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى، سىلە بىلەن
بىز دەپىي دۇنيانىڭ كويىدا بـولـماي،
ئاخىرەتنى ئويلاپ، ساۋاپ ئىزدەش كې-
رەك، ساۋاپ، — دەپ توختىدى.
— خوش، تـەقسىر، يـاغـدەك گەپ
قىلدىڭلا، ياغدەك!
— شۇنداق، ئۇ دۇنيالىـق مـۇھـىم،
ھىم...
— كېيىنچە يەنـە «ئايـا دوستلار،
دۇنيا ھارام، سەن تاشلىـۋەت، مەن تېپـ
ۋالاي» بولۇپمۇ قالارمـۇ؟
— يوقسۇ! نەدىكى گەپـنى قـىلـدۋا-
تىدىلا؟ مەن ئۆزلىرىنى سايىمىزدا جان
پاناھدارمىكىن دەۋاتىمەن، بۇرادەر!
— ئۇنداق ئىلتىپاتلىرى بولسىغۇ، ھو،
ھو، ھو، ھا، ھا ... شۇنداق قىلىپ...؟
— ھە، شۇنداق قىلىپ، ئـەتىگـەندە
جامەگە پەيدا بولسىلا. مەن ئەھـلى جا-
مائەتنىڭ ئالدىدا توۋا ئىستىغـپار ئوقۇ-
تىمەن. بويۇنلىرىغا قـارا ئارغامـچا سې-
لىپ، قول قوشتۇرۇپ، يەرگە قـاراپ تۇ-
رۇدىلا. ھە...
— ئۆمرى بىدەمەكتەپ قارىسى كۆرمەپتىـ
مەن، تەقسىر! قىلمىغان گۇناھلىرىم ئاز، خەقـ
نىڭ ئالدىدا نېمىدەپ توۋا قىلىمەن؟
— مەن نېمە دېسەم شۇنى دېسىلە
بولـۇۋېرىدۇ.
— تىلىم ئايەتكە كەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟!
— ئىگىمىزگە ئىخلاس بىلەن تىۋىـ
نىپ، بىزگە خوش دېسىلە، ئىش تامام.
ئۇنىڭدىن كېيىن، مەسچىتنى سىپىرىپ
سۈپۈرۈپ، تەرەتكە سۇ تەييارلاپ، ئۇ
يەرنى ساقلاپ بەرسىلە بولدى.
ھەمدۇل قارىي ئاخۇنۇمنىڭ گەپلىرى
كىپپەك سالجىغا بەئـەينى قـىرى كـالىغا
پىچاق خۇش يـاققاندەك خـۇش يـاقتى.
بەش - ئالتە يىلدىن بېرى ئۇ، مەسچىتـ
نىڭ شۇ خىزمىتىدە يۇمشاقىقىنا يـاشاپ

كېلىۋاتىدۇ. جامەنى چوڭايتىپ قۇرۇش
باشلىنىپ پۈتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ-
نىڭ ئىشلىرى جىددىي ھەم ئامەتلىك
بولدى.

يېڭى جامەنىڭ مۇراسىمى دېگەن
قەرەلدە جۈمە نامىزى تەنتەنىسى ئىچى-
دە بولۇپ ئۆتتى. ھەمدۇل قارىي ئاخۇ-
نۇم يەنىلا ئىماملىق مەرتىۋىسىدە، گايىت
مۇتىۋەللى ئاخۇنۇم مەزىنلىك مەنسىپىدە
ئولتۇرۇشتى. ياغاچچى، تامچى، ئىمام،
مەزىن، نەققاش، خەتتات، ھېسابچى
بولۇپ ئون نەچچە كىشى جامائەت ئالدىدا
مەرتىۋىلىرىگە، ئىشلىرىغا لايىق تون - سە-
رۇپاي كىيىشتى. كېپەك سالجىنى ھېچ-
كىشى ئاغزىغا ئېلىپمۇ قويمىدى. يوغان
تاۋاقتا ئاش كۆتۈرۈپ ئۆتتۈرىدا چاپ-
راقلاپ يۈرگىنىنىمۇ ھېچكىم كۆرمىدىمى-
كىن؟! بۇ ئىش، كېپەككە تولىمۇ قاتتىق
تەگدى. ئۇ، ئەل تارقاپ بولمايلا ئۆيگە
كىردى - يۇ، ئىشىكنى «گۈپ» تاقاپ، قولىغا
بىر پىيالىنى ئالدى، نېرىقى بۇلۇڭدىكى
چېپىنداقلار ئارىسىدىن «تۆمۈر چوقا»
دىن بىرنى سۇغۇرۇپ چىقىپ، ئاغزىنى
پېيەنچۈكلار پەردىسىدە بىرلا غاجىلاپ
ئاچتى - دە، يېرىمىنى بىراقلا قۇيۇپ،
ئىككىلا سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى. داۋامىنى
يەنە شۇنداق قۇيۇپ، يەنە شۇ ئەلپازدا
ئىچىۋەتتى - دە، شېشىنى يەرگە ئاتتى،
ئۆزىمۇ ئورنىغا يىقىلدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. رەشىك
ئوتلىرىنى باسالمايۋاتقان كېپەك سالجا
جامائەت خۇپتەندىن يانغاندىن كېيىن،
جامەنىڭ يازلىق مەيدانىغا قالدى - قات-
تى چېپىندا - پۈزەكلەرنى جۇغلاپ ھولا
سالدى - دە، مەيدىسىنى قاقلاپ ئولتۇ-
رۇپ، قويۇن يانچۇقىدىن ياڭاق چوڭلۇ-
قىدا بىر دۈگىلەكنى ئالدى. ئاندىن
ئېرىنمەي ئولتۇرۇپ قىرىق بىر تال ئۈ-
زۈپ، تاماكا خالتىسىدىن بىر چىمدىم
كۆك قۇلاق ئېلىپ، ئۆز قائىدىسى بويى-
چە ئارىلاشتۇرۇپ، بىر تال يۆگەپ ئۇ-
چىغا ئوت ياقتى، ئەمدىلا قاتتىق كۈ-
چەپ ئىككى شوراپ، تۈتۈننى پەلەككە
قويۇۋەتكەنىدى، تۇساتتىنلا ئۈچ نەپەر
ياش يىگىت ھۇجرا تەرەپتىن كىرىپ
كېلىشتى. كېپەك ئاخۇن ئۇچۇن قولىدى-
كىنى يوشۇرۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى
قالمىغانىدى.

— بەللى - بەللى، كېپەكجان ئاكا،
بىز ئۈجمە تومۇزىنىڭ ئىسسىقىدا ھۇج-
رىدىن سالقىن ئىزدەيلى، ئۆزلىرى...؟ —
دېدى 25 ياشلاردىكى ئاق سېرىق تا-
لىپچاق خۇش خۇيلۇق بىلەن.

— ھە، كېلىڭلار، توخماق سوپىلار،
تېخىچە ئۇخلىماي، قەيەرلەرنى چەگدەپ
يۈرۈيسىلەر؟

— يەر - جاھان يورۇپ كەتتى. بىز
تېخى ھۇجرىلىرىغا ئوت كېتىپ، ئۆزلىرى-
نى ئۇخلاپ كاۋاپ بولۇپ كەتمىسۇن
دەپ ئەنسىرەپ...

— ئاغزىڭلارغا تاش تۈپراق، ھەي
شۈملۈقنى چىللايدىغان توقماق سوپىلار، —
دېدى كېپەكجان پەرۋاسىزلىق بىلەن
پىنىنەكنى تېخىمۇ قاتتىق شوراپ. ھولا-
لىنىپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننىڭ تۇن قا-
راڭغۇلۇقىدىكى يورۇقىدا كېپەكجاننىڭ
رەڭگى قانسىراپ ئۆلگەن جەسەتنىڭ تە-
رىگە، كېلەڭسىز پاخپايتىپ، قويۇۋالغان
ئۇزۇن ساقىلى، كۆكرەك تامىرىغا يېپى-
شىۋالغان مويلار بىلەن قوشۇلۇپ خۇد-
دى ئادەم ئاياغ باسمىغان قاراڭغۇ چات-

قالىلىقىغا ئوخشاش كۆرۈنمەكتە ئىدى.

— غەلىتىلا گەپلەرنى قىلىۋاتىدىلىغۇ؟ — دېدى ھېلىقى تالىپچاق ئۆز شېرىكلىرىگە ئولتۇرۇش ئىشارىسىنى قىلىپ، ئۆزىمۇ ياندىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ھارام يەيدىغانلارغا ئوت كەتمەي، ماڭا ئوت كەتكىنى قانداق؟

— كىم ھارام يەپتۇ؟ نەدىكى بىر گەپنى قىلىۋاتىدىلا؟

— ھەممەيلەن ھارام يەۋاتىمىز.

— بىزمۇ ھارام يەۋاتامدۇق؟

— ھەئە.

— قولىمىزدىكى ھالالمۇ-ھارامتمۇ؟

— ئۇستازىڭلاردىن سوراڭلار.

— ھەمدۇل قارىي ئاخۇنۇم چەكمەيدىغاندۇ؟ توۋا دېسىلە ئاكا، ئەھلى ئىلمى ئادەملەرنىڭ كەينىدىن ھەر قىسما گەپ قىلسا گۇناھ بولىدۇ، — دېدى يەنە بىر پاكارغىنا دوغىلاق تالىپچاق سەلپەل ئۆڭگەندەك قىلىپ.

— سەن پاكار، قارا پاقا غورتەك نېمىنى بىلىسەن؟ سەن توقماق سوپىلارنى چىلىلاپ كەلدىڭمۇ؟ ماڭ! مېڭىشە! — دەپ دوق قىلدى زەردە بىلەن كېپەكجان.

كېپەكجان ئادەتتە بۇ تالىپلارغا مۇنداق زەردە بىلەن دوق قىلىش ئەمەس، ئۇلارنى بەكمۇ ئىززەت قىلاتتى. بەزىدە تېخى ھۇجرىلىرىنى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتلىرىنىمۇ تۆكۈپ قوياتتى. ئۇلار ساۋاق نەكرارلاپ ۋاژىلداپ ئوقۇپ كېتىدىغان بولسا، قاتتىق سۇپىدا چۆچۈرىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى، ھەتتا ساۋاتسىز قالغانلىقىغا پۇشۇپ قۇنۇپ ئۆتمۈش كۈنلەرنى قاغاپ كېتەتتى. خۇشى تۇتقاندا، پادىشاھى جەمشىدنىڭ چۆچەكلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى، بەزىدە ياغچى ئېلىيار غوجىكام بىلەن قىرىق بەگنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىپ كۈلكىدىن ھالقىتىپ تېلىقتۇرۇۋېتىپ قايتىپ چىقاتتى. «بۈگۈن بۇ ئادەم بىزگە نېمانچە قاتتىق تېگىدۇ؟ بىرەر سىر بارغۇ دەيمەن» دەپ ئويلىدى بىرىنچى تالىپ.

— كېپەكجان ئاكا، بۇ قارا مايىلاق ئاداش ئۆزلىرىنى رەنجىتىپ قويدى. خاپا بولمىسىلا. نېمە ئىشلارغا دەپ رەنجىپ قالدىلا؟ — دەپ بەزلىدى ئۇنى.

— ھەببەللى! بۇ گەپلىرىڭ جايىدا ئۇكام. سەن ھەقىقەتەنمۇ بىر كادىر ياكى ئەپەندى بولساڭ بولۇدىغان يىگىت ئىدىڭ، بەزى چۈپەي بەندىلەر ساڭا بىر نومۇر كەڭ قورساق بولماي، ئالىي مەكتەپ دېگەندىن قالدىڭ. ئەگەر ئۇ يەردە بەش يىل ئوقۇساڭ، مۇشۇ سوپىلارغا بەندە بولماي، ئالىم يىگىت بولاتتىڭ ئەمەسمۇ!؟ داداڭغا شۇ ئىش ھار كېلىپ سېنى مۇشۇ... ھەي... — دېدى-يۇ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تېخىمۇ يۇمۇلۇپ، جۇۋالدۇرۇزنىڭ كۆزىچىلىك قالدى. قولىدىكى قالدۇقتىن ئاخىرقى بىر نەپەس ئالدى-دە، يالجىپ يېنىۋاتقان ئوتقا ئاتتى-يۇ، بىر پەس جىمىدى.

— قېنى، كېپەكجان ئاكا، — دېدى بىرىنچى تالىپ يەنە، — نېمىدىن شۇنچە رەنجىپ قالدىلا؟

— نېمىدىن بولاتتى دەيسەن؟ — دېدى ئۇ، «ئېچىلدى ئاغزى، يۇمۇلدى كۆزى» دېگەندەك بىر ئىش بولدى-دە، قار-يامغۇر قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن بۇلارغا ئالدىراپ ئىشىنىپ، غالچىلىقىنى قىلىپتىمەن، ئۇكام. بىزنىڭ

ماۋۇ ھەمدۇل ئىمام دېگەننى «چەك - چەك، خۇدانىڭ ئىشقىدا چەك، ئامما خاسلار بىلمىسۇن پىنھاندا چەك!» دەپ يۇرسە، راستىنلا خۇدانىڭ پاك بەندىسى دەپ چاغلاپتىمەن. نەدىكىنى! ئۇ ھۆپۈپنى يۇگىدىماي يەيدىغان ئادەمكەن. بىر يىلدىن بېرى قىلغان - ئەتكەنلىرى ئاز ئەمەس. سۆزلىسەڭ گەپ بولىدۇ، سۆزلىمىسەڭ دەرد بولىدۇ. سەن ئاڭلاپ قال، بۇ يىل قىش ئۇنىنچى كەنت ياردەمگە بەرگەن 30 تال جەگىدىن ئون تېلى ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. ساقىلىم بىلەن ئۆزۈم توشۇپ بەردىم. ئۆتكەن يىل كۈزدە ھېلىقى چەت ئەلدىن كەلگەن باي ھاجىم بەش تىللا ياردەم بېرىۋىدى، ئىككى تىللانى گايىت بىلەن ئىككىسى مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك يەپ كەتتى. قالغان ئۈچىنى ئىشلەتتۇق دېدى-يۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئۇكام. يەنە بۇ يىل قىش يۇقىرىقى مەھەللىدىكى سادىر دېگەن يالغۇز بالىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە، ناماز ھەققىنى ئاۋۋال بەرمىسەڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيمىز دەپ، يەنە مۇشۇ ھەمدۇل بۇتتەك قېتىپ تۇرۇۋېلىپ، بىر قوينى شۇ يەردىلا ساتقۇزۇپ، پۇلنى چۆنتەككە ئۇرۇپ، ئاران دېگەندە جىنازا ئالدىغا ئۆتتى. تېخى توپا بېشىدىكى شەرمەندىلىكنى دېمەيسەن. قىرىق يۈەن يەرلىك ھەققى كېلىۋىدى، يانچۇقى قۇرۇق سادىر «ھۇ» تارتىپ يىغلاپ كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئىچى ئاغرىپ يانچۇقىنى كولاشقا باشلىۋىدى، شۇ گايىت ئاۋاق ئېتەك تۇتۇپ قوپتى. قاراپ تۇرسام. بەرمىدى دېگەنلىرى بەش موچەن، بەرگىنى بىر - ئىككى كويىدىن تاشلىدى. يېزىمىزنىڭ دوختۇرى ئەدۋەر تۆش يانچۇقىدىن زىرغىرەك بىر قەغەزنى سۇغۇرۇپ تاشلىغانىدى، ئاۋاقنىڭ ئارىدەك بازماقلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. پۇلنى بىرەيلەن خالىس سانىدى. قاراپ تۇردۇم، توپتوغرا ئەللىك بەش كوي چىقتى. ھېلىقى دوختۇر بەرگەن بىر قەغەز يوق. بىر پاش قىلىۋېتەي دېدىمۇ، «قويە، شۇ پەس لەقۋا باي بولۇپ كەتسۇن!» دەپ ئويلاپ ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

— ئې، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، بەندىلىرىڭگە ئىنساپ بەرگەيسەن! — دېدى تالىپچاق ياقا چىشلەپ. پۈشۈلداپ ئولتۇرغان ئىككىسىمۇ ھەيران بولۇشۇپ، ياقا تەشكەن - سويمىدەك ئاغزىلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر - ئۇكىلىرىم، بىز بۇ مەسچىتنى كۆپچىلىكنىڭ پۇل - مېلى بىلەن سالدۇق. شۇنچە بەرگىنى يەتمەي يەنە جامەئىنىڭ مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىمىز دەپ، دىۋانىدەك خۇرجۇن قاچا كۆتۈرۈپ چىقتۇق. خەلق دېگەن بىر دەريا ئىكەن. شۇ كۈنى كەم دېگەندە مىڭ كوي پۇل چۈشتى. مۇراسىم كۈنى تۆتيۈز توقسەن ئۈچ كوي دەپ جاكار قىلىۋاتىدۇ. قالغىنى مۇشۇ ئىككى قىزىل كۆزنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتمەي نەگە باردۇ؟ مۇنداق يالغانچىلارنىڭ زۇۋانىمۇ تۇتۇلۇپ قالمايدىكەن. ئې خۇدا، ۋەيلۇن دوزىخنىڭ راست بولسا، قىيامەت كۈنى شۇنداق كاززاپلارنىڭ تىلىنى ئوتلۇق زەنجىرلىك بىلەن باغلاپ، بۇزۇق دىلىنى زىخ بىلەن داغلاپ ئەدىبىنى بەرگەيسەن، دەپلا تىلەيدىغان بول-

دۇم. خەقلەر بۇ ئىشنى بىلمەيدۇ. يەنە
شۇ ناپاك ئادەملەرنىڭ بىرىنى ئىمام،
بىرىنى مەزىن، يەنە بىرىنى مۇتىۋەللى
دەپ سايلىشىۋالدى. ھۆكۈمەتنىڭ مۇنداق
ئىشلار بىلەن كارى بولمايدىغانىمىدۇ؟!
نېمىدېگەن تويمايدىغان ئادەملەر
بۇ؟ بۇ يەردىن خۇددى لالما ئىت
قارا ئۈچمىدىن بەزگەندەك بەزدىم. دې-
سەم گەپ تولا... ئەمدى ئۇخلاپ قالامدۇق؟

— خوشە، شۇنداق قىلايلى، — دې-
يىشتى تالىپلارمۇ. كېپەكجان «ياﺋاللا»
دېگىنىچە ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭدى.

ئەتىسى بامدات نامىزىدىن يېنىپلا
ئۆگىنىشلى يوق ھۇجرىغا كىرىپ كەل-
گەن ھەمدۇل ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن گا-
يىت مەزىن كېپەكجان بىلەن شۇنداقلا
بىر رەسمىيەت سالىمى قىلىشتى ـ دە:

— كېپەك بەگ، — دېدى ھەمدۇل
ئىمام مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ، — بىز-
نىڭ ئۆيدە ئەتىگەنلىك چاي ئىچىپ
كەلسىلە قانداق؟

— بەگلىرى قۇرۇسۇن ئىمام ئاخۇنۇم،
رەھمەت! مىجەزىم يوق، — دېدى كېپەكجان.

— بۈگۈن ئاۋۋال ئاخشامدىلا چۈش-
لىرى غادىر سكۈل بولۇپ قالغان ئوخشى-
مامدۇ؟ بۈگۈن نامازغىمۇ چىقالماپلا؟

— ھە، ھېلى بىرسى پەشتاق ئۈس-
تىدە مىكىياندەك كاكىراۋىدى، توخۇ
چىللىغان ئوخشايدۇ دەپ، سەنەكىپ
مەپتىمەن.

— بۈگۈنكى چايغا موللىنىزاجىم كې-
لىدۇ. ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن ھەمداستى-
خان بولۇش ساۋاپ، ئىبرىنىمەي بارسىلا.

— خوش، ئۇنى ئۇلۇغ دېسەك رو-
سۇللىلانى نېمە دەيمىز؟

— ھە... ھى... ھى... گەپچىلىك قىل-
ماي، يۈرسىلە، ئۆزلىرى تۈز تائام يەپ
تۇرغان ئۆي.

— زورلىمىسىلا تەقسىر. مەن قارا
تۇرۇك ئادەم بولساممۇ، ئىنساپسىز، قى-
زىلكۆز ئادەملەر بىلەن ھەمتاۋاق
بولمايمەن.

— كېپەك ئاخۇن، — دېدى گايىت
مەزىن جاغال ئۆچكىنىڭكىدەك شالاڭ سا-
قىلىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرۇپ، — ئاش بەر-
گەن قازاننى ئالدىراپ چاقمايلى جۇمۇ-
سىلا؟! كىمنى قىزىلكۆز دەۋاتىدىلا؟

— مەنما تەقسىر؟ مەن، بىرنەنچى-
دىن، كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىپ
ھارام يېگەنلەرنى، ئىككىنەنچىدىن، بەش
تىيىنلىق مالنى ئون تىيىنگە سېتىپ،
قۇشقاچنى قار ياغقاندا تۇتۇدىغانلارنى
دەيمەن.

— ھەببەللى، مانا بۇ گەپ جايىدا! —
دېدى ھەمدۇل ئىمام گايىت مەزىننى
جىملاپ، — ھەر گەپ بولسا چىرايلىقچە
دېيىشەيلى. جۇرسىلە، يەنە ئۆزلىرىگە
مەسلىھەتىمىزمۇ بار، — دېدى ـ دە، ئۇنىڭ
كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ، يۈز-
كۆزلىرىنى چالا ـ بۇلا يۇغۇزۇپلا بىرگە
ئېلىپ ماڭدى.

ئىمام ئاخۇنۇم ئاخشام بولغان پا-
راڭلارنى يېرىم كېچە بىلەن، بايىقى
قارامۇتۇق، پاكار تالىپچاقتىن ئاڭلاپ، يە-
نە شۇ تالىپنى ئىشقا سېلىپ، گايىت
مەزىننى ئويغىتىپ كەلدى ـ دە، ھەممە
گەپنى بىر ـ بىرلەپ سەمىگە سالدى، قان-
داق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.
گايىت غەزەپلىنىپ، جامەدىن ھەيدەپ
چىقىرىش تەلىپىنى قويدى. ئۆز ھايا-

تىدا كۆپنى كۆرگەن ھەمدۇل ئىمام بۇ گەپكە كۆنمىدى ـ دە، شالاڭ، قىزغۇچ ساقاللىرىنى دىقماق بارماقلىرى بىلەن تۇتاملاپ ئولتۇرۇپ:

— گايىت ئاخۇن، ئۆزلىرىنى خېلى ئاقىل ئادەم چاغلاپ يۈرسەم، بەكمۇ كالتە پەم ئىكەنلا. ئۇنداق قىلساق، كويىقاپنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ ئېچىپ، قارا بوران چىقىرىپ قويىمىز ـ دە، سەللە ـ پەرىجىلىرىمىز قارا قۇيۇن ئىچىدە ۋەيران بولىدۇ. ئىناۋەت دەيدىغان گەپمۇ بار ـ دە، — دېدى.

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟

— ئىتنىڭ ئاغزى سۆڭەك بىلەن بېسىقىدۇ.

— ھە، خوش ـ خوش، شۇ...شۇنداق بولمامدىغان، ھە، ھە...

— ئۇنى ئۆزلىرىگە مۇئاۋىن مەزىن قىلىپ تەيىنلەيمىز، ئەتىگەنلىككە مۇشۇ ئۆيدە ئىككى يۈز كوينى ئالدىغا قويىمىز، نېمە كۆرسەك تەڭ كۆردۇق. ئۆزلىرى يۈز كوي چىقارسىلا.

— ھە، يۈ ـ يۈـيۈز كوي؟ ھە، يۈز كوي، — دەپ تەكرارلىدى گايىت پىت كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — مەندە نەدىكى يۈز كوي؟

— ھە، يانچۇقلىرىنى سىلاپ باقسىلا، ئۇنىڭدا بولمىسا كېكىردەكلىرىنى...

مۇشۇ گەپتىن كېيىن گايىت مەزىننىڭ يادىڭغۇ چىرايىغا سەل ـ پەل كۈلكە ياماشتى. ئۇلار باش توخۇ چىللىغاندا يۆتىلىپ، چۈشكۈرۈشۈپ ئورنىدىن قوزغىلىشتى.

راست دېگەندەك، داستىخان ئۈستىدە بىر قەپەس سوقا ـ سۆھبەت بولدى. بۇ يەردە مۇللىنىزاجىمىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئالدى بىلەن ھەمدۇل ئىمام گەپ باشلىدى.

— كېپەكجان، — دېدى ئۇ، — «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. بىز كوتا چۆپقەت دوستلاردىن بولىمىز، ئۆزلىرىگە ئېشىنىپ، بەزىبىر...ھەم...م، ھە، شۇ ـ شۇنداق، ئەل ـ جامائەت ئىچىدە، قوينىڭ قوزىسىدەك ئىناق ئۆتۈپ كەتكىنىمىز تۈزۈك. ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنىمۇ يەردە قويمىدۇق. نا ئۈممىدلىك شەيتانىغىلا خاس، — دېدى ـ يۇ، قوينىدىن يېپيېڭى ئون يۈەنلىكتىن يىگىرمە قەغەزنى چىقىرىپ، يەلپۈگۈچ شەكلىدە ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، — ئاز بولسىمۇ بۇنى خەج ـ خىراجەت قىلىپ، ئۇستىباشلىرىنى مەزىنگە لايىق قىلىپ يەڭگۈشلىۋالسىلا.

بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان كېپەك ئاخۇن:

— ھوي، تەقسىر، بۇ نېمە ئىش؟ ياق، ئالمايمەن، مەن بۇ ئىلتىپاتقا لايىق ئەمەس، — دەپ قول ئۇزاتمىدى. ئىمام ئاخۇنۇممۇ زورلاپ تۇرۇۋالدى. بىكار كەلگەن پۇلنى خەجلەپ ئۆگىنىپ قالغان كېپەك ئاخۇننىڭمۇ دىلى يۇمشاپ قالدى، «باينىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى، ئالە كېپەكباي، بولاپ ئالمىدىڭغۇ!» دەپ ئويلىدى ـ دە، تەستىرەك ئېلىپ، ئىلتىپاتقا جاۋابەن:

— رەھمەت ئاخۇنۇم، بۇمۇ لازىم ئەمەس ئىدى، — دەپ قويدى.

— ئەمدى پېقىرنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ قالدىلا. ئىمام ئاخۇنۇمغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتسىلا. ئەتىلا بازارغا

چىقىپ سەللە، پەرىجە، ئىسكىلاچ مەسەسىتىۋالسىلا. ئەتە جۈمە ۋاقتىدىن بۇرۇن بولسۇن. جۈمە نامىزىغا ئۆزلىرى ئەزان توۋلايلا. بۈگۈندىن ئېتىبارەن غەيۋەت-شىكايەت، نەھى قىلمىشلاردىن خالىي بولۇشىمىز كېرەك، گۇناھ بولىدۇ. بەڭگى-قەلەندەر، ئوغرى-قىمارۋازلاردىن پەرقىمىز بولسۇن. گەپ تامام ۋەسسالام، — دېدى گايىت مەزىنمۇ.

«ئاخىرىدا چىقىۋالدىڭ چايان» دەپ ئويلىدى كېپەك ئاخۇن.

ئەتىسى جۈمە ۋاقتى بولغۇچە، كېپەك ئاخۇن كىرىۋالىدىغان بىر كاۋاك ئىزدەپ ئاۋارە بولدى. كىيىم-كېچەكمۇ ئېلىشقا چىقمىدى. يېزىنىڭ بۇ كالتە بازىرىدا نەدىمۇ مەزىنگە لايىق سەرپاي بولسۇن. شەھەرگە بېرىش كېرەك-تە. راست گەپنى قىلغاندا، كېپەك ئاخۇننىڭ مەسچىت ھاياتىغا بىر يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئەزان ئېيتىشنى بىلمەيتتى، ئۆزىنىڭ مەزىنلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، جۈمە ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، كېپەك ئاخۇن چوڭ ئۆستەڭ بويىدىكى بوستانلىق ئىچىگە چۆكۈپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ياتتى. خۇمارى تازا تۇتتى-يۇ، ئۆزىنى بېسىپ، ئاچچىق تاماكا ئوراپ چېكىپ ۋاقىتنى كۈتتى. ئاخىرى ئەزانمۇ چىقتى. كېپەك ئاخۇن ئۇلۇغ بىر نەپەس ئالدى-دە، ئۆستەڭ لېۋىدە كېلىپ، تالىپ باللارنىڭ ئۆگەتكەن تەلىمى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ تەرەت ئالدى. ئەڭ ئاخىرقى «ۋاقتى نامازا!...» جاكارىسىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ مەسچىتكە يېتىپ كەلگەندە، جامائەت سەپكە تۇرۇپ بولغانىدى. بىر كەمدە گايىت مەزىننىڭ «سەپراس!» دەپ ۋارقىرىغان چىرقىراق ئاۋازى ئىچكىرىدىن ئاڭلاندى. كېپەكبايمۇ بوش كەلمىدى. «سالدىم كېمەمنى تەۋەككۇل دەرياسىغا» دېدىمۇ نېمە، بوم ئاۋازى بىلەن «سەپراس! سەپراس!» دەپ ئۈچ مەرتىۋە توۋلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىچكىرىدىكى ئىمام بىلەن مەزىنگە «ئاكاڭ قارىغاي بۇ يەردە» دەپ بەرگەن بېشارىتى ئىدى.

دەرۋەقە، جۈمە ئوقۇلۇپ بولغاندا، ھەمدۇل ئىمام كېپەكباينىڭ ياردەمچى مەزىنلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى، بۇرۇنقى ۋەزىپىسىنىمۇ ئىشلەۋېرىدىغانلىقىنى، ھەر ئايدا جامائەتتىن ئوتتۇز كوي يىغىپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بەزىلەر كۈلۈشتى، بەزىلەر ياقا تۇتۇشتى ۋە بەزىلەر مۇبارەكلەشتى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىسمى شەرىپىگە «مەزىن» دېگەن ئۇلۇغ نام قوشۇلدى. كېپەك مەزىننىڭ ياشلاردىن ئۈلپەتلىرى خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار بىلەن ئۆستەڭ بويلىرىدا، بوتكىلار ئالدىدا تونۇشقانىدى. ئەمدى ئۇلار گەپ بىلەن قىچىقلاپ ئارام بەرمەيدىغان بولۇۋالدى.

كېپەك ئاخۇن مەزىن بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئالدىراش بىر ئىش بىلەن كېتىۋاتقانىدى، تۆت كوچا دوقمۇشىدا يىغىلىپ قالغان پاراڭچى ياشلاردىن بىرى:

— كېپەك مەزىن، ئىشلىرى بەك ئالدىراشقۇ؟ نەگە ماڭدىلا؟ — دېدى.

— ئۆستەڭ بويى بەك پەيزى بولۇپ كەتتى جۇمۇكىلا، ئاغىنىلەر، — دېدى يەنە بىر بەڭباش يىگىت. كېپەك مەزىن نېمە-

دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، ئۇلارغا
قاراپ كۆلۈپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. بۇ
ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندا، مە-
زىن ئاخۇنۇم كوچىغا چىقمايمۇ باقتى.
يەنە چىقماي بولمىدى. ئۇنىڭ خۇمارى
پات - پاتلا قىستاپ قوياتتى - دە، چىكىقى
چۇش، خۇپتەندىن كېيىن ئۆستەڭ بويىغا
بېرىپ قالاتتى. شۇنچە پىنهان دەپ قا-
رىغان جايدىمۇ هېلىقى كەپسىز ياشلار
بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالاتتى - دە، يېرىم كې-
چىلەرگىچە پىنىنەك تارتىشىپ كېتەتتى.
ئاخىرى ئەزان توۋلاشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى.
يېقىندىن بېرى گايىت مەزىن بامداتقا،
پېشىنگە ئەزان چىللاشنى كېپەك مەزىن-
گىلا بەقشەندى قىلىۋەتكەچكە، خۇمارى تۇ-
تۇپ، كۆزلىرى پورۇلۇپ كەتسىمۇ چىداي-
دىغان بولدى.

كېپەك مەزىننىڭ ئىشلىرى ئىككى
ئايچە داۋاملاشتى. ئەتراپنى ئالتۇن كۆز
مەنزىرىسى قاپلاشقا باشلىدى. كېپەك مە-
زىننىڭ خىيالى «خۇدا بۇيرۇسا، كېلەر
يىلى مۇشۇ كەمگىچە يەتكۈدەك يىغىۋالسام»
دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مانا ئەمدى
ئۇنىڭ يېزىلاردىكى كونا چۆپقەتلىرى
ئەسكى لاتىلارغا مونەكلەرنى ئوراپ ئېلىپ
كېلىشىدىغان بولۇشتى. بەزىلىرى تېخى
«ئوخشاش، بولدى - بولدى، مۇنچىلىك
نەرسىگىمۇ... كەندىرنى ئۆزۈم تېرىغان...»
دېگەندەك پەش - كۇشلار، تەكەللۇپ سۆز-
لەر بىلەن پۇل ئالغىلى ئۇنىمايدۇ.

مانا بۈگۈن يەكشەنبە، بازار كۈنى
كېپەك مەزىننىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى كونا
چۆپقەتلىرىدىن بىرى ئۇچراپ قالدى - دە،
ئۇنى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ، پېتىرمانتا بىلەن
مېھمان قىلىپ، بىردەم ئۇياق - بۇياقتىن

پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، ئاپتاپ يەپ
مەلەق بولۇپ كەتكىنىدىن توخۇ تۇخۇمى
چوڭلۇقىدا بىر دۈگىلەك تەقدىم قىلدى -
دە، تەردىپلەپ ماختاشقا باشلىدى. كېپەك
مەزىننىڭ نەپەسلىرى قۇرۇپ، شۆلگەيلىرى
ئېقىپ، خۇمارى گەجگىسىدىن تۇتتى. ئۇلار
ئاشپۇزۇلدىن چىقىشىپ، چوڭ ئۆستەڭ بو-
يىغا بېرىشتى - دە، دولقۇن ئۇرۇپ ئېقى-
ۋاتقان سۈزۈك سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ،
قولدىن قولغا سۇنۇشۇپ راسا چېكىشىۋال-
دى. كۆزلىرى ئالاچەكمەن، دىلىرى پە-
رىشان بولۇپ، يۆلىنىپ ئولتۇرغان سۆگەت-
نىڭ سايىسىدا ئۇيقۇغا كېتىشتى.

بۇ ئىككى دوست چاي ۋاقتى بىلەنلا
ئۇچراشقانىدى، تېخى ئانچە ۋاقىت ئۆت-
مىگەنىدى. ئۆستەڭ بويىغا تۇتاش ئېتىز-
لاردا ئوت يەۋاتقان بىر سىيىرنىڭ مۆزد-
يىنى چاقىرىپ قاتتىق مۆردىگەن ئاۋازى
كېپەك مەزىننى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى.
ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى-يۇ، گاراڭلاش-
قان ئەپتىنى كۆتۈرۈپ، هېچنەرسىگە
قارىماي مەسچىتكە قاراپ ماڭدى. بازار-
دا ئادەم كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇياق - بۇ-
ياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر كېپەك
مەزىنىنىڭ كۆزىگە بىر تۇرۇپ ئالىيېشىل
بايراقلاردەك، بىر تۇرۇپ ئۇزۇن تانىغا
ئارتىۋەتكەن سودىگەر يايمىلىرىدەك كۆ-
رۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ هېچنېمىگە پەرۋا
قىلماي بېرىپ مەسچىت دەرۋازىسىنى ئاچ-
تى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، پېشىنگە ئەزان چىل-
لاش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق
قىلىپ ئۇ ئۆمىلەپ يۈرۈپ، مىڭ بالالىقتا
پەشتاققا چىقتى. جامە ئەتراپىدىكى هۆپى-
گەرلەرنىڭ كۆزلۈك بازار سودىسى ئەمدىلا
قىزىۋاتقانىدى. كېپەك مەزىن پېشىنگە

ئەزان باشلىنىۋەتتى. «ئاللا... ھۇئەكبەر!...» دېدى - دە، جىمىپ قالدى. ئاردىدىن بىر مەھەل ئۆتتى. «ئاللا... ھۇ ئەكبەر!...» يەنە تەكرارلاندى. سودىگەرلەر سائەتلىرىدىگە، دېھقانلار كۈنگە قاراشتى. «ئاللا... ھۇ ئەكبەر!...» يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاردىدىن بەش مىنۇت ئۆتتى. ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرغانلار ھەيران بولۇشاتتى. ئاللا...ھۇ ...ئەكبەر!» دېگەن تىۋۋلاش تۆتىنچى قېتىم تەكرارلاندى. مانا ئەمدى كۈلكىدىن باشقا گەپكە ئورۇن قالمىغاندى. شۇنداقتىمۇ ئەزاننىڭ ئاخىرى چىقىش لازىم ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ سادا يوق. ئون مىنۇت، يىگىرمە مىنۇت، يەنە جىمجىت. ئەتراپتىكىلەردىن بىرقانچىسى مەسچىت ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى - دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پەشتاق ئۈستىگە چىقىشتى. كېپەك مەزىننىڭ ئەپتىگە قاراپ جىددىيلەشتى. باش كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغان مەزىن پەشتاق ئۈستى پەلەمپىيىنىڭ ئاستىدا خارقىراپ ياتاتتى. ئۇنى كىشىلەر دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى. كېپەك مەزىننىڭ يۈز - كۆزلىرى ئۇ يەر، بۇ يەردىن بولۇپ يەتتە - سەككىز يىپلىق يامالدى. شۇ سەۋەبتىن ئون بەش كۈنچە بالنىتسىدا يېتىپ قالدى. ئۇ ئەمدى دوختۇرخانىدىن چىقماقچى بولۇۋىدى، دوختۇر ئەنۋەر ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ كىرىپ كەلدى.

— خوش، دوختۇر ئەپەندىم، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك قوللىرى، ھەمشىرىلەرنىڭ شەپقىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك بولدۇم، — دېدى كېپەك مەزىن. ئۇ سېستىرا قىزلاردىن ئەينەك سورىدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ ئاچچىق خورسىنىش بىلەن كىنايىلىك كۈلۈپ: «ھە، كېپەك تاتۇق، يېڭى لەقەملىرىڭگە مۇبارەك بولغاي! — دېدى - يۇ، ئوڭ قول بارماقلىرىنى ساناپ، — ھە، كېپەك قىمارۋاز، كېپەك چولاق، كېپەك سالجا، كېپەك مەزىن، مانا بولدۇڭ كېپەك تاتۇق، ئاخىرقى مەرتىۋەڭ ئاخىرقى يالدامىنى قالدۇردى. ئەمدى نەگە بارارسەن؟» دېدى - يۇ، ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. ئەنۋەر دوختۇر ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

— قانچە پۇل كەلدى، دوختۇر ئەپەندىم؟ — دەپ سورىدى كېپەك مەزىن.

— بىز ئۆزلىرىنى ھەقسىز داۋالاپ قويدۇق. بۇ پارتىيىمىزنىڭ غەمخورلۇقى. ئەمدى خاتىرجەم چىقىپ كېتىۋەرسىلە، — دېدى ئەنۋەر. مەزىن دوختۇرلارغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى.

— يوتقان - كۆرپەم تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بىزنىڭ يولداشلاردىن بىرى مەسچىتكە يەتكۈزۈپ بەرسۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى دوختۇر.

— ياق، ئەمدى ئۇ يەرگە بارمايمەن. كاللىمۇ يېمەيمەن، چىشىمۇ چاقمايمەن. مەنمۇ ئىنسان. ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ھالال نان يەپ، ھالال ياشايدىغان يولغا قەدەم تاشلىماقچىمەن. ھازىرلا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ يەر تەلەپ قىلىمەن، — دەپ دوختۇرخانىدىن چىقتى ۋە ئۇدۇل يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ 1988 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

# ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر



يېۋگېنى يېۋتوشېنكو

## شېئىرىي تەربىيلىنىش

ھايات تەجرىبىسى ھەر بىر كىشىنىڭ مۇھىم تەربىيلىگۈچىسىدۇر. ھالبۇكى، بىز بۇ ئۇقۇمغا پەقەت تاشقى كەچۈرمىشنىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى كەچۈرمىشنى يەنى كىتابلار ئارقىلىق ئىگىلىگەن، ئىنسانىيەت تەجرىبىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان كەچۈرمىشنىمۇ كىرگۈزۈشىمىز كېرەك.

گوركىنىڭ ھاياتىدىكى ۋەقەلەر پەقەت كاۋېرىنلار بوياقچىلىق كارخانىسىدا روي بەرگەن ۋەقەلەر بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. بۇنىڭدا ئوقۇغان كىتابلارمۇ بار، ئەگەر بىر ئادەم كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرمىسە، بۇ ئۇنىڭ بەختسىزلىكى، گەرچە، ئادەملەر ھامان بۇ نوقتىنى مۆلچەرلەپ يېتەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋەقەلەر بىلەن تولۇپ تاشقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھالبۇكى ئۇ ئوخشاشلا مۇھىم ۋەقەلەردىن ئوقۇغان نەرسىلەرگە بولغان ئورتاق تەسىرات بىلەن ئورتاق مۇلاھىزىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

بەزىلەر: «مەن كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، ئەمما شېئىرىيەتنى ئەمەس...» دەيدۇ. بۇ گەپتە چىن بولمىغان بىر نەرسە بار — شېئىرىيەتنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم نەسرىي ئەسەرلەرنىمۇ ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى كۆرەلمەيدۇ. شېئىرىي تەربىيلىنىش پۈتۈن ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشنى تەربىيلەش دېمەكتۇر.

شائىر شېرۋىنسكى ئادىللىق بىلەن «شېئىرىيەتنىڭ كىتابخانى ئارتىستۇر» دېگەنىدى. دەرۋەقە، نەسرىنىڭ كىتابخانىمۇ سەنئەتكارغا خاس تەسىرات تەبىئىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ھالبۇكى، شېئىرىيەتنىڭ سېھرىي كۈچى نەسرىي ئەسەرنىڭ سېھرىي كۈچىدىن زور بولىدۇ، ئۇ پەقەت ئىدىيە بىلەن ۋەقەنىڭ قۇرۇلمىسىدىلا مۇجەسسەم بولۇپلا قالماستىن بەلكى سۆز ئىبارىنىڭ ئۆزىدىكى مۇزىكا، ئاھاڭدارلىق، جىلۋىدارلىق، زىنىنەت سۆزلىرىدىكى نازۇكلۇقلاردىمۇ مۇجەسسەم بولىدۇ. پۇشكىنىنىڭ: «سەپسىلىپ قارايمىز ئاپئاق قارلارغا» دېگەن مىسراسىدىكى پۈتۈن يېڭىلىقنى پەقەت يۇقىرى دەرد-

AltunOq

جىدە تەربىيىلەنگەن ئادەملا ھېس قىلالايدۇ. بەدىئىي تىلنى ھەقىقىي يوسۇندا ئۇقۇش (شېئىرىيەت ۋە نەسرىي ئەسەرلەردە كۆكلەپ كۆرۈپلا ئۇچۇر ئېلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى تىل بەخش ئەتكەن شادلىق تۇيغۇسىنى تامشۇنۇش) پۈتۈن ئەسەب ھۆجەيرىلىرى ئارقىلىق بۇ شادلىق تۇيغۇسىنى شۈمۈرۈۋېلىش بۇ خىل تىلنى ھەقىقىي يوسۇندا سېزىنىشكە ماھىر بولۇش دېمەكتۇر... مەن بىر قېتىم كومپوزىتور ستىلاۋىنسكىگە «گىراژدانلار ئائىلىلار، مېنىڭ ناخشامنى...» دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ بېرىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغانىدىم. ستىلاۋىنسكى خۇددى قۇلاق سالمىغاندەكلا ئولتۇراتتى، «بارماقلار گېتارنى ئوينار پەرىشان» دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇ بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى، ھەتتا مەپتۇن بولغىنىدىن كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ: «بۇ مىسرا نېمىدېگەن پەيزى چىققان ـ ھە!» دېدى. مەن ھەيران قالدىم، چۈنكى، بۇنداق سىدام شېئىرنى ھەرقانداق بىر شائىرمۇ سېزىپ ئالالايتتى. مەن تۇغما شېئىرىي تۇيغۇنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن، ئەمما بۇنداق شېئىرىي تۇيغۇنى تەربىيىلەشكە بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

ھالبۇكى، مەن مېنى ئۆمۈر بويى شېئىرىيەتنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەن بارلىق كىشىلەرگە چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى ئىزھار قىلىشنى ئويلايمەن، ئەمما بۇنداق قىلىشقا كېچىكتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مىننەتدارلىقنىڭ تەلتۆكۈس، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى ناتايىن، ئەگەر مەن كەسپىي شائىر بولالىغان بولسام يەنىلا ئۆمۈر بويى شېئىرىيەتنىڭ سادىق كىتابخانى بولغان بولاتتىم.

مېنىڭ دادام گېئولوگ بولۇپ، ئۇ مېنىڭ قارىشىمچە خېلى ئىقتىدارغا ئىگە بەزى شېئىرلارنى يازغانىدى.

قايغۇ ۋە ھەسرەتنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن،
نەگىدۇر بىر ياقتا ئېلىپ كەتسەم باش
ۋە لېكىن يۇلتۇزلار بەك ئېگىز پۈتۈن،
يۇلتۇزچۇن بەدەلگە يوق ھەرگىز تەڭداش!

دادام شېئىرىيەتنى ياخشى كۆرەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان مۇھەببىتىنى ماڭا ئۆتكۈزگەنىدى، ئۇ شېئىرنى تولىمۇ ياخشى يادلايتتى. مەن بەزى يەرلەرنى چۈشەنمەي قالسام، ماڭا چۈشەندۈرۈپ قوياتتى، چۈشەندۈرگەندىمۇ ئۇنداق ـ مۇنداق ئەمەس، بەلكى ئوقۇش گۈزەللىكى، مىسرالاردىكى ئويغاشلىق، ئوبراز قۇدرىتى قاتارلىقلارنى تەكىتلەش يولى بىلەن چۈشەندۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چۈشەندۈرۈشتە پۈشكىن بىلەن لېرمونتوۋلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان شائىرلىرىمۇ بار ئىدى. دادام بىر تەرەپتىن، چۈشەندۈرسە يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان مىسرالارغا مەپتۇن بولۇپ كېتەتتى:

ئايغىرنىڭ ئاستىدا چاقنايدۇ قاردەك،
ناۋاتتەك، ۋاللىداق، خرۇستال نۇرلار.
(ئې. باگرىتسكى)
مەردىكە ـ ماياتنىڭ ئايلىنار گويا،
كېلىنچەك سىرغا ئەمەس ئاسقاندۇر تاقا.
(ب. ۋاسىلىيېۋ)
ماخاچقالادىن باكۇغا قەدەر
يېنىچە قالقىيدۇ كۆكتە نۇرغۇن ئاي!
(ب. كورنىلوۋ)

هەربىي شەپكە ئاستىدا قاش، كۆز،
تەھلىكە سالىدۇ ئوردا، قەسىرگە.
(ن. ئاشىيېۋ)

مىخ سوقسا دۇنيادا بۇ ئاددەملەردىن.
چىڭلىقتا بۇ مىخقا تېپىلماس تەڭداش!
(ن. تىخونوۋ)

تېۋان تېپىك① تېۋان تېپىك بىگانە دىيار،
سېنى ئوراپ ئۈچ مىڭ دەريا
ئۈچ مىڭ دەريا دولقۇنلاپ ئاقار.
(ش. كىرسانوۋ)

دادام ماڭا ھەممىشەم چەت ئەل شائىرلىرىدىن بۇرنس بىلەن كىپلىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى.

ئۇرۇش دەۋرىدە مەن جىما بېكىتىدە چوڭ ئانامنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدۇم. چوڭ ئانام شېئىرنى دادامدەك ياخشى چۈشەنمىسىگەن بىلەن، تاراس شېۋچېنكونى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ھەممىشەم ئېسىگە ئالاتتى ۋە ئۇلارنى ئۇكرائىن تىلىدا يادلاپ بېرەتتى. مەن چوڭ ئورمان كەنتىگە بارغىنىمدا ناخشا ـ قوشاقلارنى ئاڭلىغان، ھەتتا ئۇلارنى خاتىرىلەپمۇ ئالغان، تېخى بىر-ئىككى پارچە بىر نەرسىمۇ يازغانىدىم. ئېھتىمال، شېئىردي تەربىيىلىنىش ئادەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەربىيىلىنىشىدىن ئايرىلمىسا كېرەك. خەلق قوشاقلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالمايدىغان ئادەم شېئىردي گۈزەللىكنى ھېس قىلالامدۇ؟ مېنىڭ ئۆگەي ئاتام خەلق قوشاقلىرىنىمۇ، ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ گارمۇنچى ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ماياكوۋسكىنىڭ «سېرگېي يېسىنىنگە» دېگەن شېئىرىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىدىم. مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى: «ئۇيىنتىپ كالاڭپاي سېمىز تېنىڭنى» دېگەن مىسرالار بولدى. «يېسىنىن دېگەن كىم؟» دەپ سورىغانلىقىم ئېسىمدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن تۇنجى قېتىم ئىسمىنى ئاڭلىغان يېسىنىننىڭ شېئىرلىرىنى ئۇ چاغلاردا تاپقىلى بولمايتتى. يېسىنىننىڭ شېئىرلىرى ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەم خەلق قوشىقى، ھەم ھازىرقى زامان شېئىرى ئىدى.

موسكۋاغا قايتىپ كەلگەنىدىن كېيىن ئېچىرقىغان ھالدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدىم، ئۇ چاغدا نەشر قىلىنغان تاللانما شېئىرلارنىڭ پۈتۈن سەھىپىسىنى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئانتوكولسكىنىڭ «ئوغۇل» ئالىكېرنىڭ «زويا»، سىمونوۋنىڭ «ئاليوشا، ئېسىڭدىمۇ سمولېنسكى يوللىرى»، سوركوۋنىڭ «ھەسرەت سىلەرگە مەنسۇپ ئۇردىر، يىپ، رېپىنىنىڭ ئانىلىرى...»، گۇدزېنكونىڭ «بىز بىكارغا ئاسرىمىدۇق دوستلۇقنى، بىر سۆك يەرنى ئاسرىغاندەك جەڭچىلەر، قىيىلغاندا ئۇلار جېنى جەڭ ئارا»، لوكونىننىڭ «دالا شىپاخانىسى، ئاپئاقچىلىق، تاملاردىن ئاڭقىيدۇ نەمخۇش ھاك ھىدى...»، مېدىلوۋنىڭ «كاربىنو يېنىدا تۇرغان بىر ئوغۇل»، لىۋوۋنىڭ «ئەزىمەت بولمايدۇ تۇغۇپ قويسىلا»، دۇدىننىڭ «يىگىتلەر پولياغا ئېيتىپ قويۇڭلار، بولبۇللار سايرىدى بۇ يەردە بۈگۈن» دېگەن شېئىرلىرى مېنىڭ قەل-

① تېۋان تېپىك — مىكسىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمى.

بىمگە ئېقىپ كىرىپ، گەرچە مەن تېخى بالا بولساممۇ مېنى ئورتاق تەسىرلىنىش خۇشاللىقىغا چۆمدۈردى. ھالبۇكى، ئۇرۇش يىللىرىدا ھەتتا باللارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆرەش قىلىۋاتقان ئۇلۇغ خەلقىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدى.

مەن شېپىنېرنىڭ «شەھەر ئەتراپى» دېگەن شېئىرلار توپلىمى بىلەن ئۇنىڭدىكى كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان مۇنۇ ئوبرازنى ياخشى كۆرەتتىم:

ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك، پاقا ئۆزىنىڭ غەرەزسىز يېشىل ياقۇتتەك كۆزلىرىنى ئاستا مىدىرلىتاتتى، خۇددى بىر كىچىك مەبۇتتەك. «چىقىۋېلىپ بۇلاق بويىدىكى ياغاچ ئۈستىگە» ئۇ چاغدا تۋاردوۋسكى ماڭا تولىمۇ ئاددىي، پاستېرناك بولسا تولىمۇ مۇرەككەپ تۇيۇلاتتى. تىيوتچېۋ بىلەن باراتىنسكىدەك شائىرلارنى بولسا ئوقۇپمۇ باقمىغانىدىم. ئۇلار مېنىڭ نەزەرىمدە تەمسىز، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە بىز باشتىن كەچۈرگەن تۇرمۇشتىن بەكمۇ يىراق ئىدى.

بىر قېتىم مەن دادامغا فاشىستلار تەرىپىدىن بۇداپېشتتا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن سوۋېت ھەربىي ئەلچىسى ھەققىدىكى شېئىرىمنى ئوقۇپ بەردىم:

كاتتا بىر شەھەردە تۇتەك ۋە مانان،
بىر دۈشمەن سوقۇنغان، تۇرار جىم ساقلاپ.
قولىدا قىزىلتۇغ ھەربىي ئەلچىنىڭ،
ئۇي يەتمەس گۈل گويا تۇرغان ئۇ چاقناپ.

دادام تۇيۇقسىزلا «ئۇي يەتمەس» دېگەن بۇ سۆز شېئىردىي مەنىگە ئىگە دېدى.

1947 - يىلى مەن دزېرژىنسكى رايونى پېئونېرلار ئۆيىدىكى شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىدا ئوقۇدۇم. بىزنىڭ رەھبىرىمىز ل. پوپوۋا ئەلىدىن ئۆزگىچە بىر ئايال ئىدى.

ئۇ بەزى گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ شەكىل سىنىقىغا قىزىقىپ كېتىشىنى ئەيىبلەش بوياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بۇنداق قىزىقىشنى بىر ئامال-لاپ قوللاپ قۇۋۋەتلەيتتى. ئۇ شائىرلار بەلگىلىك ياشقا كەلگەندە شەكىلۋازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشتىن ساقلىنالمايدۇ، دەپ قارايتتى. ساۋاقداشىمنىڭ: «كۆز قېچىپ كەتكەچكە يىراققا بەدەر، چاقنايدۇ ياپراقتا سېرىق چېكىتلەر» دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرى بۇنىڭ مىسالى. مەن ئۇ چاغدا مۇنداق يازغانىدىم:

قەھرىمان، كېپىلگىنىڭ قەھرىمانلىرى،
ھەر كۈنى ۋېسكى-لەن كۈتۈپ ئالىسەن.
ھەر ئورام ئىچىدە ئوينىغان ساپ قان،
بېسىلغان ھەر ئورام چاينىڭ ئۈستىگە.
مۆھۆرمۇ، تامغىمۇ دەپ ھەم قالىمەن.

بىر كۈنى بىرقانچە شائىر — ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ۋىنوكوروۋ، ۋانشېكىن، سولوئوخىن، گانابىن، كاپانوۋلار بىزگە مېھمان بولۇپ كېلىشتى، ئۇلار تېخى ياش بولسىمۇ ئالدىنقى سەپنىڭ سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. تەبىئىيكى، مەن ھەقىقىي شائىرلار بىلەن بىللە ئۆزۈمنىڭ شېئىرلىرىنى مەغرۇرلانغان ھالدا ئوقۇدۇم.

ئۇلار ھەربىيلەرنىڭ ئىككىنچى

ئەۋلادىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، مەملىكىتىمىز شېئىرىيىتىگە نۇرغۇن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشقان، لىرىكىلىقنى قوغدىغان، بەزى قېرىراق شائىرلار بولسا لىرىكىلىقتىن چەتنەشكە باشلاپ، چىرايلىق قۇرۇق گەپلەر تەرەپكە ماڭغانىدى.

ۋانىشكىنىنىڭ كېيىن ئىجاد قىلغان، مۇقامى تۆۋەنرەك لىرىك شېئىر «كىچىك ئوغۇل بالا» بىلەن ۋىنوكۇرۇۋنىڭ «ھاملىت» مېنىڭچە، بەجايىكى پارتلىغان بومبىدەك تەسىرات پەيدا قىلغانىدى.

باراتىنسكىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — پىئونېرلار ئۆيىدىكى شېئىر ئوقۇش يىغىنىدىن كېيىن ۋىنوكۇرۇۋ مېنىڭدىن سورىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا «بىز قىزغۇچ ئېرەنىنىڭ قىزغۇچ بەرگى بىز» دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ بېرىشكە باشلىدىم. ياش دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ سول كۆزى ھەيرانلىق ئىلكىدە پىرىلداشقا باشلىدى، ياش ۋە كەچۈرمىشلەردە روشەن پەرقلەر بولسىمۇ بىز دوستلۇق ئورناتتۇق.

مەن ئۆمرۈم بويى شائىر ئاندرى روستالىغا مىننەتدار بولۇشۇم كېرەك. ئۇ ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ياش گۋاردىيە نەشرىياتىنىڭ ئەدەبىيات مەسلىھەتچىلىك بۆلۈمىدە ماڭا ھەر كۈنى دېگۈدەك يېتەكچىلىك قىلدى. ئاندرى روستالى ماڭا لېئونىد مارتىنوۋنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆرسىتىپ قويدى، مەن شۇ ھامان ئۇنىڭدىن تەڭداشسىز ئاھاڭدارلىقنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم — گۈللەر كۆپ چىمەندە تونەپ قالامسىز؟

1949 - يىلى مېنىڭ يەنە بىر قېتىم ئامىتىم كەلدى. مەن «سوۋېت تەنتەربىيىسى» گېزىتخانىسىدا مۇخبىر ۋە شائىر نىكولاي تاراسوۋ بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مېنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىمنى ئېلان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەن بىلەن ئىنتايىن ئۇزۇن ۋاقىت بىللە ئولتۇرۇپ، شېئىرىمدىكى قايسى مىسرانىڭ ياخشى ۋە قايسى مىسرانىڭ ناچارلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنى ماڭا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇنىڭ دوستلىرى — شۇ چاغدىكى يەر شارى فىزىكىشۇناسى، ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدچى ۋ. بارلاس ۋە مۇخبىر ل. پلاتوۋ — ھازىر «پۇتبول ئەگرى كالتەك توپى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى — ماڭا شېئىرىيەتتىن نۇرغۇن بىلىم بەردى، مېنىڭ ئوقۇشۇم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ساقلىغان كىتابلىرىدىن نادىر نۇسخىلارنى تاللاپ بەردى. ھازىر مېنىڭ قارىشىمچە، تۋاردوۋسكى ئەمدى ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، ئەمما پاستېرناك يەنىلا ئىنتايىن مۇرەككەپ.

مەن ئەخمەتوۋا، سۋېتايېۋا، مېندېلىشتاملارنىڭ ئىجادىيىتىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدىم.

ئەمما مېنىڭ ئاشۇ چاغلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىمدا كېڭەيتىلگەن «شېئىردىي بىلىملىرىم» تامامەن ئەكس ئەتمىگەنىدى، بىر كىتابخان بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن ئۆزۈمدىن — شائىردىن ھالقىپ كەتكەنىدىم. مەن ئاساسەن كىرسانوۋقا تەقلىد قىلاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ مېنى ماختىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ھالبۇكى، كىرسانوۋ مېنىڭ تەقلىدچىلىكىمنى توغرا ئەيىبلىدى.

ۋلادىمىر سوكولوۋ بىلەن بولغان دوستلۇق مېنىڭدە مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر پەيدا قىلدى. مۇنداقچىلا ئېيتسام، ئوتتۇ-

را مەكتەپ شاھادەتنامەمنىڭ يوقلۇقىغا
قارىماي، ئۇ مېنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇ-
تىغا كىرىشىمگە ياردەم قىلدى، سوكولوۋ
شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى
ئەۋلاد ئىچىدە ئۆز تالانتىنى لىرىك ئىپادە
قىلغان تۇنجى شائىر. ماڭا ئىنتايىن
ئايدىڭكى، سوكولوۋ شېئىرىيەتنى قالتىس
چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىشتىياقى گۇرۇھ قىس-
مەنلىكىنى يوقتۇرۇپ ئالمىغان، ئۇ شائىر-
لارنى ئەزەلدىن «ئەنئەنە گۇرۇھى»، «يې-
ڭىلاش گۇرۇھى» دەپ بۆلمەستىن، پەقەت
ياخشى ۋە يامانغىلا بۆلەتتى. ئۇ مېنى
ھامان ئاشۇنداق تەربىيلەيتتى.

مېنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدىكى
ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىم ماڭا شېئىرىيەتنى
چۈشىنىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەردى.
شېئىرىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز
بەزىدە سىنىپ ياكى دەھلىزلەردە كەسكىن-
لىشىپ كەتسىمۇ لېكىن بەربىر سەمىمىي
ئىدى.

ساۋاقداشلىرىمنىڭ دەل مۇشۇنداق
كەسكىن سەمىمىيلىكىلا مېنىڭ ياسىملىق-
تىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم قىلدى. مەن
«ۋاگون»، «ئۇچرىشىش ئالدىدا» دېگەن
شېئىرلىرىمنى يازدىم. يەنە كېلىپ بۇ مېنىڭ
جىددىي خىزمىتىمنىڭ باشلىنىشى
ئىدى.

مەن مەشھۇر، ئەمما تا ھازىرغىچە
مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن شائىر نىكولاي
گلازكوۋ بىلەن تونۇشتۇم، ئۇ چاغدا ئۇ
مۇنداق دەپ يازغانىدى:

مە ئۆزۈم تۆگەتتىم ئۆز ھاياتىمنى
كۆن بويىدېھنەتتىن قول ئۈزۈپ بىراق،
بۇ ساختا دېڭىزدىن ئېتىزلارغىچە
يول يەنە يىراقتۇر تولىمۇ يىراق.

مەن گلازكوۋتىن ئاھاڭدارلىقنىڭ چاچما
ئەركىنلىكىنى ئۆگەندىم. سلوتسكى
شېئىرىيىتىنى بايقاش مېنىڭدە زىلزىلە
خاراكتېرلىك تەسىرات پەيدا قىلدى. بۇ
شېئىرلار شېئىردىي مەنگە قارشىدەك قىلاتتى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ شېئىرلاردا
تۇرمۇشنى شەپقەتسىز پاش قىلىدىغان
شېئىرلارنىڭ ئاھاڭى جاراڭلايتتى. ئەگەر
مەن بۇرۇن ئۆز شېئىرىمدىكى «نەسىردىي
جۈملە» لەر بىلەن تىرىشىپ كۈرەش قىل-
غان بولسام سلوتسكى شېئىرلىرىنى
ئوقۇغاندىن كېيىن ھەددىدىن زىيادە
يۈكسەك «شېئىردىي جۈملە»لەردىن بار كۈ-
چۈم بىلەن قاچىدىغان بولدۇم.

بىز بۇ ياش شائىرلار ئەدەبىيات
ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا ئۆز-
ئارا بىر - بىرىمىزنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ
كېتەلمىگەندۇق. روبېرت. روۋدېستۋېنس-
كىنىڭ بەزى شېئىرلىرى بىلەن مېنىڭ
1953 — 1955 - يىللار ئارىلىقىدا يازغان
شېئىرلىرىم ئۆزئارا بىر - بىرىگە خۇددى ئىك-
كى تامچە سۇدەك ئوخشايتتى. ھازىر
مەن ئۇلارنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلمەسلىكىنى
ئۈمىد قىلىمەن: بىز ئوخشىمايدىغان يول-
نى تاللىۋالدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خۇددى
ھاياتنىڭ ئۆزىدەك تولىمۇ تەبىئىي ئىش.

بىر تۈركۈم ئايال شائىرلار مەيدان-
غا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىزىقار-
لىقى ئېھتىمال، ئەخمەتوۋا، مورىس، ماتۋېيې-
ۋا بولسا كېرەك. شىمالدىن قايتىپ
كەلگەن سېملىياكوۋ پاكلىقتا تولۇپ تاش-
قان رومانتىزملىق داستان «جىددىي مۇھەب-
بەت»نى ئېلىپ كەلدى. سېملىياكوۋنىڭ
قايتىپ كېلىشى تۆپەيلى شېئىرىيەت ساھە-
سى تېخىمۇ مۇستەھكەم، تېخىمۇ ئۈمىدلىك

Altun0q

ساھەگە ئايلاندى. ساموئىلوۋ ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چار پادىشاھ ئىۋان ھەققىدىكى شېئىرى «چايخانا» ئۇنىڭغا دەرھال يۈكسەك دەرىجىدە سۆپەتلىك بۈيۈك ئۇستازغا خاس مۇستەھكەم ئابروي بەخش ئەتتى. بورىس سلوتسكىنىڭ «كولوندىكى توزاق»، «ئوكياندىكى ئات»، «تۇتۇنۇشتىن كېيىن ئوينىتايلى مۇشت»قا ئوخشاش شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن يېڭىلانغان شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت ئوكۇزاۋانىڭ دەۋر تىنىقى ئۇخچۇپ تۇرىدىغان ناخشىلىرىنى ئېيتماقتا ئىدى. ئۇزۇن مەزگىللىك بوھراندىن قۇتۇلغاندىن كېيىن لوگوۋوسكوي «بىلگىنىڭكى، مەن بىلگەن ئۇ ئايال ئەمەستۇر مەۋجۇت» دېگەن شېئىرىنى يازدى، سۋېتلوۋنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلغۇچى پاك ۋە سۈزۈك ئاھاڭى يەنە جاراڭلاشقا باشلىدى، تۋاردوۋسكىنىڭ «يىراقتىن - يىراقلار» دېگەن داستانىدىكى كۆلىمى زور ئەسەرلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. خالايىق مارتىنوۋنىڭ يېڭى شېئىر توپلاملىرى، زاپوروسكىنىڭ «كۆرۈمسىز قىزچاق» دېگەن ئەسەرلىرىگە قىزىقىشقا باشلىدى. ۋوزنېسېنسكىي خۇددى ئۇچقۇندەك پەيدا بولدى. شېئىرىي توپلاملارنىڭ بېسىلىش سانى كۆپىيىشكە باشلىدى، شېئىر كەڭرى مەيدانغا يۈزلەندى، بۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن مەيلى مەملىكىتىمىزدە ياكى دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە بولسۇن، بولۇپ كۆرمىگەن. ھازىر شېئىرىيەتكە بولغان ئىشتىياق تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىل. مەن شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەنكى، مەن ئۆز ئۆمرۈمدە شېئىرىيەت خەلقىنىڭ ئىشىغا ئايلانغان دەۋرنىڭ گۇۋاھى بولدۇم. «كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قۇدرەتلىك ئەكس سادا — روشەنكى مۇشۇنداق دەۋر!» بۇ تامامەن توغرا ئېيتىلغان سۆز.

ھالبۇكى، قۇدرەتلىك ئەكس سادا پەقەت شائىرغا ئىنتايىن زور ھوقۇق بەخش ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئىنتايىن زور مەجبۇرىيەتنىمۇ يۈكلىدى.

بىر شائىرنىڭ تەربىيىلىنىشى شېئىرىي تەربىيىلىنىشتىن باشلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر بىر شائىر مەجبۇرىيىتى بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلەش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلەلمىسە، ھەتتا ئۇ مول كەسپىي تەجرىبىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ خېيىمغا يېنىپ كېتىدۇ. ئويلاپ چىقىرىلغان مۇنداق بىر چىرايلىق گەپ بار: «ھېچكىم ھېچكىمگە قەرزدار ئەمەس!» ئادەم ئادەمگە قەرزدار، بولۇپمۇ شائىرلار تېخىمۇ شۇنداق.

شائىر بولۇشنى ئويلىغان ئادەم ئۆزىنى قەرزدار ئادەم دەپ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. شائىر ئۆزىگە شېئىرىيەتنى قىزغىن سۆيۈشنى ئۆگەتكەن كىشىلەرگە قەرزدار، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا ھايات ئەھمىيىتىگە ئىگە ھېس - تۇيغۇلارنى بەرگەن.

شائىر ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن شائىرلارغا قەرزدار، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا تىل قۇدرىتىنى بەرگەن.

شائىر ئۆزىگە زاماندash شائىرلارغا، ئۆزىنىڭ كەسپداشلىرىغا قەرزدار، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەپىسى ئۇ نەپەس ئالغان ھاۋا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ نەپىسى ئۇلار نەپەس ئالغان ھاۋانىڭ بىر كىچىك قىسمى.

شائىر ئۆز كىتابخانلىرىغا، دەۋرداشلىرىغا قەرزدار، چۈنكى ئۇلار شائىرنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق دەۋر بىلەن ئۆزىنى ئىپادىلەشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شائىر كېيىنكى ئەۋلادلارغا قەرزدار، چۈنكى ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە شائىرنىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق بىزنى كۆزىتىدۇ.

بۇ ئېغىر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەختلىك قەرزدارلىق تۇيغۇسى ئەزەلدىن

مېنىڭدىن ئايرىلغىنى يوق، ئىسلاھىم، كەلگۈسىدىمۇ ئايرىلمىغاي!

پۇشكىندىن كېيىن، شائىرلارنىڭ گىراژدانلىقىنىڭ سىرتىدا يۈرۈشنى خىيال قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى، ھالبۇكى، XIX ئەسىردىكى ئاتالمىش «ئاددىي پۇقرا» شېئىرىيەتتىن يىراق ئىدى، چۈنكى ئۇلار ساۋاتسىز ئىدى. ئەمەلىيەتتە شېئىرنى زىيالىيلارلا ئوقۇپ قالماستىن، ئىشچىلارمۇ، دېھقانلارمۇ ئوقۇيدۇ. گراژدانلىق دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. ئۇ شائىرلار بىلەن خەلقنىڭ مەنىۋى مۇناسىۋىتىدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە دېرەك بېرىپ تۇرماقتا. مەن لىرىك شېئىرلارنى يېزىۋاتقان چېغىمدا بۇ شېئىرلارنى خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆزى يېزىۋاتقاندەك، بۇ شېئىرلار نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن يېقىنلىشالايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

مەن تارىخىي داستان تېپىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىۋاتقان چېغىمدا، ئۆزۈم يېزىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەدەپ ئۆزۈمنى كۆرۈشنى ئويلايمەن. فلوبېر: «بوۋارى خانىم — مەن» دېگەنىدى. ئۇ فرانسىيىدىكى مەلۇم بىر زاۋۇتنىڭ ئايال ئىشچىسىغا شۇنداق دېيەلەرمىدى؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق دېيەلمەيتتى. مەن بولسام «بۇرادىسكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى» دېگەن ئەسىرىمدىكى نىيۇشكا ۋە باشقا داستان، شېئىرلىرىمدىكى نۇرغۇن قەھرىمانلارغا «نىيۇشكا — مەن» دەپ ئېيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. XIX ئەسىردىكى گراژدانلىقنىڭ خۇددى بۈگۈنكىدەك، بارلىق دۆلەتلەر، تەقدىرنىڭ بىر تۈگۈنىگە تۈگۈلۈپ ئىنتېرناتسىئونالىستىك گراژدانلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەن بۇرادىسكىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ياكى شىمالنىڭ بېلىقچىلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان جايلاردىن — ئامېرىكا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە باشقا نۇرغۇن مەملىكەتلەردىن مەنىۋى جەھەتتە ماڭا يېقىنلىشىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەيمەن. ۋەتەن مۇھەببىتى بولمىسا شائىرمۇ بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە بولسا، پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك كۆرەش بولمىسا شائىرمۇ بولمايدۇ.

دۇنيادا تۇنجى سوتسىيالىستىك مەملىكەتنىڭ — ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى بىلەن ئىنسانىيەت ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەمەلگە ئاشۇرغان غايىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى سىناقتىن ئۆتكۈزمەكتە — شائىرى بولماقچى بولسىڭىز بۇ سىزگە ئالاھىدە مەسئۇلىيەت ئاتا قىلىدۇ. ھازىر ۋە كەلگۈسىدە مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتى، مەملىكىتىمىز شېئىرىيىتىنى ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ھەر قانداق ھۆججەتنىڭ ئۆزى پىسخىك تەھلىل جەھەتتىن پاكىتنىڭ ماھىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سوۋېت ئەدەبىياتىدىكى ئېسىل نەرسىلەر يۈكسەكلىك، ئەخلاقىيلىق، ھۆججەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنداق ھۆججەتلەر پەقەت يېڭى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت شەكىللەندۈرگەن سىرتقى ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەگەر مەملىكىتىمىز شېئىرىيىتى تۇرمۇشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇرمىلاش تەرەپكىمۇ تېيىلىپ كەتمەي، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئويغاشلىقىنى رېئالىزم يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا، ئۇ جانلىق، نەپەس ئېلىۋاتقان، تىرىك تارىخىي دەرسلىككە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بۇ دەرسلىك ھەقىقىي بولىدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ بىزنىڭ خەلقنى تەربىيىلەيدىغان ھۆرمەتلىك ۋە مۇناسىپ تۆھپىمىز بولۇشقا تامامەن ھەقلىق.

شائىر ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش — باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرىي تەربىيىلىشىگە ئۇچرىغان بىر شائىرنىڭ ئۆز شېئىرى بىلەن كىتابخانلارنى تەربىيىلەشكە باشلىغان ۋاقتىدا پەيدا بولىدۇ. «قۇدرەتلىك ئەكس سادا» ئۆرۈلۈپ كېلىپ قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ يانغان دولقۇن كۈچى بىلەن شائىرنى غۇلىتىپ تاشلىشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر شائىر مۇستەھكەم بولمىسا زەخىملىنىدۇ، ھەتتا شېئىرىي ۋە دەۋرىي ئاڭلاش سەزگۈسىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئەكس سادانىمۇ تەربىيىلەشكە بولىدۇ. شۇڭا، شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ يانغان دولقۇنىنىڭ تەربىيىلىشىگە ئۇچرايدۇ.

مەن كىتابخان بىلەن چوقۇنغۇچىلارنى كەسكىن ئايرىيمەن. كىتابخان شائىرغا پۈتۈن مۇھەببىتىنى بېغىشلايدۇ. ئۇ ئېزگۈ ئەمما تەلەپچان كېلىدۇ. بۇنداق كىتابخانلارنى كەسپداشلىرىم دائىرىسى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى — بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىكى كەسىپىي ئۆزئارا مۇتلەق ئوخشىمايدىغان كىشىلەر ئىچىدىن تاپقىلى بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ مەڭگۈ يوشۇرۇن ھەمكارلاشقۇچىلىرى. مەن ئۆزۈمنى بۇرۇنقىدەكلا شېئىر بىلەن تىرىشىپ تەربىيىلەيمەن. مەن ھازىر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياخشى كۆرۈپ قالغان تىيوتچېۋنىڭ شېئىرىنى تەكرار ئوقۇيمەن:

ئالقىشلار ئالسىمۇ سۆزىمىز گەرچە،
غايىبىنى بىلمەيمىز، يوق بۇڭا ئىمكان.
ھېسداشلىق بەرسىمۇ بىزلەرگە بارچە،
بەرگەندەك ھەيۋەتلىك سەلتەنەت سۇبھان!

مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن، چۈنكى مەن بۇنداق ھېسداشلىققا ئاز ئېرىشىمىدىم، ھالبۇكى مەن بەزى چاغلاردا، بۇنداق ھېسداشلىقلارغا تولۇق مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن-بىلدۈرمىگەنلىكىمنى بىلمەي قالدىغانلىقىمغا قايغۇرىمەن.

مەن ھەممىشەم يېڭىدىن شېئىر يېزىۋاتقانلارنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالىمەن، ئۇلار مەندىن: «قانداق پەزىلەتلەرنى تەييارلىغاندا ھەقىقىي شائىر بولغىلى بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

مەن ئەزەلدىن ماڭا باللارچە قويۇلغان بۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بەرمىگەنىدىم، گەرچە يەنىلا باللارچە ئىش بولسىمۇ، ئەمما ھازىر جاۋاب بېرىپ باققۇم كەلدى.

بۇنىڭدا تەخمىنەن مۇنداق بەش پەزىلەت بار:

1. ۋىجدانلىق بولۇشىڭىز كېرەك، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا شائىر بولغىلى بولمايدۇ.

2. ئەقىللىق بولۇشىڭىز كېرەك، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا شائىر بولغىلى بولمايدۇ.

3. جاسارەتلىك بولۇشىڭىز كېرەك: ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا شائىر بولغىلى بولمايدۇ.

4. پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ شېئىرىنى ياقتۇرۇپلا قالماي، باشقىلارنىڭ شېئىرىنىمۇ ياقتۇرۇشىڭىز كېرەك، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا شائىر بولغىلى بولمايدۇ.

5. شېئىرنى قالتىس ياخشى يېزىش كېرەك، ئەمما سىزدە يۇقىرىقى پەزىلەتلەر بولمىسا، يالغۇز ياخشى يېزىش بىلەنلا شائىر بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى:

ئاتىنى ئەگەشكەن ئوغۇلدەك،
خەلقتىن ئايرىلماس ھەقىقىي شائىر!

شېئىر — بارچىغا ئايان سۆز بىلەن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىش ئېڭى، «خەلق ئۆز-ئۆزىنى بىلىش مەقسىتىدىلا ئۆزىنىڭ شائىرلىرىنى يارىتىدۇ».

1975 - يىل

(«يېۋتوشىنكوۋ شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى.)

تەھرىرلىگۈچى: كامىل تۇرسۇن.





## ئەرەب ئەدەبىياتى

ئەرەب ئەدەبىياتى دەسلەپتە ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، كېيىنچەرەك ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتى بولسا بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرى ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جاھىلىيەت دەۋرى ئەدەبىياتى (476 — 622): بۇ دەۋردە ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ياشىغۇچى ئەرەبلەر باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى باسقۇچىدا بولۇپ، ئۇرۇق - قەبىلىلەر چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۆزئارا دائىم دېگۈدەك سۇ، يايلاق، چارۋا مال تالىشىپ ئۇرۇش قىلىشاتتى، قەۋم - قېرىنداشلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۇرۇشلىرى بەكمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا قەبىلىلەرنى مەدھىيىلەش، قېرىنداشلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۇرۇشلىرى ۋە قەبىلىلەر ئارا بولغان جەڭلەر شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىدى. ئۇ زامانلاردا ئۇرۇش كۈندۈزى بولىدىغان بولغاچقا، ئەرەبلەر شېئىر توپلاملىرىنى «يەۋم» ① دەپ ئاتىشاتتى. مەشھۇر ئەرەب ئەدىبى ئەبۇ ئۇبەيدە (مىلادى 728-825 - يىللار)، ئىسپاھانى (مىلادى 897 — 967 - يىللار) بىلەن مەدانى (؟ - 1124) قاتارلىقلار نۇرغۇن «يەۋم» لەرنى توپلىغانىدى. بۇلاردىن ئەرەبلەرنىڭ چارۋىچىلىق - كۆچمەنلىك ھاياتىدا يۈز بەرگەن ۋەقە - ھادىسىلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى (610 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە) دىن تەخمىنەن 150 يىل بۇرۇنقى شېئىر - داستانلار ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى ئەرەب شېئىرلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى نەسرىي ئەسەرلەر، ماقال - تەمسىللەر، نۇتۇقلار، ھېكايىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يوقىلىپ كەتكەن. ھازىرغا قەدەر كۆپرەك تارقالغانلىرى شېئىر - غەزەللەر بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىنلىرى ۋە سۆز - ئىبارىلىرى بىرقەدەر پاساھەتلىكتۇر. بۇنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇرراقى «مۇئەللەقات» ② بولۇپ، ئۇ ئاتاقلىق يەتتە شائىرنىڭ ئەسىرىدۇر. بۇلاردىن

ئىمرۇۇلقەيس (تەخمىنەن مىلادى 497 — 545 - يىللار) ئەنئەنىۋى ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ ئىجادچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ 81 مىسرالىق «مۇئەللىقات» ىدا 5 - 6 ئەسىرلەردىكى ئەرەبلەرنىڭ كۆچمەن - چارۋىچىلىق ھاياتى بىلەن بۇ شاھزادە شائىرنىڭ ئۆز ھاياتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەنگەن. ئۇندىن قالسا، چەۋەنداز شائىر ئانتارابىن شەدداد (مىلادى 525 — 615 - يىللار) نىڭ يازغان «مۇئەللىقات»ىمۇ لىرىك ۋە بايان خاراكتېرلىك بولۇپ، كېيىنكى ئوبزورچىلار ئانتارابىن شەددادنى ئۆتكۈر، باتۇر ۋە كۈچ - قۇدرەتنىڭ سىمۋولى دەپ باھالاشقاندى. يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، «مۇئەللىقات» لارنى ئاببىاسىيلار دەۋرىدە ياشىغان ھاممادراۋىيە (مىلادى 694 — 722 - يىللار) توپلىغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئەرەبلەر ئۇنى شېئىرىيەتنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كەلمەكتە.

شۇ دەۋردە، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا يەنە جاھانگەشتى ئەزىمەتلەردىن چىققان شائىرلارمۇ بولۇپ، تەئاباتا شەررا (؟ — 450)، شانفارا (؟ — 525) قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇر ئىدى. ئۇلار يوقسۇللۇقتا ياشىسىمۇ، چوڭ ئەمەلدار ۋە ئىمتىيازلىقلارنى مەنسىتمەيتتى، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئىجتىمائىي رېئاللىققا نىسبەتەن نارازىلىق ۋە قارشىلىق ئىپادىلىنەتتى، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. مەرسىيە ئىجادىيىتى بىلەن داڭ چىقارغان شائىرە خەنسا (575 — 644)، ھەجۋىي شېئىرلىرى بىلەن تونۇلغان شائىر خۇۋەيئە (؟ — 679) لەر مۇشۇ دەۋردە ياشىغان شائىرلاردۇر.

جاھىلىيەت دەۋرىدە شائىرلار قەبىلىلەر ئارا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۆز قەبىلىسىنىڭ ۋەلىسى، قەھرىمانى، ھەتتا داھىيسى بولۇش شەرىپىگە سازاۋەر ئىدى. شائىرلار نام چىقىرىش بىلەنلا قەبىلىسى ئۇنىڭغا ئاتاپ تەنتەنىلىك مۇراسىملار ئۆتكۈزەتتى. بۇ قەدىمكى شېئىرلار ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈپ خاتىرىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەرەب خەلقى تەرىپىدىن «ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىي ھۆججەتلىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرى ۋە ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكى ئەدەبىيات(622 — 750):

7- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تارقاق قەبىلە ھاياتى كەچۈرۈۋاتقان ئەرەبلەر ئىسلام بايرىقى ئاستىدا تەدرىجىي بىرلەشكەن مىللەت ۋە دۆلەت بولۇپ شەكىللەندى ھەممە سىرتقا قاراپتا كېڭەيمىچىلىك قىلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شېئىرىيەت كۈچلۈك دىنىي تۈس ۋە سىياسىي تۈسكە ئىگە بولدى. ھەسسەن بىن سابىت (؟ — 674) ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاساسەن مۇھەممەد پەيغەمبەرنى مەدھىيىلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا مەدەت بەرگەنىدى. تۆرلۈك دىنىي مەزھەبلەر ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي كۆز قاراشلىرىنى تەشۋىق - تەرغىب قىلىش ياكى ئەسكەرلەرنىڭ پىداكارانە جەڭ قىلىشلىرى ئۈچۈن يېزىلغان نۇتۇق تېكىستلىرى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي شەكلى بولۇپ قالغانىدى.

ئەمەۋىيلەر ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالغاندىن كېيىن ئەرەب جەمەتلىرى ئارىسىدىكى

AltunOq

زىددىيەت بىلەن ئىسلام مەزھەپلىرى ئارىسىدىكى كۆرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، نۇرغۇن شائىرلار سىياسىي كۆرەشلەرگە قاتنىشىپ كەتتى. ئۇبەيدۇللا بىن قەيس لۇقىياتى (؟ — 694) قۇرەيش ③ قەبىلىسىنىڭ شائىرى بولۇپ، زۇبەيرچىلەرنى ياقلايتتى، خەلىپىلىك قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ زۇبەير ئائىلىسى بىلەن چەكلىنىشى كېرەك، دەپ دەئۋا قىلاتتى. سۈرىيىدە تۇغۇلغان تىلىماخ بىن ھاكىم (؟ - 718) خارىجىلار ④ (خاۋارىجلار) شائىرى بولۇپ، ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ خەلىپە بولۇشقا ھەققى بار، دەيتتى. مۇدار قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان قۇمەيت ئەسەدى (679 — 734) كۇفەدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئەلى ئەۋلادلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شىئەلەرنىڭ شائىرى بولۇپ قالغانىدى. باشقا مەزھەبلەرگە مەنسۇپ شائىرلارمۇ كۆپ ئىدى.

ئەمەۋىيلەر ھۆكۈمدارلىرى خەلىپىلىك ئورنىنىڭ قانۇنىيلىقىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۆزلىرىنى مەدھىيىلەتتىش ئۈچۈن، يۇقىرى ئىنئاملار بىلەن شائىرلارنى ئۆزلىرىگە تارتاتتى، شۇڭلاشقا سىياسىي شېئىرلار بەك ئەۋج ئالغانىدى. شائىر ئەختەر (640 — 708)، فارازداق (641 — 733) ۋە جەرىر (653 — 733) لەر سىياسىي شېئىرچىلار بولۇپ، سارايىنى (ئوردىنى) مەدھىيىلەيتتى. ئەمما ئۇلار ھەجۋىي شېئىرلار، مۇنازىرىلىك شېئىرلىرى بىلەنمۇ مەشھۇر ئىدى.

بۇ دەۋردە ھەجاز⑤ تەرەپلەردە مۇھەببەت شېئىرلىرى ئەۋج ئالغانىدى. شائىر جەمىل (؟ — 701) بىلەن شائىرە لەيلانىڭ (؟ - 695) ئىشقى - مۇھەببەت شېئىرلىرى ساددا، سەمىمىي، تەمكىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، سەمىمىي كۆچمەن - چارۋىچى خەلقلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان لىرىك شېئىرلار ئىدى. مەككە شائىرى ئۆمەر بىن ئەبى رەبىئە (644 — 711) نىڭ كۆپرەك ئەسەرلىرى ئايالالارنى تەسۋىرلەيدۇ، ئۆز دەۋرىدىكى ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلگەن شەھەر ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، شاللاق شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىشقى شېئىرلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «قۇرئان» ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ۋە ھوقۇق كىتابى، شۇنىڭدەك تۇنجى ئەرەب تىلىدىكى يېرىك نەسرىي ئەسەر. ئۇنىڭ تىلى راۋان ئىدى، شۇڭا ئۇ ستىلىستىكا، قاپىيە جەھەتلەردە كېيىنكى نەسرىي ئەدەبىياتنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالدى. كېيىنكى ئەدەبىي ئەسەرلەر «قۇرئان» نىڭ مەزمۇنىدىن نەقىل سۆپىتىدە پايدىلاندى. بۇ ئەرەب ئەدەبىياتى، شەرق ئەدەبىياتى ھەم شەرقىي ئافرىقا سۋاھىلى تىلى ⑥ رايونىنىڭ ئەدەبىياتىغىمۇ ئىنتايىن زور تەسىر قىلدى.

ئابباسىيلار دەۋرى ئەدەبىياتى (750 — 1258): ئابباسىيلار سۇلالىسى يۇكسەك دەرىجىدىكى فېئودال مۇستەبىت دۆلەت بولۇپ، 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىت بۇ سۇلالىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەم مەدەنىيەت جەھەتتە تازا گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. خەلىپە مەمۇن دەۋرى (813 — 833) ئىسلام مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. خەلىپىلىك تېررىتورىيىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن

ئاببا‌سىيلار ئەدەبىياتى باغداد ئاببا‌سىيلىرى ئەدەبىياتى (ئاببا‌سىيلار سۇلالىسى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى)، ئىراندىكى بۇۋەيھىلەر ⑦ ئەدەبىياتى، سۇرىيەدىكى ھەمەدانىلار ⑧ ئەدەبىياتى ھەمدە مىسىر، غەربىي ئافرىقىدىكى پاتىمىلەر ⑨ ئەدەبىياتلىرىنى، شۇنداقلا ئەندالۇسىيە ⑩ (ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرى) ئەرەب ئەدەبىياتى (710 — 1492) نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى.

ئاببا‌سىيلار ئەدەبىياتىنى تەرەققىيات يۆنىلىشى جەھەتتىن ئۈچ دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن:

ئاببا‌سىيلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئەدەبىيات ئىدىيە ۋە مەزمۇن، بەدىئىي شەكىل جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش خاھىشىغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئۆسۈۋاتقان دەۋردىكى خەلىپىلىكنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. يېڭىلىق بىلەن كونىلىق ئالمىشىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتقان بەزى يازغۇچى، شائىرلار يېڭى ھايات ھەم ۋەزىيەتنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالىدى. ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ كونا ئەنئەنىۋى چەكلىمىلىرىنى بۆسۈپ تاشلاپ، دىنىنى مەنسىتمىدى. سىياسىي جەھەتتە ئەرەبپەرەسلىككە قارشى تۇرۇپ، ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىنكار قىلدى ھەمدە رېئاللىق ھەققىدىكى نۇرغۇن قاراشلارنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدى. ئاتاقلىق شائىر بەششار بىن بۇرد (714 — 784) ئۆز شېئىرلىرىدا ئىمتىياز ئىگىلىرىگە، ئەرەب ئەنئەنىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، جەمئىيەتكە نىسبەتەن نارازىلىقىنى ئىپادىلىگىنى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلدى. شائىر ئەبۇنۇۋاس (762 — 814) يازغان قەسىدىلىرى ئۈچۈن سارايىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ «مەيخورلۇق» دېگەن مەشھۇر شېئىرىدا ياشلىق، شاراب ۋە مۇھەببەت مەدھىيىلىنەتتى. ئۇ ئىشق ھۇزۇرىدىن ئىمكان قەدەر پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، دىنىي ياساقلار (نەھىيىلەر) گە قارشى چىقتى. شائىر ئەبۇ ئەتاھىيە (748 — 825) دەسلەپ نۇرغۇن قەسىدە ھەمدە مۇھەببەت، مەي ھەققىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى، كېيىن ئۇ دەرۋىش بولۇپ، تەركىدۇنيالىق ۋە زاھىدلىقنى تەرغىب قىلىدىغان نۇرغۇن پەندنامىلەرنى يازدى. ئۇنىڭ شېئىرى تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقلەرنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى، ئۈمىد ۋە تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئىبنى مۇقەففە (724 — 759) نەسرلەر توپلىمى «كىچىك ۋە چوڭ ئەدەبلەر» دە ئۆزىنى تەربىيىلەشنى، نەپسىنى كونترول قىلىشنى، كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىش يوللىرىنى، ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ سۆزلەشكە كەڭ يول ئېچىپ بېرىشلىرىنى، ئىقتىدار ئىگىلىرىنى خىزمەتكە تەيىنلەشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەڭلىك بەرپا قىلىدىغان غايىسىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ نەسرلىرى راۋان بولۇپ، ئۇسلۇبىمۇ گۈزەلدۇر.

9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شائىرلار قەدىمكى شېئىرلارنى قەدىرلەپ، كۆچىنىڭ بارىچە ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ئالدىنقى دەۋردىكى يېڭىلىق يارىتىش روھىغا سېلىشتۇرغاندا، ئارقىغا چېكىنگەنلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ شېئىرىدا يۇنان پەلسەپىسى بىلەن ئىران ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىمۇ كۆ-

رولدى. شائىر ئەبۇ تەممام (788 — 846) نىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن قەدىمكى شەكىلدىكى قەسىدىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، سۆز ئىبارىلىرى پاساھەتلىك بولسىمۇ، بەزىلىرى چۈشىنىكسىز ئىدى. نەسرىي ئەسەر يازغۇچى جاھىز (775 — 868) «بېخىللار تەزكىرىسى»، «ئىلىم ۋە ھايۋانات» «بەدىئىيەت ۋە ئىزاھلاش» دېگەن ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەسىرى سىتىلىستىك ئۆلچەم ۋە ئۇسۇل ھەممە ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە ئوبزورچىلىقىدا مۇھىم ئەسەردۇر.

10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئاببااسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدە ئەرەب ئەدەبىياتى تىل جەھەتتە پاساھەتلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى، بۇ ھال 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى. شائىر مۇتەنەببى (915 — 965) نىڭ ئەسەرلىرى قويۇق مىللىي تۈسكە، كۈچلۈك پەلسەپىۋى ئىدىيىگە ئىگە بولۇپ، كۆپ سۆز - ئىبارىلىرى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ماقالىلار، تۇراقلىق ئىبارىلەرگە ئايلانغانىدى. ئەبۇل فەراس ھەمەدانى (932 — 968) نىڭ «رۇم توپلىمى» دا ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىنكى دەرد - ئەلەملىرى بىلەن ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىشى ئىپادىلەنگەن. شائىر ئەبۇ ئەلا ئەل مەئەررى (973 — 1057) نىڭ «سىگنال ئوتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «لۇزۇمىيات»، «ئەپۇنامە»، «باب، پەسىللەر ۋە مەقسەت» ناملىق نەسرىي ئەسەرلىرى پەلسەپىۋى قائىدىلەرگە تولغانىدى. ئۇ دىنغا، ھايات ۋە كائىناتقا تەنقىدىي كۆز بىلەن قاراپ، ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان نەرسىلەرگە يۈرەكلىك ھالدا گۇمانلىق قارىغان بولسىمۇ، تولىمۇ چۈشىنىكسىز جۈملىلەردىن قۇتۇلالماسلىق كېسىلىگە مۇپتىلا ئىدى. ئىبنى فەرىد (1181 —1234) ئىسلام تەسەۋۋۇپچىلىرىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ «مەدھى شاراب» ۋە «سىرلىق جەريان» قاتارلىق داستانلىرى بار. نەسرىي ئەسەرلەرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىبنى ئامىد (؟ — 970) بىلەن قازى پازىل (1134 — 1199) لارنىڭ ئەسەرلىرى قەدىمكى مىساللار، ئومۇنىملار ۋە كىنايىلەر تەتبىقلانغان ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئاببااسىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتا شېئىر كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئىگىلىدى ھەمدە يېڭىلىق يارىتىلدى. ئەندالۇسىيىدە مۇۋەششەھلەر مەيدانغا چىقتى. شېئىرىيەتتە خىلمۇخىل تېمىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ساراي ھاياتى ۋە ئىشقى - مۇھەببەتنى تەسۋىرلەيدىغان شېئىرلار كەڭ تارقالدى. مەكتۇپ، مۇلاھىزە، ھېكايە، مۇقامالارغا ئوخشاش قاپىيىلىك يېزىلغان نەسرلەرمۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلدى.

ئاببااسىيلارنىڭ دەسلەپكى داڭلىق نەسرىي ئەسىرى «كەلىلە ۋە دەمنە» ⑪ بولۇپ، بۇ كىتابتا قۇش - ھايۋاناتلار تۇرمۇشىنى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئەخلاقىي كۆز قارىشى ۋە جاھاندارچىلىق ساۋاقلىرى ئىپادىلەنگەن، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتەك سىياسىي مەقسىتى ئىزھار قىلىنغان. ھېكايىلار توپلىمى «ئانتارا تەزكىرىسى» دە جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشىغان شائىر چەۋەنداز ئانتارانىڭ چەۋەندازلىقى، جەڭ ماھارىتى، كۈچلۈكلەرنى بېسىپ ئاجىزلارغا ياردەم بەرگەنلىكى، ئەركىنلىك ئىزدىگەنلىكى، بىر نەۋرە سىڭلىسى

ئاپراي بىلەن بولغان ئىشقى - مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن.

ئاببىاسىيلار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماقامە ⑫ شەكلىدىكى ئەسەرلەر، يەنى قاپىيىلىك يېزىلغان ھېكايىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. دەسلەپ بەدىئۇززامان ھەمەزانى (969 — 1107) تۆت يۈز پارچە ماقامە يازغان، ئەمما ئۇنىڭدىن پەقەت 51 پارچىسىلا ساقلىنىپ قالغان. خەرىرى (1054 — 1122) ئەللىك پارچە ماقامە يازغان.

ئاببىاسىيلار دەۋرىنىڭ يەنە بىر داڭلىق ئەسىرى «مىڭ بىر كېچە» دۇر. «مىڭ بىر كېچە» ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇرەككەپ مەنزىرىسىنى جانلىق تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ پىكىر - ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەندالۇسىيە يازغۇچىسى ئىبىن تۇفەيل (ۋاپاتى 1185 - يىلى) ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى رومانى «ھاي بىن يەقزاننىڭ ھېكايىلىرى» ئارقىلىق ئىنسانىيەت، تەبىئەتنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، ئەقىل - ئىدراكنىڭ رولىنى تەكىتلەيدۇ.

ئەندالۇسىيە شائىرلىرى ئەرەب شېئىرلىرىنى ساز بىلەن ئوقۇشقا تېخىمۇ لايىقلاشتۇرۇشتى. شېئىرنىڭ يېڭى بىر تۈرى «مۇۋەششەھ» نى ئىجاد قىلىپ، ئەنئەنىۋى ۋەزىن (تۇراق) لارنى داۋاملاشتۇردى، قاپىيىلەرنى مۇناسىپ ئۆزگەرتىش يولى بىلەن ئەرەب ئەللىرىنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان ئەركىنرەك شېئىر شەكلىنى يارىتىشتى. ئەندالۇسىيە ئاپتورلىرىدىن ئىبىن خەلدۇن (1332 — 1406) مۇقدام مۇئافىر فەرىزىنى «مۇۋەششەھ» نىڭ ئىجادچىسى دەپ قارايدۇ.

تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئەرەب ئەدەبىياتى (1258 — 1798): سىياسىي جەھەتتە بۇ دەۋرنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن: موڭغۇللار دەۋرى (1258 — 1516). 1258 - يىلى ھۇلاكۇ باغدادقا بېسىپ كىرىپ ئاببىاسىيلار سۇلالىسىنى يوقاتتى. موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى جايلاردا ئەرەبچە ئەسەرلەر تامامەن دېگۈدەك يوقىتىلدى، ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە سۆزلەشكىمۇ ئىمكانىيەت قالمىدى. ئەمما مىسىر ۋە سۈرىيەدىكى مەملۇكىيلەر ⑬ (1250 — 1517) دە ئەدەبىي پائالىيەت بىر قەدەر راۋاجلىنىپ، شائىر فۇسۇلى (1211 — 1276) مەيدانغا چىققانىدى. ئۇ مىسىرنىڭ دەھلاس دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئاتاپ يازغان قەسىدىسى دىنىي شېئىر بولۇپ، كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

تۈركلەر دەۋرى (1516 — 1798). بۇ دەۋر 1516 - يىلى ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ سۈرىيەنى ئالغان ۋاقتىدىن باشلاپ، 1798 - يىلى فرانسىيە ئىمپېراتورى ناپالېئوننىڭ مىسىرنى ئىستېلا قىلغىنىغا قەدەر داۋام قىلدى. ئەدەبىياتتا تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەرەب ئەللىرىگە زوراۋانلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئەرەب خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، پانىي دۇنيانى ئىنكار قىلىدىغان نېگىلىزم ئىدىيىسى پەيدا بولغانىدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئەرەب تىل - ئەدەبىياتىنى بوغۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب ئەدەبىياتى شۇندىن باشلاپ ھوشىغا كېلەلمىدى. بۇ دەۋر ئەرەب ئەدەبىيات تارىخىدا «زوراۋانلىق دەۋر» دەپ ئاتالدى.

(داۋامى بار)

## ئىزاھلار

① يەۋم (كۈن) — ئەييام دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

② مۇئەللەقات (مۇئەللەقە) — ئاسما مەنىسىدە بولۇپ، ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەب شائىرلىرىنىڭ كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويغان داڭلىق 7 قەسىدىسى ياكى بۇ قەسىدىلەردىن بىرى.

③ قۇرەيش — ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

④ خارىجىيلار (خاۋارىجلار) — خەلىپە ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى بىر تەرەپ قىلىش، ھەكەم (ھۆكۈم قىلغۇچى) بەلگىلەشكە قارشى چىققانلار.

⑤ ھەجاز — سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ بىر ئۆلكىسى.

⑥ سۇاھىلى تىلى — تانزانىيە، كىنىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ رەسمىي تىلى.

⑦ بۇۋەيھىلەر — جەنۇبىي ئىران ۋە ئىراقتا ھۆكۈم سۈرگەن شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ خاندان.

⑧ ھەمەدانىلار — سۈرىيىدە ئىخشىدىلەردىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، 70 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن خاندانلىق.

⑨ پاتىمىيلەر — 10 - 12 - ئەسىرلەردە شىمالىي ئافرىقىدا شىئەلەر قۇرغان خاندانىنىڭ نامى.

⑩ ئەندالۇسىيە — ئىسپانىيىدىكى بىر تارىخىي رايون. 8 - ئەسىردە ئەرەبلەر ئىسپانىيىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىنى ئەندۇلۇس (ئەندالۇسىيە) دەپ ئاتىدى.

⑪ «كەلىلە ۋە دەمنە» — ھايۋانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئەخلاقىي نۇقتىدىن يازغان مەسەللەر كىتابى. ئەسلى ھىند پەيلاسوپى بىدباي تەرىپىدىن سانسكرىتچە يېزىلغان.

⑫ ماقامە — كىشىلەرنىڭ سۆزلىشىش تەقلىدىگە ئاساسلانغان ھېكايە شەكلى.

⑬ مەملۇكىيلەر (1250 — 1517) — مىسىر، سۈرىيە، ھىجاز ۋە جەنۇبىي ئاناتولىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەت.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ياقۇپ.

---

### كىتابخانلار دىققىتىگە!

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانىنىڭ 154 - بېتىدىكى «3-سانغا تۈزىتىش» نى «2-سانغا تۈزىتىش» دەپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

AltunOq



شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىر ئوقۇماقتا.



شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇكېرىم خوجا، ئىمىن تۇرسۇنلار بىلەن بىللە.



شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ يازغۇچى، شائىرلار بىلەن بىللە.



شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇۋېلى جا -
رۇللا يوپ بىلەن بىللە.



《塔 里 木》　文学月刊　（维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1989 ـ يىل 4 ـ سان (338 ـ سان)، 39 ـ يىل نەشرى.
ئۆزگۆچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورو، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：　CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 ـ 1010 / I.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن.